# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى





M130 قەبرە | M90 قەبرە

M67 قەبرە | M21 ئارجاستى





2009 1

吐鲁番学研究

Turpanological Research

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى



▲ ئۇزۇن كۆزلۈك مىس پالتا M33:1

▲ سېۋەت M90:8





◀ M19:2 مىس پىچاق

مىس ئېغىزدۇرۇق M163:3

▼



مىس پىچاق M90:7 ▼



M90:12 غۇڭقا ▼



شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2009-يىل 1-سان

**تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى**

(ئومۇمىي 19-سان)

# مۇندەرىجە

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى «تۇرپاندىن يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملار» ئىچىدىكى قەدىمكى باسما نۇسخا ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (1)

ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق ۋە «مەجمۇئەتۇل-ئەھكام» ناملىق ئەسەر توغرىسىدا ...... ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق (7)

ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان غۇز-قاڭقىلارغا خاس ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى ھەققىدە ...... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (14)

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

بولاڭ-تالاڭ قىلىنغان تاشكېمىرلەر ...... تاڭ دۇڭ (33)

ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى ...... غەيرەتجان ئوسمان (54)

• تۇرپان ...... ئەمەل ئەسىن (87)

## يىپەك يولى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر

يابلاق يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش تارىخى توغرىسىدا ...... ماھىنۇر غوپۇر (96)

كارىز كولاش تەشمە قېزىشتا چىراق نۇرىنىڭ رولى ...... ئابلىم قەييۇم (103)

## قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

• قوچو-ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات (106)

شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى كۇتۇپخانىچىلىقى ...... مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان (113)

## قوچو ئۇيغۇرلىرى تەتقىقاتى

• قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما ...... تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (117)

فرانسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق (گېك شىمىن) ...... ھەبىبۇللا خەلىلۇللا (127)

## يەر ناملىرى تەتقىقاتى

«تەكلىماكان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ...... غالىب بارات ئەرك (137)

خوجىلار جەمەتى ۋە خوجىلار دەۋرى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... ئابلەت نۇردۇن (147)

**تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:**

ئابلا قاسىم

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى**

ئابلىم قەييۇم

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

**باش مۇھەررىرى:**

ئابلىم قەييۇم

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:**

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان

ئالىي مۇھەررىر

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

**تەھرىرلىرى:**

ئابدۇكۆل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۇمەرجان ئابدۇقادىر

**مۇقاۋىنىڭ 1- ۋە 4- بېتىدە:**

تۇرپان ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان غۇز-قاڭقىلارغا خاس ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

# Turpanlogical Research NO 1.2009

## Contents

### Cultural relic Reseach


"Turpan Collections" of the ancient printed version in the Berlin Germany……Abdukeyum Mijit(1)
On the Uighur Calendar And 《Majmuatul Ahkam》……Arkin Eminniyaz (7)
Yang-Hai tombs were unearthed and Reflected the material Civilization in souvenirs of kankil……Abliz Muhammad(14)


### Turpanological Reseach


By looted Caves……TangTong(33)
Brief History Memorandum of Uighur folk belief culture…… Ghayratjan Osman(54)
Turpan……Amal Asin(87)


### Silk Road and explorers


On the opened History of Prairie Silk Road……Mayunir Ghupur(96)
Lighting is play the role on excavate Kariz……Ablim keyum(103)


### Qoqo Uighur Culture Reseach


The characteristics of Qoqo Uighur Culture……Axrap Abdulla(106)
Library Science of the Western Regions in the Buddhism period ……Minawar Abdurahman(113)


### Qoqo Uighurs Reseach


On the Comparative Study of Qoqo Uighur Kings ……Tursun Hoxur(117)
Uighur Studies in France…… Gengshimin(Translator:Habibulla Haliwulla)(127)


### Place name Reseach


On the Khoja families and Khoja period……Ablat Nurdun(137)
On the place name of Taklimakan……Alip Barat Ark(147)

# گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى «تۇرپاندىن يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملار» ئىچىدىكى قەدىمىي باسما نۇسخا

پېتر زىمې (گېرمانىيە)

تەرجىمان: ئابدۇقېيۇم مىجىت

[تەرجىماندىن ] بۇ ماقالىدە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان، قەدىمكى مەتبەئەدە بېسىلغان يازما يادىكارلىقلار ۋە ئۇنىڭ مەتبۇئات-نەشرىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم رولى بايان قىلىنغان. ئەمما ماقالىدا كورىيىدە بايقالغان بۇددا نومى دۇنيادىكى ھازىرغا قەدەر بايقالغان ئەڭ قەدىمكى مەتبەئەدە بېسىلغان يادىكارلىق ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ئېلىمىز شىنجاڭ ۋە سەنشىدىن ئاللىقاچان ئەڭ دەسلەپكى مەتبەئەدە بېسىلغان يادىكارلىق تېپىلغان بولۇپ، مەتبەئە تېخنىكىسى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن، بۇ شۈبھىسىز.

مەتبەئەنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قەيەردە، قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش يوق. 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ستەيىن دۇنخۇاڭ موگاۋ تاش غارىدىكى نوم ساقلاش ئۆيىدىن «ئالتۇن يارۇق»نىڭ بىر پارچە نۇسخىسىنى تاپقان. «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خاتىمىسىدە تاڭ سۇلالىسى شيەنتۇڭنىڭ 9-يىلى (868-يىلى) دېيىلگەن بولۇپ، سىچۇەندە بېسىلغان①. بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئەدە بېسىلغان يادىكارلىق دەپ قارالغان ئىدى.

1966-يىلى كورىيىنىڭ نەنچىڭ ۋىلايىتىدىكى دۆلەت بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى ساكيا مۇنارىنى قايتا رېمونت قىلىۋاتقاندا، تاش مۇناردىن ياغاچ ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان «无垢净光大陀罗尼经» نومى تېپىلغان، دەۋرى 751-يىلىدىن بۇرۇن بولۇپ② ، بۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «ئالتۇن يارۇق»تىن يۈز نەچچە يىل، ياپونىيىدىكى ئەتىۋارلىق نۇسخا «无垢净光大陀罗尼经» دىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن③ .

مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى مۇئەييەن تېخنىكا ئالدىنقى شەرتىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ياغاچ ئويمىدىن باشقا يەنە ھەرخىل مەتبۇئات ماتېرىياللىرى بولۇشى كېرەك. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100-يىللاردىن سەل ئىلگىرى يەنى 105-يىلى جۇڭگولۇقلار قەغەزنى كەشپ قىلدى، بۇ كەشپىيات مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى④. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 7-8 ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، جۇڭگودا ئويما مەتبەئە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. قەدىمدە

شەرقتىكى رايونلاردا باشقا يېزىقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى خۇددى باھار شامىلىدەك دۇنيانى سىپاپ ئۆتۈپ، ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قوشنا ئەللەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئادەم ئايىقى تەگمىگەن تارىم ئويمانلىقىدا، تاشلىۋېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 19-ئەسىردىن باشلاپ قېزىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. كىشىلەرمۇ ئۇزۇن يىل كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيەتنى قايتىدىن تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بېرلىن فولكلور مۇزېيىنىڭ تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئېۋەتكەن قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇلار قېدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ھۆججەت-ماتېرىياللار ۋە ۋەسىقە پارچىلىرىنى بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇ يەر 1912-يىلى شەرق كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بازا ئىدى. گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە مەركىزىي تەتقىقات ئورنى تۇرپان تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ستېينىتز ( wolfgang Steinitz) بىلەن گېئورگ خازاي ( Georg Hazai) لار ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرق قەدىمكى زامان تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىششى بىلەن داۋاملىق تۈردە يىغىپ ساقلانغان ئوردۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، سۇرىيە تىلى ۋە تۈبۈت تىلىدىكى ۋەسىقىلەرگە قارىتا كاتالوگ تۈزۈپ چىقىپ، داۋاملىق رەتلەپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرمۇ داۋاملىق تۈردە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئىلىم ئەھلى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەسەرلەر مەيلى دىن، ئەدەبىيات ياكى جەمئىيەت تارىخى جەھەتتە بولسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بۇددا دىنى پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە يىغىپ ساقلانغان 2000 پارچىدىن ئارتۇق تۇرپان مەتبەئە نۇسخىسىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى، بۇددا نوم-سۇترالىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى بولۇپ، بېسىلغان ۋاقتى 9- 14-ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە مەتبەئە نۇسخىسىدىكى ۋەسىقىنىڭ خاتىمە قىسمىدىن ئۇلارنىڭ ئېنىق ۋاقتىنىڭ تەخمىنەن موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (13-14 ئەسىر) ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. كارتېر (Thomas Francis Carter) بۇ مەتبەئە نۇسخىسىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بېسىلغان ئورنىنىڭ تۇرپان بوستانلىقى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ[5] . ئەمما بىۋاسىتە ئىسپاتلاشقا يەنىلا ئاساس يېتەرلىك ئەمەس. مۇقەددىمە قىسمى بېرىلگەن مەتبەئە نۇسخىسىدىكى ۋەسىقىلەر كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا پايتەخت (چوڭ پايتەخت، بۈگۈنكى بېيجىڭ) ياكى گەنجۇدا بېسىلغان دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگونىڭ

جەنۇبىدىكى فۇجيەندىن كەلتۈرۈلگەنلىرىمۇ بار⑥. شۇڭلاشقا تۇرپاندىن تېپىلغان مەتبەئەدە بېسىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ بېسىلغان ئورنىنى بېكىتىش ھازىرچە تەسكە توختايدۇ. ئەمما تۆۋەندىكى كۆزقاراش بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولۇپ، موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت ئىبادەتخانىسىدىكى باسما رەستىسى ۋە باشقا باسما ئورۇنلىرى ھاۋالە بويىچە خەنزۇ تىلىدىن باشقا تىللاردىكى مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسىدىكى نوملارنى باسقان. قارا شەھەردە（黑城）بولسا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، غەربىي شيانىڭ مەتبەئە بۇيۇملىرى ئەينى چاغدا مۇشۇ يەردە بېسىلغان، چۈنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا بۇ يەردىن ياغاچ ئويما تامغا تېپىلغان. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۈستىگە ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان ياغاچ تامغا ھەرپى مەتبەئەنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دۇنخۇاڭدا بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى مەتبەئە تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تامغا مەتبەئە تېخنىكا سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ⑦.

ئەڭ دەسلەپ ۋون. گابائىن (A.von. Gabain) سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان، بېرلىندىكى تۇرپان مەتبەئەدە بېسىلغان ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياغاچ ئويما ھەرپلىك تامغىدا بېسىلغان⑧، چەمبەر شەكىللىك تۆشۈك تېشىپ ۋە كېپىنەك شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈپلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاق بەتلىك مەتبەئەدە بېسىلغان ۋەسىقىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر قىسىم تىلتۇمار، كالېندار ۋە رەسىم تۈرىدىكى ۋەسىقىلەردۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا بايقالغان ھەرقايسى تىللاردىكى ياغاچ ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، توخرى تىلى ۋە سۇغد تىلىدىكى ۋەسىقىدىن بىرەر پارچىمۇ تېپىلمىدى. گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملار ئىچىدە، ياغاچ تامغا مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ تىلى كۆپ خىل بولۇپ، براھمىي يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى قوشۇپ يېزىلغان سانسكرىت تىلى، تىبەت يېزىقى قوشۇپ يېزىلغان تىبەت تىلى، خىتان يېزىقى قوشۇپ يېزىلغان خىتان تىلى؛ ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى ۋە باسپا كاتەكلىك ھەرپى قوشۇپ يېزىلغان گالكا موڭغۇل تىلى؛ براھمىي يېزىقى، ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقى قوشۇپ يېزىلغان قەدىمكى تۈركىي تىلى ۋە خەنزۇ يېزىقى قوشۇپ يېزىلغان خەنزۇ تىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ئىككىسى يەنى قەدىمكى تۈركىي تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، نەچچە مىڭ پارچە ۋەسىقىدىن ئاشىدۇ. ئەمما خىتان تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر ناھايىتى ئاز، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ تۇرپان بىلەن كەمدىن كەم ئالاقە قىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. موڭغۇل تىلى ۋە تىبەت تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس، ئەمما بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، ئۇنىڭدىن باشقا سانسكرىت تىلىدىكى ۋەسىقىلەرمۇ نىسبەتەن ئاز، ھازىرغا قەدەر مەلۇم مىقداردىكى خەنزۇچە ۋەسىقە پارچىلىرىلا رەتلىنىپ چىقىلدى ۋە كاتالوگى تۈزۈپ چىقىلدى.

گەرچە قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى مەتبەئە نۇسخىلىرىنىڭ كاتالوگى تۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تاللاش ۋە رەتلەش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇر مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئالاقىدار نۇرغۇن

مەسىلىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىنچىكە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى. گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى كۆپ قىسىم كېيىنەك شەكلىدە تۈپلەنگەن ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا نوم-سۇترالىرىنىڭ پارچىلىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر قىسمى خەنزۇچە مەخسۇس سۇترالاردىن تەرجىمە قىلىنغان ۋەسىقىلەردۇر. بۇ تەرجىمە ماتېرىياللار ئەسلى ئەسەرگە قارىتا ئازتولا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، «ئامىتا يۇر-دىيانە سۇترا» دىكى ئامىتا قەسىدىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەردىكى راھىبىنىڭ تىلىنى قاپىيە شەكلىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن⑨ . خەلق ئىچىدە بۇددا مۇخلىسلىرى ئالاھىدە چوقۇنىدىغان بالا-قازادىن ساقلايدىغان «شىمالىي قۇتۇپ يەتتە يۇلتۇز سۇترىسى» بار بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى نۇسخىسى 14-ئەسىردە قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلدا تەرجىمە قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان، ئۇ تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كېيىن تىبەت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ياغاچ تامغىلىق مەتبەئەنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا رەسىملىك تاق بەتلىك مەتبەئە بۇيۇملىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ياغاچ تاختا ئۈستىدىكى قاپارتما بۇددا پورترىتىنى قايتا باسقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇددا پورترىتىنى يالغۇز باسقىلىمۇ ھەم قاتار قىلىپ باسقىلىمۇ بولىدۇ. تۇرپاندىن بايقالغان بىر بۇددا، ئىككى بۇدساتۋا شەكلىدىكى رەسىملىك مەتبەئە باسما پارچىسى كۆپ پورترېتلىق مەتبەئە بۇيۇمىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئەمما دۇنخۇاڭدىن بايقالغان بۇ تۈردىكى تاق بەتلىك مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس.

رەسىم بىلەن يېزىقنى كىرىشتۈرۈش شەكلىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كىتابنىڭ باش قىسمىغا بىر ۋاراقلىق ياكى كۆپ ۋاراقلىق رەسىم بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تۈردىكى كىتابنىڭ بېشىدىكى قىستۇرما رەسىمدە ئاساسەن نوم-سۇترالاردىكى مۇھىم پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، خۇددى كارتېر (Tnomas Francis Carter) ئېلان قىلغان ياغاچ ئويما رەسىمگە ئوخشاش⑩ . لورى ساندېر ( Lore Sander) ۋە مېنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتىمدىن كۆرسىتىلىشىچە، بۇ بىر پارچە مەتبەئە بۇيۇمى ئەمەلىيەتتە «ئارىيا-ئاپارامىتا يۇرجمانا - ماھايانا- سۇترا» (parami tayurjmana - mahana - sutra Arya-A) نىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلى تەرجىمىسىنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن قىستۇرما رەسىم ئىكەن° . بۇ بىر پارچە تىبەتچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلىنغان موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسى (13-14 ئەسىر) دىكى تىپىك ئەدەبىي مىراستۇر. بىرىنچى ۋاراق بىرقەدەر (توغرىسىغا تۆت قاتلانغان) مۇكەممەل ساقلانغاندىن باشقا، قالغان قىسىملىرى چىرىپ پۇرچۇلۇپ كەتكەن. كىتابنىڭ بېشىدىكى قىستۇرما رەسىم ھەققىدە خۇددى «گاربھا-پارىمۇكانا-سۇترا» (Garbha-parimocana-sutra) غا ئوخشاش، ھازىرغا قەدەر ئىلىم ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. كىتابتىكى بۇ قىستۇرما رەسىمنىڭ باشقا رولى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى رەسىمدە بۇددا مۇرىتى ئانەندانىڭ قانداق قىلىپ بۇددا (佛祖) ئۆگەتكەن سېھىرگەرلىكتىن پايدىلىنىپ، بوغاز بوغنى ئوخشۇشلۇق توغدۇرغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە تەسۋىرلەنگەن.

قىستۇرما رەسىمنى بېسىشنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ باسقۇچى رەسىم ۋە يېزىقنى دەلمۇ-دەل بىرلەشتۈرۈش بولۇپ، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولسا، رەسىمنى

ھەربىر بەتنىڭ ئۈستىدىكى 2/3 قىسىم ئورۇنغا قويۇپ، ئەتراپىغا رامكا سىزىلىدۇ. ئەمما رەسىم بىلەن يېزىق يېرىمدىن بەت ئىگىلەيدىغان ئەھۋالمۇ دائىم ئۇچرايدۇ. پەقەت ۋەسىقىلەردىلا رەسىم پۈتۈن بەت يۈزىنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال بايقالمىدى. قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن ياغاچ ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرىنىڭ ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ئىككى پارچە قىستۇرما رەسىملىك كىتاب ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەزمۇنى قىسقا ھېكايىلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى قىسسە بولۇپ، «شاھزادە سۇددىھانانىڭ» (须大拏太子本生) بۇ قىسسەدە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شاھزادە سۇددىھانانىڭ ھېكايىسى بۇددا ئەللىرىدە قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ بارلىق نەرسىلىرىنى باشقىلارغا سەدىقە قىلىۋەتكەن بولغاچقا شەخسىيەتسىز، مەردانە ئوبراز دەپ قارىلىدۇ. بۇ تەسىرلىك ھېكايە موڭغۇلچە ۋەسىقىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھېكايىدە رەسىم ۋە يېزىق كىرىشتۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

سانسكرىت تىلى موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر بۇددىستلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان تىل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياغاچ ئويمىدا بېسىلغان كېيىنەك شەكلىدە تۈپلەنگەن كىتابلارغا مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى سانسكرىتچە سۆزلەر ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بۇنىڭغا تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىتچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما «文殊所说最胜名义经» مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ بايقىلىشى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مىسال بولالايدۇ. بۇددىزمدىن باشقا ئەسەرلەر ئىچىدە ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغانلىرى نىسبەتەن ئاز، تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بېرلىندىكى بۇيۇملار ئىچىدىكى بىر پارچە موڭغۇلچە كالىندار پارچىسى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە بېسىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ئوخشاشلا ئۇيغۇرچە كالىندار پارچىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەمما ئىككىسى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خەنزۇچە كالېندار شەكلىگە قارىتا ئاز تولا ئۆزگىرىش قىلغان. بۇلاردىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار، موڭغۇللار ۋە تىبەت قەبىلىلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ كالېندارى بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بېرلىندىكى تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىنمۇ بۇ خىلدىكى مەتبەئە نۇسخىسى بايقالدى.

بېرلىندىكى تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە موڭغۇلچە ۋەسىقە پارچىلىرى مەتبەئە بۇيۇملىرى ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرى بولۇپ، ئۇ ئاتاقلىق دىن تارقاتقۇچى بۇددا ساچيا مەزھىپىنىڭ 4 - ئەۋلاد پىرى سابەن. گىگى جيەن زەن (1182 - 1251 - يىللىرى) نىڭ «ساچيا ھېكمەتلىرى (Subhasitaratnanidhi) »نى مەزمۇن قىلغان. بۇ ئەسەر باسباچە، قۇبلاينى ھۆرمەتلەپ ئىجاد قىلغان كاتەكلىك يېزىق بىلەن بېسىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەسىقىلەردىن مەتبەئە تارىخىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ دەلىل - ئاساسلارنى تېپىپ چىقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەتبەئە تارىخىدىكى تېخى يېشىلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز چوقۇم سابان. گىگى جيەن زەنىنىڭ تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزىنى ئەستە چىڭ تۇتىشىمىز لازىم.

- ئۆلىدىغىنىڭنى ئاللىقاچان بىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا چوقۇم بىلىم ئېلىشىڭ كېرەك.

- يۈزەكى بىلىم بىلەن قانائەتلەنگەن

كىشى كەلگۈسىدە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.
بۇ ماقالە گېرمانىيە (قەدىمكى «DasAltertum») دىن تەرجىمە قىلىندى. 1989-يىلى، 35-سان، 190-185 بەتلەر.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① تىۋىتچېت ( D, Twitchett ) : (ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ مەتبەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى «Printing and publishing in Medieval China»)، لوندون، 1983-يىلى، 32-بەت.

② ③ دىرېگې ( J.P.Drege ): (پۈتۈك ۋە مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ گۈللىنىشى «Le livre manuscr it et les debuts de la xylograph hie»)، (يىراق شەرق جەنۇبىي ئاسىيادىكى كىتابلار ۋە مەتبەئە «en Extrema - Orient et en Asie du Sud Le livre et l'imprimrie»)، بوردۇ، 1986-يىلى، 36-بەت.

④ پېللىئوت ( P.Pelliot ) : (جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىشى «Les debuts de lim primerie en dhina» )، پارىژ، 1953-يىلى، 18-بەت. پوكورا ( T.Pokora ) : (دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى قەغەز ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر «Das alteste papier der welt und seine Probleme»)، (قەدىمكى «Das Altertum») 31-سان، 1985-يىلى، 119-113 بەتلەر.

⑤ كارتېر ( Tn. Fr. Carter ) : (جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى «The invention of printing in china and its Spread Westward»)، نيۇيورك ، 1925-يىلى، 102-بەت.

⑥ كارمېي (H.Karmay): (دەسلەپكى خەنزۇ-تىبەت سەنئىتى)، ۋېمىيىست، 1975-يىلى، 48-بەت.

⑦ ماكائىن (F.Macouin) : (ئۇيغۇر ئويما تامغىلىق مەتبەئەسى ھەققىدە مۇھاكىمە «A propos de caracteres dimprimerie oaigours»)، (فىرانسىس كىتابلار تارىخىغا باھا «Revue Francaise d'histoire do livre») 42-سان، 1984-يىلى، 147-بەت.

⑧ ۋون.گابائىن (A.von. Gabain) :(تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى «Die Drucke der Turfan &cnot; - Sammlung»)، بېرلىن، 1967-يىلى.

⑨ پېتىر زىمېي، بەيچى كاگىيى: (ئۇيغۇرچە ئەمىتايۇر - دىيانە سۇترىسى)، توكيو، 1985-يىلى.

⑩ كارتېرنىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 58-بەت، زىلو (Tn. Thilo): (شەرقىي ئاسىيا خەنزۇتىلى سىستېمىسىنىڭ دائىرىگە بۆلىنىشى «Ausbreitung des chinesisdhen Schiftsystemsin Ostasien»)، (قەدىمكى) 31-سان، 1985-سان، 105-بەت.

⓫ لورى ساندىر (Lore Sander) : (‹ئاپارىمىتا - يۇرجنا ناما خازانا سۇترا› تىنتول قىسمى تەكشۈرۈلمەكتە «Towards the Identification of a Frontispiece of the Aparita - yurjnamahazanasutra»)، (دېۋالامىترا خاتىرە توپلىمى «Devalamitra-Festschrift»)، يېڭى دېھلى.

⓬ بوسسون ( J.E.Bosson ) : (ھېكمەتلەر قامۇسى - ساچىيا بەنجىدا (ساچىيا ھېكمەتلىرى) تىبەت - موڭغۇل نۇسخىسى «A Treasury of Aphoristic Jewels: The Subhasitaratnanidhi of Sa-skya Pandita in Tibetan and Mongolian»)، برومىڭتون، 1969-يىلى، 202-بەت.


«لۇڭشى مەدەنىيەت يادىكارلىق - مۇزېيشۇناسلىقى» نىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى
(تەرجىمان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى 6-چوڭ ئەترىتىدىن )
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق ۋە «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» ناملىق ئەسەر توغرىسىدا

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

مىلادىيە 7 ـ ،8 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا ئاسترونومىيە ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر بولغان. پەلەك بۇرۇچلىرى ۋە توققۇز پلانېتا، يەتتە سەييارە يۇلتۇزلار ئۈستىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغان، بۇ يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزنى 12 چاغ 24 ۋاقىت (سائەت)قا، ھەربىر يىلنى 12 ئايغا، 12 يىلنى بىر مۆچەلگە بۆلگەن.

قوچو ئۇيغۇرلىرى يىللارنى 12 مۆچەلگە ئايرىپ، ئۇلارنى كۈسكۈ (چاشقان)، ئۇد ياكى سىغىر (كالا)، بارس (يولۋاس)، (توشقان)، لۇۋ (ئەجدىھا)، يۇنت (ئات)، يىلان، قون (قوي)، مىچىدە (مايمۇن)، تاقىقۇ (توخۇ)، ئىت، لاغزىن (توڭگۇس) دېگەن 12 خىل ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەربىر مۆچەلگە (12 يىلغا) يەنە توپۇ (تۇپراق)، ئالتۇن (ياكى تۆمۈر)، ئوت، سۈپ (سو) قاتارلىق بەش ئېلېمېنتنى بەش قېتىم تەكرارلاپ، ھەرقايسى يىللارنىڭ كەينىگە قوشۇپ (كۈسكۈتوپۇ، كۈسكۈ ئالتۇن، كۈسكۈ ئوت، كۈسكۈسۈپ، ئۇد توپۇ....دېگەندەك)، 60 يىل ھېسابلاپ، ھەر 60 يىلنى بىر دەۋر دەپ ھېسابلىغان.

يەنە بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن بۇ خىل مۆچەل كالېندارى خەنزۇلارغىمۇ تارالغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارى بويىچە، بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار: بىرىنچى ئاي، ئىككىنچى ئاي، ئۈچىنچى ئاي، تۆتىنچى ئاي، بەشىنچى ئاي، ئالتىنچى ئاي، بىر يىگىرمىنچى ئاي، ئىكى يىگىرمىنچى ئاي دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە بىرىنچى ئاي ھىند كالېندارى بويىچە «ئەرەم ئاي»، ئىككى يىگىرمىنچى ئاي (12 ـ ئاي) «چاغسابۇت ئاي» دەپمۇ ئاتالغان. شۇنداقلا بىرىنچى ئاي يەنە قەدىمكى سوغد ـ ئىران ۋە قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە «نورۇزئاي» (يېڭى يىل) دەپمۇ ئاتالغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىدا يەنە بىر يىل ئىچىدىكى 12 ئاينى قوزى، ئۇد، ئاراندېز (جەۋزا)، قوچىق (سەراتان)، ئارسلان، سونبولە، ئۈلگۈ (تارازا)، چازان (چايان)، ياي (ئوقيا)، ئوغلاق، كۆنەك (دەلۋ)، بالىق (بېلىق قاتارلىق 12 يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان بەزى ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى قەدىمىي زاماندا ئوتتۇرا

هىندىستان رايونىدا قوللىنىلغان ساپ هىند ئايلىق كالېندارىنىمۇ ئىشلەتكەن، بۇ كالېندار بويىچە، بىر يىل ئىچىدىكى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ھەرقايسى ئايلار ئۆز تەرتىپى بويىچە چىترا، ۋايساكاما، شەشتىھا، ئاشادھا، سىرابانا، پادراپادا، ئاسۋايىيۇچا، كەرتىكا، مارگاسرا، پاۋۇسھا، ماگھا، پاھالگىنا دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

قوچو ئۇيغۇرلىرىدا بىر ھەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ، ئۇلارنى، باش كۈن (دۈشەنبە)، بوش كۈن (سەيشەنبە)، سولاڭ كۈن (چارشەنبە)، كىچاتنا كۈن (پەيشەنبە)، ئاتناكۈن (ئازنا - جۈمە)، ئاتناراس كۈن (شەنبە)، بازار كۈن (يەكشەنبە) دەپ ئاتايدىغان ۋە سوغدىچە مىر، ماچ، ۋاچان، تىر، ئورمۇزە، ناچىت، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بار ئىدى. قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە يېزىلغان ئايرىم ھۆججەتلەردە يەنە ھازىرقى دۈشەنبە كۈنىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان بىر ھەپتە (يەتتە كۈن) نى شاماش، سىن، نىرگال، نىبۇ، مەردۇك، ئىشتار، نىنىت دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. مىلادىيە 14 - ، 15 - ئەسىرلەردىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇرلىرى يەنە بىر ھەپتە (يەتتە كۈن)نى فەرغ مۇقەددىمە، فەرغ مۇئاخىرەت، رەشا، دەبەئە، بەلىخ، سەئىدۇ، سەئىۋە، ئاقىۋەت دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ كالېندارىدىكى يېشىل، يېشىلراق، قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق، ساغۇچ، ئاق، ئاقۇش، قارا، قارامتۇل قاتارلىق ئون خىل رەڭنى ئىپادىلەشتىن كېلىپ چىققان ئون كۈنلۈك كالېندارنىمۇ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ، قاپ، ئىر، پى، تى، كى، قى، سىن، زىم، كۆي دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان.

مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار خۇددى باشقا جايلاردا ياشايدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا، ھەرقايسى ئايلارنى ئەرەب شەمسىيە كالېندارى بويىچە ھەمەل (1 - ئاي)، سەۋر (2 - ئاي)، جەۋزا(3 - ئاي)، سەراتان (4 - ئاي)، ئەسەد (5 - ئاي)، سۇنبۇلە (6 - ئاي)، مىزان (7 - ئاي)، ئەقرەب (8 - ئاي)، قەۋس (9 - ئاي)، جەددى (10 - ئاي)، دەلۋ (11 - ئاي)، ھۇت (12 - ئاي) دېگەن ناملار بىلەن ھەمدە ئەرەب قەمەرىيە كالېندارى بويىچە مۇھەررەم (1 - ئاي)، سەفەر(2 - ئاي)، رەبىئۇلئەۋۋەل(3 - ئاي)، رەبىئۇلئاخىر(4 - ئاي)، جىمادىلئەۋۋەل(5 - ئاي)، جىمادىلئاخىر(6 - ئاي)، رەجەپ(7 - ئاي)، شەبىئان(8 - ئاي)، رامىزان(9 - ئاي)، شەۋۋال(10 - ئاي)، زۇلقەئىدە(11 - ئاي)، زۇلھەججە(12 - ئاي) دەپ ئاتايدىغان بولغان.

يەتتە كۈننى زوھەل (سەكەنتىر ياكى ساتورىن)، مۇشتىرى (ئوكاي ياكى يۇپىتىر)، مىرىخ (كورد ياكى مارس)، شەمس (يەشىق ياكى قۇياش)، زوھرا (سەۋت، چولپان ياكى ۋېنېرا)، ئەتارود (ئارزۇ ياكى مېركورى)، قەمەر (يالچىق ياكى ئاي) قاتارلىق ئاسماندىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا تەقلىد قىلىپ ئاتىغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى يىل ھېسابلاش جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئورقۇن دەۋرىگە ئوخشمايدىغان زور يېڭى ئىقتىدارلارنى قىلغان. بۇلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مۆچەل ئاساسىدىكى يىلنامە - كالېندار - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلمىي نۇجۇمنى (ئاسترونومىيىنى)

خېلى بۇرۇن ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئەمەلىي ئىزدىنىشلەردە بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى ئىلمىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە مۇكەممەللىكتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يىلنامە - كالېندار - دەرىجە سان بىلەن ئاتالغان ۋاقىت ناملىرىنىڭ رويخېتى بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كالېندار يەنە ۋاقىت بىرلىكلىرىنى ھېسابلاش قائىدىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىشى خىلمۇ خىل بولغانلىقتىن، تۈزۈپ چىققان كالېندارلىرىمۇ خىلمۇ خىل بولغان. بەزى كالېندارلار مەسىلەن، شەمسىيە (قۇياش) كالېندارى قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە (كېچە-كۈندۈزنىڭ، پەسىللەرنىڭ پەيدا بولۇش ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە) ئاساسەن تۈزۈلگەن بولسا، بەزى كالېندارلار مەسىلەن، قەمەرىيە (ئاي) كالېندارى ئاينىڭ ھەرىكىتىگە (ئاينىڭ ئون بەش كۈندە تولۇشى ۋە ئون كۈندە تۇتۇلۇشىدەك ھادىسىلەرگە) ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن. بۇ كالېندارلاردا ھېسابلانغان يىللارنىڭ كۈن سانىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولغان. كېيىن ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋاقىت ھېسابلاشتىكى خاتالىق پەرقى تەدرىجىي ئازايتىلدى ۋە تۈگىتىلدى.

ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىلى دەريا ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار يىل ھېسابىنى بىلىشتە ئادىشىپ قالغان. ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە يول قويماسلىقى ئۈچۈن يىلنامە-كالېندار ئۈستىدە ئويلانغان ھەمدە بىر مەزگىل ئەمەلىي ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىرى ئون ئىككى مۆچەل ۋە يىل تەرتىپىنى ئىختىرا قىلغان. بۇ كەشپىيات ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى غوز ئۇيغۇرلارنىڭ شاھى غازىكەنىنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن ئېچىلغان مەخسۇس قۇرۇلتايدا ماقۇللىنىپ رەسمىيەتلەشتۈرۈلگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇنلۇقىنى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مەشھۇر ئىنسىكلوپېدىست مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە ئىزاھلاپ كۆرسەتسە، تۈركشۇناس نېمىس ئالىمى گابائىن خانىم: «ئۇيغۇرلار كالېندار سىستېمىسى جەھەتتە كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ئىختىرا قىلغان» دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان كالېندارنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى ئورقۇن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا پۈتۈلۈشى ۋە تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىچىدە «قوچونىڭ 34-يىلى» دېگەنگە ئوخشاش يىلنامىلەرگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە تۇرپان ئاستانىدىكى 507-نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قوچو خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق ئىزاھلىق كالېندارنىڭ پارچىسى ھازىرغا قەدەر بايقالغان كالېندارلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى كالېندار بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى، تارىخىنىڭ قەدىمكىلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ 18-ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرى تېخى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈلۈپ يورۇتۇلغىنى يوق. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئاز ساندىكى يادىكارلىقلار ۋە شۇ

دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر قىسىم قولىيازمىلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 18 - ئەسىردە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەن، تارىخ، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، پىسخولوگىيە ساھەسىدىمۇ تالانتلىق ئالىملار ئۆتكەن. ئۇلار بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت پائالىيىتىدە ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان. ئەنە شۇ ئالىملاردىن بىرى «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى خوتەنلىك تارىخچى، ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشىدۇر.

مۇھەممەت ئىۋەزنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا ئاساسەن ئۇنى تەخمىنەن 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەندە ياشاپ ئىلمىي ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر شەخس دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مۇھەممەت ئىۋەزنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ئىۋەز ئىبنى مەۋلانا سەدرىددىن قارىقاشى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسى مۇغۇللا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى سەدرىددىن ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان مۇددەرىسلىرىدىن بىرى بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا «مەۋلانا» (موللا) دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئاتالغان ۋە ئۆزىگە «قارىقاشى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغان ئىدى. ئاتىسىدىن بىۋاسىتە تەلىم ئېلىپ يېتىلگەن مۇھەممەت ئىۋەزمۇ «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق قولىيازمىسىدا:

روزئازنە تاففاسەن بىشەك،
ئاخىرەت مۈلكىنىڭ خىراجىنى.
تەبىئىي يەتكۈنچە نەزم ئەيلەپدۇر،
خەستەدىل ھەيرەتى ماچىنى(1).

دەپ يازغان. بۇ قۇرلارغا قارىغاندا ئاتىسىنىڭ نىسبىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «ھەيرەتى» دېگەن پەخرىي تەخەللۇس بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشى يەنى قارىقاشلىق مۇھەممەت ئىۋەز ھەيرەتى دېگەن نام بىلەن چىن (يەنى خوتەن) دە يازغانلىقى مەلۇم.

مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاش ھەيرەتى ئاتىسىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىلىشى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەدەبىيات، تارىخ - تەزكىرە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق ۋە پىسخولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئالىم ۋە شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان.

مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشىنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىدىن بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەنلىرى پەقەت ئىككى چوڭ يىرىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق كىتاب. بۇ مۇئەللىپنىڭ تارىخ ساھەسىدىكى مۇھىم ئەسىرىدۇر.

«مەخدۇم ئەزەم» تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقەلەر ھەم تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. غەربىي يۇرت تارىخىدىكى خوجىلار ھەرىكىتى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر

تارىخنىڭ 17 - ، 18 - ئەسىرلىرىنى يورۇتۇشتا ۋە ئۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى، پەلسەپە ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

3

«مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» (ھۆكۈملەر يىغىندىسى) ناملىق ئەسەر مۇھەممەت ئېۋەزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ خوتەنلىك چورۇق خوجا دېگەن كاتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1241 - يىلى (مىلادىيە 1819 - ، 1820 - يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن كونا ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتايچە قوليازما نۇسخىسى بىلەن باشقا نامەلۇم كاتىپلار تەرىپىدىن «نورۇزنامە» ، «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ، «ئەھۋالى بۇرج» ، «رىسالەئى كەۋاكىبنامە» ، «شەكىلنامە» ، «كۈننامە» ، «يۇلتۇزنامە» ، «يىلنامە» .... قاتارلىق ناملار بىلەن كۆچۈرۈلگەن خېلى كۆپ قوليازما نۇسخىلىرى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكىي ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ قەدىمكىي ئەسەرلەرنى توپلاش - ساقلاش ماتېرىيال ئىسكىلاتىدا ساقلانماقتا. بۇ قوليازمىلار ئاساسەن خوتەننىڭ پاتلىق ئۇجمە قەغىزىگە نەستە تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، تېكىستلار قارا سىياھدا، ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھدا قۇمۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ فورماتى، تېكىستلىرىنىڭ قۇرسانى ۋە بەت سانلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئوخشىماسلىقلار بار.

«مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئاسترونومىيە ئىلمىگە دائىر ئەسەردە ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تىبابەت، پىسخولوگىيە، شۇنىڭدەك ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، يىل، ئاي، كۈن، ھەپتە، ۋاقىت، سائەت ۋە توققۇز پلانېتا، يەتتە چوڭ سەييارە يۇلتۇزنىڭ ھەرىكىتى، يەر شەكلى، يەر تەۋرەش، يۇلتۇزلارنىڭ تەرىپى، كالېندار تۈزۈش، گېئومېترىيە، ئالگېبرا، ئەبجەد ھېسابى، تارىخنى قىسىملارغا بۆلۈش، ئون ئىككى بۇرج، ئون ئىككى مۆچەل ۋە ئىنسان ئورگانىزمىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ھەم پىسخىك ھالەتلەر ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆز قاراشلار بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

4

«مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەردىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى پالچىلىق بىلەن چۈش تەبىرلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە كەلگۈسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى پال سېلىش يولى بىلەن قىياس قىلىپ بېقىش ناھايىتى بۇرۇنلا بارقالغان ۋە ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى، ئەسىرلەر جەريانىدا توپلانغان بۇنداق چۈش تەبىرلىرىدىن يىغىنچاقلانغان پالنامە «ئىرق بىتىگ» ناملىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر بۇنىڭ بىر مىسالى. ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن (1862 - 1943) ئېلىپ كەتكەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىن تېپىلغان 104 بەتلىك بۇ كىتابنىڭ فون. لىكوك (1860 - 1930) تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن تۇرپان تۇيۇق نۇسخىسىمۇ بار. دېمەك، بۇنداق پال تەبىرى كىتابلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خېلى كۆپ كۆپەيتىلگەن ھەم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ يۈزدىن

ئارتۇق پال تەبىرلىرى يىغىنچاقلانغان مۇكەممەل بىر پىسخولوگىيە قوللانمىسىغا ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىرق بىتىگ» بىلەن كونا ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتايچە يېزىلغان «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق بۇ كىتابلار، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق ئۇزاق دەۋرلىك مەنىۋى ھايات تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ناھايىتى ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى تېخىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

«مەجمۇئەتۇل-ئەھكام» ناملىق ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ئون ئىككى مۆچەلدە يەنى يىللارنىڭ ھەر بىرىدە ئۆزگە خاس سىرلىق ھېكمەت بار، كۆرگەن چۈشنىڭ مەلۇم خاسىيەتلىك تەرىپى بار دەپ ھېسابلايدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەنمۇ پال تۇتىدىغان، بەزىلىرىنى ياخشىلىققا، بەزىلىرىنى يامانلىققا بۇيرۇيدىغانلىقى خېلى تەپسىلىي تەرىپلەنگەن. مەسىلەن، كالىنىڭ سوقۇشۇپ ئۆسۈشىدىغان خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، كالا يىلىدا ئۇرۇش كۆپ بولىدۇ؛ ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ؛ توخۇ يەم يەپ تويمايدىغان بولۇپ كۆرۈلگەچكە توخۇ يىلىدا يېمەكلىك مول بولسىمۇ جەڭگى-جېدەل كۆپ بولىدۇ، ئۇزۇقلۇقتا قەھەتچىلىك بولىدۇ، لەھەڭ (ئەجدىھا) يىلى كىرگەندە، لەھەڭ سۇ ھايۋىنى بولغانلىقتىن ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، بەرىكەتچىلىك، مەمۇرىچىلىق بولىدۇ، دەپ ھەر يىلى ئومۇمەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىرەر ئىش بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشەتتى.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسى ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىشەتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چۈش تەبىرلىرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ماھىيەتلىك چۈشەنچىلىرىدە پەرق بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى «ئىرق بىتىگ» نىڭ ۋارىسى سۈپىتىدىكى «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى چاغاتايچە قوليازمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر كىشى چۈشىدە ئالىي كىشىلەر (پادىشاھلار) نى كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە قۇش كۆرسە بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ ئامەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە كۈن، ئاي كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە سېمىز ئات مىنىپ كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە ئورۇق، كېسەلمەن ئات مىنىپ چۈش كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ كۆڭۈلسىزلىككە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر (پەرھىز قىلغاي). ئەگەر كىشى چۈشىدە سېمىز تۆگە مىنىپ چۈش كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇ. ئەگەر كىشى چۈشىدە قوي پادىسى كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ بايلىقى ئاشىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە ئۆزىنى ئۇچۇپ كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ ئىنئاملىق بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كىشى چۈشىدە لاي سۇ كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ بالاغا گىرىپتار بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر (دىققەت قىلغاي). ئەگەر كىشى چۈشىدە قار-يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرسە، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ باياشات بولىدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر

كىشى چۈشىدە ئاياغنى چۈشۈرۈپ قويسا، بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ مەھبۇبىدىن (دوستىدىن) ئايرىلىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر... قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپۋىلىك ئېتىقادلار ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋىلىك كۆزقاراشلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر تۇيغۇسىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىسقىسى، «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەر 18 - ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەبىئىي پەن ھەققىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ئىلغار ئەسەردۇر. مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى بىلىش جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەن. مۇئەللىپنىڭ ئەينى زامانغا خاس بەزى خۇراپىي كۆز قاراشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇھەممەت ئىۋەزنى 18 - ئەسىردىكى ئىنسىكلوپېدىست دېيىشكە بولىدۇ.

«مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنغان ئىلمىي كۆزقاراشلار ئارقىلىق مۇئەللىپنىڭ ئىلىم - پەن تارىخىدىن خېلى ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈما - ئالىملار يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەر بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقانلىقىنى، ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنى پىششىق تەتقىق قىلغانلىقىنى، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەرنى ھىجرىيە 1120 - يىلى (مىلادىيە 1709 - يىلى) خوتەندە يازغانلىقى، بۇ مەلۇماتلار ئارقىلىق ئاپتورنىڭ خوتەندە تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. شۇنداقلا «مەجمۇئەتۇل - ئەھكام» ناملىق ئەسەردىكى مول پەننىي بىلىملەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيە (جۈملىدىن كالېندارچىلىق) تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، فىزولوگىيە بىلىملىرى ساھەسىدىكى تەتقىقات بوشلۇقىنى تولدۇرۇشتا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان غوز ـ قاڭقىللارغا خاس ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

## 1.1 نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى

ياڭخي قەبرىستانلىقى تۇرپان ۋادىسىدىكى ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن قاقاسلىقتا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقا ئورۇنغا بەش كىلومېتىر، شەرقىي جەنۇبى شاھ كەنتى تۆتىنچى گۇرۇپپىغا ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 49 °42 ـ 42 °82 ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 04 °98 ـ 93 °98 غا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىقلار يەر يۈزىدىن سەل ئېگىز كەلگەن ئۈچ پارچە پەلەمپەي يەرگە جايلاشقان. بۇ پەلەمپەي يەرلەر ئۇزۇنچاق شەكىلدە جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، جەنۇپ تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس، يەنى سەل يانتۇ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 54 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۈچ پارچە پەلەمپەي يەر ئۆز ـ ئارا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلارغا قەبرىلەر جايلاشقان. قەبرىلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى شەكىلدە خېلى چوڭ پەرقلەر بولۇپ، قەبرىلەر I ، II، III نومۇرلۇق قەبرە رايونلىرىغا ئايرىلغان. 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق ئەڭ غەربكە جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق ئوتتۇرىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، كەڭلىكى 80 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ①.

1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ جايدا 82 قەبرىنى قازدى، يەنى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن 77 قەبرىنى، 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن بەش قەبرىنى قېزىپ، بىر تۈركۈم قىممەتلىك بۇيۇملارنى تاپتى ② . 2003 ـ يىلى 3 ـ ،5 ـ ئايلاردا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىرلىشىپ، ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا جەمئىي 209 قەبرىنى قازدى.

### 2. بىر قىسىم قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالى

ياڭخيدىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ماددىي مەدەنىيىتى خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇنى نەق

ماددىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىز بىر قىسىم قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ ئەينەن ئەھۋالىغا مۇراجىئەت قىلىمىز:

M21 نومۇرلۇق قەبرىدە 40 ياشلاردىكى بىر ئەر بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىم، پۇتىغا تېرە ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، ئۆتۈك مىس تۈگمە بىلەن بېزەلگەن، بېشىغا بىر ئايلانما قۇلۇلە قېپى بىلەن بېزەلگەن، رەڭدار يۇڭ تور بۆك كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئاستىدا تۆت تال قۇلۇلە قېپى بولۇپ، رەڭدار تور بۆكتىن چۈشۈپ قالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن، ئۇنىڭ بوينىغا ھېقىق، فىرۇزە مارجان ئېسىلغان، بىر قۇلىقىغا ئالتۇندىن، بىر قۇلىقىغا مىستىن ياسالغان دۈگىلەك ھالقا ئېسىلغان، سول قولىغا ياغاچ دەستىلىك مىس پالتا، ئوڭ پەنجىسىنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ئاياغ قاچا قويۇلغان، بېلىنىڭ ئاستىغا ئىككى دانە تېرە قاپ قويۇلغان بولۇپ، ئىچىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا جۇلدىسى يايسىمان مىس پىچاق ۋە مىس بىگىز سېلىنغان. ئوڭ قولىغا دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، يەنى مىس ياپراقچە ئورالغان ياغاچ تاياق تۇتقۇزۇلغان، پۇتىنىڭ ئاستىغا بىر قوينىڭ باش سۆڭىكى قويۇلغان.

M67 نومۇرلۇق قەبرىگە 35 ياشلاردىكى بىر ئەر دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يۇمىلاق ياقىلىق ئالدى ئوچۇق تون ۋە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان تۇتاش ئېغىلىق ئىشتان كىيگۈزۈلگەن. بېلىگە چىرايلىق گۈللۈك كەڭ بەلباغ باغلانغان، پاچىقىغا 3 سانتىمېتر كەڭلىكتىكى بوغقۇچ چېكىلگەن. بوغقۇچقا بىر قاتار كانايچە شەكىلدىكى مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان. پۇتىغا مىس تۈگمە بېزەك قادالغان ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. جەسەت كارۋىتى پۇتىنىڭ ئاستىغا بىر دانە قوينىڭ بېشى قويۇلغان.

M150 نومۇرلۇق قەبرىگە 35 ياشلاردىكى بىر ئەر دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرە تون، ئىچىگە يۇڭدىن توقۇلغان چاپان-ئىشتان، پۇتىغا تېرە ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، پۇتى تەرەپكە يېقىن جايغا بىر قوينىڭ بېشى قويۇلغان. جەسەت يېنىدىن يەنە ياغاچ تاختا، مىس پالتا، يا بىلەن ئوق بايقالدى.

M90 نومۇرلۇق قەبرىگە ئىككى ئەر جەسەت قويۇلغان بولۇپ، بۇ قەبرىدىن ساپال جام، ئىنچىكە تېرە بىلەن تاسما چۆپتىن توقۇلغان سېۋەت، ساپال كومزەك، ياغاچ قوزۇق، قامچا دەستىسى، يۇگەن (بىر يۈرۈش)، تېرە قاپ، يا ئوقى دەستى، ياغاچ بۇيۇم، ياغاچ تەڭنە، غۇڭقا (قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى)، ساداق، ياغاچ بىگىز، تېرە قاپچۇق، توقۇلما بۇيۇم، تېرە كىرىچ تاتقۇچ قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملار چىققان ③ .

M1 نومۇرلۇق قەبرىدە 13 ياشلاردىكى بىر قىز بالىنىڭ جەسەت سۆڭىكى بولۇپ، تىزلىرى پۈكۈلۈپ يېنىچە ياتقۇزۇلغان، قوللىرى قورساق قىسمىغا ياغاچ تەڭنىنى تۇتقان ھالەتتە قويۇلغان، ئۇنىڭ بوينىغا بىر تىزىق (جەمئىي 80 دانە) تاش مارجان ئېسىلغان، بېشىنىڭ يېنىدىن بىر مىس ھالقا بايقالدى. ئۇنىڭ پۇتى تەرەپكە ئالتە تال قۇلۇلە قېپى بىلەن ياغاچ تەڭنە قويۇلغان. لەھەتنىڭ سول تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا قوش قۇلاقلىق ساپال كومزەك قويۇلغان. جەسەت سۆڭىكىنىڭ ئالدىغا ياغاچ ئورچۇق قويۇلغان. ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن قۇلۇلە قېپى، مەرۋايىت مارجان، ياغاچ تەڭنە، قوش قۇلاقلىق ساپال كومزەك، رەڭلىك ساپال جام، ياغاچ ئورچۇق، ئاتنىڭ پۇت سۆڭىكى بار ④ .

### 3. قېزىۋېلىنغان ماددىي يادىكارلىقلار

بۇ قېتىم 1-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 900 دانىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغاچ بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار، ئالتۇن بۇيۇملار، قۇلۇلە قېپى بېزەكلىرى، سۆڭەك بۇيۇملار، توقۇلما بۇيۇملار ۋە تېرىدىن ياسالغان بۇيۇملار بار. تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

(1) ساپال بۇيۇملار

جەمئىي 200 دانىدىن ئارتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان تېگى

قىزىل رەڭلىك ساپال بۇيۇملار كۆپ بولۇپ، قولدا ياسالغان. ئۇلارغا قارا رەڭدە ھەرخىل شەكىلدىكى نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئەگرى سىزىق نۇسخىسى، ھەرە چىشسىمان نۇسخا، دولقۇنسىمان نۇسخا، پەردىسىمان نۇسخا، قاينام ئۆركىشى نۇسخىسىدىن ئىبارەت. ئۇلاردىن باشقا، يەنە تورسىمان نۇسخا، تەتۈر ئۈچبۇلۇڭ نۇسخىسى ۋە تەتۈر ئۈچبۇلۇڭ شەكلى تۈۋەنگە تىك سوزۇلغان نۇسخىلارمۇ بار. بەزى ساپال قاچىلارنىڭ ئىچى تەرىپىگىمۇ رەڭ بېرىلگەن. ساپال قاچىلاردىن كومزەك، جام، ئاياغ، ئۇرۇق، جاۋۇر ۋە كانايچە پۇتلۇق قاچا قاتارلىقلار بار.

بۇلاردىن بىر قۇلاقلىق كومزەك 52 دانە، توغرا قۇلاقلىق جام 13 دانە، تىك قۇلاقلىق (قۇلىقى گىرۋىكىدە) جام 12 دانە، قوش قۇلاقلىق كومزەك بەش دانە، ئاياغ 16 دانە، جاۋۇر 15 دانە، كانايچە پۇتلۇق كومزەك يەتتە دانە، ئۇرۇق 15 دانە، پوكمە قورساقلىق كومزەك بەش دانە، چوڭ ئېغىزلىق كومزەك ئۈچ دانە، چۆمۈچسىمان جام 11 دانە، جوغىلىق جام ئۈچ دانە، تۇتاش كومزەك بىر دانە، تۆت پۇتلۇق تاۋاق بىر دانە، قورسىقىدا مۈنىكى بار كىچىك كومزەك بىر دانە، شەكىل چۈشۈرىدىغان تامغا (قېلىپ) بىر دانە بولۇپ، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساپالچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ساپالچىلىقتا ھەرخىل شەكىل ـ نۇسخا ۋە رەڭلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي پىسخىكىسىغا خاس ساپالچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەق ماددىي پاكىتتۇر.

(2) ياغاچ بۇيۇملار

جەمئىي 500 دانىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار تەگنە، تاۋاق، چۆچەك، ئاياغ، جام، ئوقيا، ئۇرچۇق، ئوت چىقىرىش ئەسۋابى، ياغاچ تارغاق، غۇڭقا (قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن تاۋاق 34 دانە، سوغا 14 دانە، چۆچەك ئۈچ دانە، جام ئىككى دانە، تەگنە 10 دانە، جوغىلىق جام بىر دانە، ياغاچ 62 تال، يا سەككىز تال، ئوق 154 تال، ئۇرچۇق 35 دانە، ئاپقۇر ئالتە دانە، ئەگرى تاياق ئۈچ تال، ياغاچ قوتا ئىككى دانە بولۇپ، بۇلار ياغاچ ئويما ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي ـ تارىخىي قىممەتكە ئىگە يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياغاچ بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس، كۆركەم ۋە سىپتە ياسالغان بولۇپ، ھازىرقىدىن قېلىشمايدۇ.

مەسىلەن، M160:3 نومۇرلۇق سوغىنى مىسال ئالساق، ئۇنىڭ سىرتى قارا رەڭدە بويالغان، جوغىسى بار، سىرتقى تەرىپىدە بىر بوي يېرىق بولۇپ، بەش جۈپ تۆشۈككە تاسما ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان. سىرتقى دىۋارىغا ھايۋانىنىڭ سۈرىتى چېكىلگەن بولۇپ، ئۈچى ئۆچكىگە، قالغان ئۈچى ئاتقا ئوخشايدۇ. سوغىنىڭ دىئامېترى 13 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 3.42 سانتىمېتر ®
.

ياغاچ يانى مىسال ئالساق، بۇلار بىرىكمە شەكىللىك بولۇپ، قورۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ، يانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 1 سانتىمېتر ئەتراپىدىكى ياپىلاق ئەۋرىشىم ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىككى تەرىپىگە كالا مۈڭگۈزى تارشىسى ۋە سۆڭەك چاپلانغان، ئۇنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت سىڭىر ئورىلىپ، ئاندىن سىڭىر تاسما بىلەن چىگىپ چىڭىتىلغان. ياغىچى ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدە ئىچىگە تەتۈر ئېگىلگەن. بۇنداق بولغاندا كىرىچنى تارتىشقا ئەپلىك. كىرىچى كالا سىڭىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئىككى ئۇچىدا ئىلمىكى بار. بۇ ئىككى ئىلمەككە كىرىچ بېكىتىش قولايلىق، مانا بۇ بىز ئادەتتە ئاتاپ كېلىۋاتقان تەتۈر ئەگرى يادىن ئىبارەت.

ياغاچ ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەققىدە توختالغاندا، بۇ جايدىن تېپىلغان 3000 يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس قەدىمكى مۇزىكا ئەسۋابى غۇڭقىنىڭ ياسىلىشىنى سۆزلىمەي بولمايدۇ.

M90: 12 نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان غوڭقا مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئاۋاز ساندۇقى، بوينى، تار دەستىسى ۋە تاردىن تەركىب تاپقان. ئاۋاز ساندۇقى بىلەن بوينى بىر گەۋدە بولۇپ، بىر پۈتۈن توغراق ياغىچىنى يونۇش ئارقىلىق ياسالغان ۋە سىلىقلاشتۇرۇلغان. ئاۋاز ساندۇقىنىڭ يۈزىنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8.9 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 5.3 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدىكى ئاۋاز چىقىرىش تۆشۈكى بار، يان تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئاۋاز ساندۇقىنىڭ دىۋارىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 ـ 5.0 سانتىمېتىر، ئېغىز قىسمىغا ئاۋاز ساندۇقىنىڭ گىرۋىكىنى بويلىتىپ قوي تېرىسى قاپلانغان. قاپلانغان تېرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بىر تال يۇلغۇن ياغىچى ئۇزۇنىغا ئۆتكۈزۈلگەن. يەنە بەش تال كىچىك يۇلغۇن چىۋىقى تەك ئارىلىق قويۇپ ئۇ ياغاچ ئاستىغا ئۆتكۈزۈلگەن. چىۋىق، ياغاچ كىرىشتۈرۈلۈپ، «+» شەكىلدە تېرە ئۈستىگە چىقىرىلغان. ئاندىن يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بىر تالدىن كالا سىڭىرىدىن ياسالغان تار ئۇقىغا تارتىلغان. ئۇنىڭ بوينى يۇمىلاق تۆۋرۈك شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6.03 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 8.2 سانتىمېتىر. بويۇنىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئاۋاز ساندۇقىغا تۇتاشقان. بويۇنىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۇچى قېلىنراق، يۇمۇلاق بۇرجەكلىك ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق تۆشۈك تېشىلىپ، تار دەستىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن. تار دەستىسى يۇمىلاق تۆۋرۈك شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 1.8 سانتىمېتىر. دەستە قۇيرۇقى تومراق بولۇپ، بويۇن بېشىدىكى يۇمىلاق تۆشۈككە كىرگۈزۈلگەن. غوڭقىنىڭ بوينىنىڭ تار بۇلۇڭى 82 گرادۇس، دەستە بېشىدا بەش قاتار تار باغلىغان ئىز بار⑥ .

(3) مىس بۇيۇملار

جەمئىي 53 دانە. مىس ـ تۆمۈر بىرىكمىسىدىن ياسالغان بۇيۇم بىر دانە، قېزىۋېلىنغان مىس بۇيۇملاردىن پالتا، پىچاق، بىگىز، ئېغىزدۇرۇق، باشاق، قوڭغۇراق، كەمەر توقىسى، تەقلىدىي قولۇلە قېپى قاتارلىقلار بار. بۇ مىس بۇيۇملارنىڭ شەكلى ھەرخىل، تۈرى كۆپ، ياسىلىشى كۆركەم ھەم سىپتا بولۇپ، قەدىمكى پىچان ئاھالىلىرىنىڭ مىس مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(4) تېرە بۇيۇملار

جەمئىي 50 دانە. جۇۋا، ئىشتان، تۇماق، ئۆتۈك، قاپچۇق، سومكا، يەڭلىك، يۈگەن، قامچا، ئوقدان، سېۋەت، بارماق قېپى، غىلاپ ۋە بۇيۇملارغا باغلاپ قويۇلغان ھەرخىل تاسما، تۈگمە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن قاپچۇق ئىككى دانە، يەڭلىك تۆت دانە، ئۆتۈك ئالتە دانە، يۈگەن بەش دانە، تاسما بىر دانە، بارماق قېپى بىر دانە ۋە باشقىلار بولۇپ، بۇلار قەدىمدە پىچان بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېرە ئەيلەش ـ تېرىچىلىك ھەم ھەرخىل تېرە بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ جايدىن تېپىلغان ئالتە دانە ئۆتۈكنىڭ ھەممىسىنىڭ چەمى ۋە قونچى پۈتۈنلەي تېرىدىن ۋە تاسمىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇلار تىكىلىش ھۈنەر ـ سەنئىتى، پۇختىلىقى، ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەينى زامان شارائىتىغا نىسبەتەن ئەڭ ئېسىل ئاياغ كىيىملىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(5) سۆڭەك، مۈڭگۈز، قولۇلە قېپى ۋە ئالتۇن بۇيۇملار:

جەمئىي 56 دانە، ئۇلار سۆڭەك بىگىز، ئېغىزدۇرۇق توسىقى، مۈڭگۈز جام، ئوق ۋە قولۇلە قېپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەسىلەن، بىگىز 13 دانە بولۇپ، سۆڭەكنى سۈركەپ سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان. بىر ئۇچى تومراق، يەنە بىر ئۇچى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ بىگىز ھالىتىگە

كەلتۈرۈلگەن.

ئېغىزدۇرۇق توسقى ئالتە دانە، سۆڭەكنى سۇركەش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇزۇنچاق ياكى ئەگرى شەكىللىك، كۆپىنچىسىگە يۇملاق ئۈچ تۆشۈك تېشىلگەن، M119: 4 نومۇرلىقى، سۆڭەكنىڭ شەكلىگە قاراپ سۇركەش ئارقىلىق ياسالغان. پۇچۇلۇپ كەتكەن، بىر ئۇچى مەلۇم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، بىراق قايسى خىل ھايۋان ئىكەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس. ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۆشۈك بار⑦.

يۇقىرىدىكى ھەرخىل شەكىل ۋە نۇسخىلاردىكى زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى پىچان دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ھەم گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرخىل زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنى چىرايلىق بېزەپ، پاكىزە، يارىشىملىق يۈرۈشكە يەنى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(6) كىيىم - كېچەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار

ئەر-ئايالچە ھەرخىل پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەر 100 دانىگە يېقىن. بۇ كىيىملەر ئىچىدە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز. كۆپ ساندىكىلىرى چىرىپ كەتكەن. رەڭلىك يۇڭ رەخت ۋە گۈل-نۇسخىلار چىقىرىلغان رەختلەرمۇ بار. بۇ توقۇلما رەختلەرگە قىيپاش ۋە تۈز سىزىقلىق نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن.

### 4. ياڭخې 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى

2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىق ياڭخېيدىكى ئۈچ قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدىكى 150 تىن ئارتۇق قەبرە ئوغرىلانغان ۋە بۇزۇۋېتىلگەن. بۇ قېتىم ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ جايدا جەمئىي 213 قەبرىنى تازىلىغان ۋە يېڭىدىن قازغان.

### 5. بىر قىسىم قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالى

ياڭخېيدىكى 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ كىيىم-كېچىكى، زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىر قىسىم قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى:

M28 نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان، قورامىغا يەتكەن ئايالنىڭ جەسىتى ئاستىغا پالاز سېلىنغان، پۇتىغا قىسقا قونچىلىق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. جەسەت ئەتراپىغا ئىككى دانە ساپال جام، بىر دانە ساپال لوڭقا، بىر دانە ياغاچ تاۋاق، بىر دانە ياغاچ ئۇرچۇق، تاۋاق يېنىغا بىر دانە قوي سۆڭىكى قويۇلغان. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە بىر جەسەت 2-قېتىم دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى تولۇق ئەمەس، باش سۆڭىكى كارۋاتنىڭ يېنىدا، بىر جۈپ ئۆتۈك ھەمدەپنە قىلىنغان. كارۋاتنىڭ تۆت پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى 24 سانتىمېتىر، تىرەكلەرنى تۇرۇملاش ئارقىلىق چاتقاندىن كېيىن ئۈستىگە ئىنچىكە بادىرىلارنى باغلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاز سالغان.

M2038 نومۇرلۇق قەبرىگە بىر قورامىغا يەتكەن ئەرنىڭ پۇتىنى يىغىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان جەسىتى دەپنە قىلىنغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار لەھەتنىڭ غەربىي تەرىپىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ياغاچ تاۋاق، ئوقيا قېپى، ئوق، ئېگەر، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق، ساپال جام، ئوغۇرتېشى، ئوغۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كارىۋات جەسەتنىڭ ئاستىغا قويۇلغان بولۇپ، تۆت پۇتى تۈز ياغاچتىن ياسالغان. توغرا ياغاچ بىلەن كارىۋات پۇتىنى تۇرۇملاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە بادىرىلارنى بىر قەۋەت تەكشى تىزغان، ئاندىن ئۇلارنى تاسما بىلەن باغلاپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن ئۈستىگە بورا ياپقان.

M2063 نومۇرلۇق قەبرىگە قورامىغا يەتكەن ئەر-ئايال جەسەت بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، جەسەتلەرنىڭ سۆڭەكلىرى قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن. ھەمدەپنە

بۇيۇملاردىن لايدا ياسالغان ئادەم بېشى ھەيكىلى، ساپال ھېجىر، ساپال كومزەك، ياغاچ تارغاق، ياغاچ تاۋاق، تاش قورال، ئوقيا قېپى، تاسما ئارقان، يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى ۋە قوي بېشى قاتارلىقلار بار.

M2052 نومۇرلۇق قەبرىگە بىر قۇرامىغا يەتكەن ئەرنىڭ جەسىتى قويۇلغان بولۇپ، جۇۋىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار بىر دانە ساپال ئاياق ۋە بىر دانە قوش قۇلاقلىق جام، ئىككى دانە چۆمۈچسىمان جام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاستى قەۋەتتىكى جەسەت بۇزۇۋېتىلگەن. ئۇ بىر قۇرامىغا يەتكەن ئەرنىڭ جەسىتى بولۇپ، باش سۆڭىكى ئوتتۇرىغا، ئاستىنقى جاغ سۆڭىكى ۋە پۇت-قول سۆڭەكلىرى قەبرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي دىۋارى ئەتراپىغا قويۇلغان. ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ تاياق، ياغاچ توقا، ياغاچ قوزۇق، ياغاچ تىرەك، ئات يايلى، قوي بېشى ۋە سۆڭەك پارچىلىرى قاتارلىقلار بار ⑧ .

## 6. قېزىۋېلىنغان ماددىي يادىكارلىقلار

بۇ قېتىم تازىلانغان ۋە قېزىلغان 213 قەبرىنىڭ ھەممىسىدە ھەمدەپنە بۇيۇملار بار، بەزى قەبرىلەردە جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن كىيىملەرنىڭ پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان. قوي بېشى ۋە قوي گۆشىنى (ھازىر پەقەت سۆڭىكىلا ساقلىنىپ قالغان) ھەمدەپنە قىلىش ئومۇملاشقان. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ مىقدارى بىرقەدەر كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ساپال قاچا، مىس بۇيۇم، تۆمۈر بۇيۇم، سۆڭەك بۇيۇم، مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملار، تاش قورال، ئالتۇن بۇيۇم ۋە تېرە بۇيۇملارمۇ بار. ئۇلاردىن ئات جابدۇقلىرى، ئوقيا، ياغاچنى ئويچىكلەپ ئوت چىقىرىش ئەسۋابى قاتارلىقلار ئەر جەسەتلەرگە ھەمدەپنە قىلىنغان. ئورچۇق مەخسۇس ئاياللارغا خاس بۇيۇم ھېسابلانغان. ساپال قاچىلار بىلەن ياغاچ بۇيۇملارمۇ ئايال جەسەت قويۇلغان قەبرىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

(1) ساپال قاچىلار

جەمئىي 293 دانە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك ساپال قاچىلار 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئاساسەن تېگى قىزىل رەڭلىك ساپاللارغا قارا رەڭدە گۈل-نۇسخىلار سىزىلغان. گۈل-نۇسخىلارنىڭ كۆپىنچىسى چاتما ئۈچبۇلۇڭلۇق نۇسخا (ھەرە چىشسىمان نۇسخا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تىك سىزىق نۇسخىسى ۋە دولقۇنسىمان نۇسخىلاردىن ئىبارەت. لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپاللار قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قولدا ياسالغان، قاچا تۈرلىرىدىن كومزەك، ئىۋرىق، ئېگىز پۇتلۇق ئاياغ، جام، قازان، ئاياغ ۋە جوغىلىق قاتارلىقلار بار.

بۇلار قەدىمكى پىچان ئاھالىلىرىنىڭ ساپالچىلىق مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەق ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، يۇقىرى تارىخىي-ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن، M242:1 نومۇرلۇق قەبرىنى مىسال ئالساق، بۇ ئىۋرىقنىڭ گىرۋىكى يۇمىلاق، بويىنى ئۇزۇن، قورساقلىق، تېگى كىچىك ۋە تۈز، ئىككى قۇلىقى (شوينا باغلايدىغان قۇلاق) قورساق قىسمىغا جايلاشقان. گىرۋىكى سىرتىنىڭ ئاستىنقى ئىككى توغرا سىزىقنىڭ ئىچى كاتاكچە نۇسخىلار بىلەن تولدۇرۇلغان، قورسىقىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئوخشاشلا كەڭ ئىككى توغرا سىزىق سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىمۇ يۇقىرى- تۆۋەن گىرەلەشكەن قاينام نۇسخىلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان، قاينام نۇسخىسىنىڭ ئىچى پاراللېل قىيپاش سىزىقلار بىلەن تولدۇرۇلغان (ئوتخور ھايۋانلاردىن كالا ۋە قويىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدۇ). ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۈستىمۇ رەڭدار يوللۇق قىلىپ بويالغان.

M2060 :1 نومۇرلۇق ساپال ئىۋرىق چاسا گىرۋەكلىك، ئېغىزى يايپاق، ئىچى تېيىز، چوڭ كانايچە پۇتلۇق، گىرۋىكى ئىچىگە چاتما چوڭ ھەرە چىشسىمان نۇسخا، گىرۋىكى سىرتىغا قىيپاش سىزىقچە نۇسخىسى، قورسىقىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا دولقۇنسىمان نۇسخا چۈشۈرۈلگەن، قۇلىقى ئۈستىگىمۇ گۈل-نۇسخىلار سىزىلغان.

2: M215:2 نومۇرلۇق ساپال ئىۋرىق يۇملاق گىرۋەكلىك، ئىچى تېيىز، كومزەك شەكىللىك، پاكار كانايچە پۇتلۇق، قۇلاق ئورنىغا قوي بېشى شەكىللىك تۇتقۇچ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزى، كۆزى، بۇرنى ۋە ئېغىزى ئەينەن ھەم جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

3: M268:1 نومۇرلۇق ساپال ئاياغ يۇملاق گىرۋەكلىك، ئېغىزى يايپاڭ، ئىچى تېيىز، ئېگىز كانايچە پۇتلۇق، گىرۋىكى ئىچىگە ئۈچبۇلۇڭ نۇسخىسى، گىرۋىكى سىرتىغا ساڭگىلىما تور نۇسخىسى، قۇلىقى ئۈستىگە قۇر نۇسخىسى سىزىلغان.

4: M219:4 نومۇرلۇق ساپال ئاياغ يۇملاق گىرۋەكلىك، قورساقلىق، كومزەك شەكىلدە، پاكار ۋە كىچىك كانايچە پۇتلۇق، گىرۋىكىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا ھەرە چىشسىمان نۇسخا، قورسىقىنىڭ ئاستى قىسمىغا ئۈچ بۇرجەكلىك قايرىما سىزىق نۇسخىسى، قۇلىقى ئۈستىگە ئۈچ قۇر توغرا سىزىق سىزىلغان.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا پىچان بوستانلىقىنىڭ ساپالچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن.

(2) ياغاچ بۇيۇملار

سانى كۆپ، تۈرى ھەرخىل، كۆپىنچىسىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى، بەزى بۇيۇملارغا ياغاچ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، باشقا ماتېرىياللارنىمۇ ئىشلىتىش ئارقىلىق مۇرەككەپ سايمانلارنى ياسىغان. مەسىلەن، ئوقيا، قامچا، بىگىز، يۈگەن قاتارلىقلار.

سوغا: قېزىۋېلىنغىنى كۆپرەك. ئۇلار تاختا ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان، ياغاچ تاختايدىن تۈز تەگلىك ياساپ ئاستىدىن مۇقىملاشتۇرغان. كۆپىنچىسى سىدام، بەزىلىرىنىڭ يۈزىگە نەقىش ئويۇلغان ياكى گۈل ـ نۇسخىلار سىزىلغان. گۈل ـ نۇسخىلىرى ھايۋانات ئوبرازى ۋە گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلاردىن ئىبارەت. گۈل ـ نۇسخىلىرى ساپال قاچىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقىنى چاتما ئۈچبۇلۇڭ نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

1: M2204:2 نومۇرلۇق سوغا تۈز كاناي شەكىللىك، گىرۋىكى ئۈستىگە ئىككى دانە مۇناسىپ تىك قۇلاق چىقىرىلغان، ئاستىغا ياغاچ تەگلىك بېكىتىلگەن بولۇپ، ياغاچ قاداق بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان. گەۋدىسىدىكى يېرىلغان ئورۇنغا قاداق سېلىنغان. گەۋدىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئىككى ھايۋان رەسىمى، يەنى تاغ تېكىسى ۋە بىر بۇغا ئويۇلغان. تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، پۇتى ئەگرى، ساغرىسى سېمىز بولۇپ، جىددىي تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇغا ياتقان ھالەتتە بولۇپ، قىسقا قۇيرۇقى ۋە چوڭ مۈڭگۈزى ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇ بوينىنى سوزۇپ كىشنەۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن.

2: M273:5 نومۇرلۇق سوغا گىرۋىكىنىڭ ئۈستىدە ئۆز ـ ئارا مۇتاناسىپ ئىككى تىك قۇلىقى بولۇپ، قۇلىقىدا تۆشۈك بار، پۈتۈن گەۋدىسى رەڭدار بېزەلگەن، گىرۋىكىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىغا چاتما ئۈچبۇلۇڭ نۇسخىسى، ئىككى رەت ھايۋانات رەسىمى ئوتتۇرىسىغا ئالدى بىلەن چېكىلىپ، ئاندىن قارا رەڭدە بويالغان. يۇقىرىدىكى رەتكە ئىككى بۆرە بىلەن بىر تاغ تېكىسى، ئاستىدىكى بىر رەتكە ئۈچ تاغ تېكىسى چۈشۈرۈلگەن. بۆرە ئوبرازى ياتقان ھالەتتە بولۇپ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تىك تۆتبۇلۇڭلۇق چەينەكسىمان ھالەتتە، ئۇنىڭ قىسقا ئۇچى تاۋلاش ئۇچىقىغا كىرگۈزۈلگەن[9].

3: M2040: 1 نومۇرلۇق سوغا شەكلى ئۆزگىرىپ سوقىچاق شەكىلگە كېلىپ قالغان. شوينا باغلاش ئۈچۈن تاناسىپ قىلىپ تېشىلگەن ئىككى تۆشۈكى بار. ئاستى ـ ئۈستى گىرۋىكىگە چاتما ئۈچبۇلۇڭ نۇسخىسى سىزىلغان. ئوتتۇرىسىغا ھايۋانات ئوبرازى چېكىلگەن ھەمدە ئۇلار قىزىل ۋە سېرىق رەڭلەردە بويالغان بولۇپ، ئىككى بۆرىنىڭ ئىككى تاغ تېكىسىنى تالىشىپ ئۆز ـ ئارا ئېلىشىۋاتقان ھالىتى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق تەسۋىرلەنگەن، بۆرە بىلەن تاغ

تېكىسى خۇددى تىرىكتەك تەسۋىرلەنگەن.

4: M263:1 نومۇرلۇق قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى غۇڭقا بىر دانە بولۇپ، ئاۋاز ساندۇقى، دەستىسى ۋە دەستە بېشى بىر تۇز ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. دەستە بېشىغا تار باغلايدىغان قۇلاقنى بېكىتىدىغان تۆشۈك ئېچىلغان. ئاۋاز ساندۇقى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بولۇپ، تېگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاۋاز چىقىرىش تۆشۈكى ئويۇلغان. ئاۋاز ساندۇقىنىڭ قويرۇقى ئۇزىراپ چىققان بولۇپ، كېمە پالىقى شەكىلدە، غۇڭقانىڭ دەستىسى بىلەن ئاۋاز ساندۇقىنىڭ قىلىنلىقى ئوخشاش، دەستە بېشى كەڭ ۋە ياپىلاقراق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكچىگە تار باغلاش قۇلىقى بېكىتىلگەن، ئاۋاز ساندۇقىغا كىرىلگەن تېرە يوقالغان بولۇپ، هازىر پەقەت تېرىنى كەرگەندە قېقىلغان ياغاچ قاداقنىڭ ئىككى تەرەپتە بەشتىن تۆشۈكلا ساقلىنىپ قالغان. قۇلىقىنىڭ بىر ئۇچىدا تارنى باغلىغاندا قېلىپ قالغان ئىزدىن بەشى بار، تار ۋە خەرەك يوق. (ئۇنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن چىققان غۇڭقادىن بىلىۋېلىڭ). ئاۋاز ساندۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە سانتىمېتىر، ئاۋاز ساندۇقى قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.7 سانتىمېتىر، غۇڭقا دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.53 سانتىمېتىر، قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 سانتىمېتىر. قۇلاق يۇلغۇن ياغىچىدىن، ئاۋاز ساندۇقى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ⑩ .

دېمەك، ئەينى زامانىدىكى پىچان دىيارىنىڭ ياغاچچىلىق هۈنەر-سەنئىتى ناهايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، هەرخىل ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن هەرخىل نەپىس بۇيۇملارنى ياساپ پايدىلانغان. بولۇپمۇ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى غۇڭقانىڭ ياسىلىشى دەۋر بۆلگۈچ تارىخي ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

(3) سۆڭەك، مۈڭگۈز ۋە تېرە بۇيۇملار

بۇ خىل بۇيۇملار خېلى كۆپ قېزىۋېلىنغان بولۇپ، 2500 - 3000 - يىللار يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقاچقا، ئەسلى هالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان، چىرىپ بۇزۇلغان، ساق قالغانلىرى ناهايىتى ئاز.

مەسىلەن، بۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان بىر دانە سۆڭەك بىگىزنى مىسال ئالساق، ئۇنىڭ شەكلى ياپىلاق ۋە بىر ئۇچى ئۇچلۇق. گەۋدىسى سىلىقلانغان.

1: M213:2 نومۇرلۇق يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق قىسمى قوينىڭ بىر دانە مۈكەممەل پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۆشۈك ئېچىپ تاسما بىلەن جاۋغايلىققا چېتىش ئارقىلىق ياسالغان. جاۋغايلىق مۈڭگۈزىدىن، سۆڭەكتىن ياسالغان بولۇپ، هەربىر تىلىدا ئۈچتىن تۆشۈك بار. ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە ئېغىزدۇرۇقنى چاتقان، ئىككى ئۇچىدىكى تۆشۈككە نوقتا بىلەن چۇلۋۇرنى چاتقان.

2: M2069:5 نومۇرلۇق ئۇزۇم پىلىكى بىر تال بولۇپ ، قەبرىنىڭ چەللىسىگە ياپقان ياغاچلار بىلەن بىللە چىققان، قەبرە ئاغزىنى يېپىشقا ئىشلىتىلگەن. ياپىلاقراق يۇملاق شەكىللىك، رەڭگى قوڭۇر، هەربىر بوغۇمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 سانتىمېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 115 سانتىمېتىر، پىلەكنىڭ كەڭلىكى 3.2 سانتىمېتىر.

(4) تاش قوراللار

قېزىۋېلىنغان تاش قوراللار سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇيۇم تۈرلىرىدىن ئوغۇر ۋە بىلەي قاتارلىقلار بار.

ئوغۇرلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، 1: M2038:3 نومۇرلۇق ئوغۇرنىڭ رەڭگى كۆكۈچ كۈلرەڭ، چوقۇپ ياسالغان، قورۇما ئېغىز، تېگى تۈز، دىۋارى قېلىن، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 8.9 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 8.6 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.7 سانتىمېتىر.

بىلەي: ئۇزۇنچاق شەكىللىك، ياپىلاق ۋە تەكشى هالەتتە. بىر ئۇچىدا تۆشۈكى بار. شوينا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. ماتېرىيالى كۈلرەڭ قۇمتاش.

2: M2140:2 نومۇرلۇق بىلەي بېشى سەل پۇچۇلغان، تۆۋەن قىسمىنىڭ ئىككى يۈزى

ئىشلىتىلگەنلىكتىن ئۇپراق نېپىزلەپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى 8.9 سانتىمېتر، كەڭلىكى 3 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 2.1 سانتىمېتر.

(5) مىس بۇيۇملار

سانى ئاز بولۇپ، ئېغىزدۇرۇق ۋە پىچاقتىن ئىبارەت.

ئېغىزدۇرۇق: بىر دانە.

M214:1 قوش ھالقىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان، ئوتتۇرىسىدىكى ھالقىسى سوقىچاق شەكىللىك، ئىككى ئۇچىغا ئىككى تۆشۈك ئېچىلغان، ئېغىزدۇرۇق گەۋدىسى يۇمىلاق تۆۋرۈك شەكىللىك بولۇپ، دىئامېتىرى 0.6 سانتىمېتر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21.4 سانتىمېتر كېلىدۇ ○ .

مىس پىچاقلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، پەقەت ھالقا باشلىق پىچاق، دەستىسى تۈز باشلىق پىچاقلار، دەستىسى تۈز، بېشى ياپىلاق پىچاقلار قېزىۋېلىنغان. تۆمۈر پىچاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەستىسى ئۇزۇن ھەم تۈز، دەستە بېشىدا تۆشۈكى بار.

بۇ جايدىكى مىس ۋە تۆمۈر بۇيۇملار ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقاچقا، داتلىشىپ، چىرىپ، سارغىيىپ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان. شۇنداقتىمۇ قەدىمكى پىچان ئاھالىلىرىنىڭ مىس ۋە تۆمۈرچىلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

**3.7- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى**

ياڭخەيدىكى 3-نومۇرلۇق قەبرىستانلىق 2- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىغا 120 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قەبرىستانلىق قۇم- بورانىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئوغرىلىقچە قېزىشىنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرىغان. 3- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن جەمئىي 80 قەبرە قېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 63 ى شىمالىي بۆلەكتە، 17 سى جەنۇبىي بۆلەككە جايلاشقان.

**8. بىر قىسىم قەبرىلەردە ئەكس ئەتكەن ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالى**

ياڭخەيدىكى 3-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، زىبۇ-زىننەتلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە باشقا ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ئاساس قىلىنغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مەدەنچىلىك، ھەرخىل بۇيۇملارنى ياساش-ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆز دەۋرىگە يارىشا مول ماددىي مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. بۇلار قەبرە يادىكارلىقلىرىدا ئەينەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، M364 - نومۇرلۇق قەبرىگە ئىككى ئايال، بىر ئەرنىڭ جەستى دەپنە قىلىنغان. ھەممەدەپنە بۇيۇملار ئەر جەسەت تەرەپكە قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار بىر دانە ساپال ئاياق، بىر دانە بىر قۇلاقلىق كومزەك، بىر دانە چۆمۈچسىمان جام، بىر دانە تاش بىلەي، بىر دانە ياغاچ ئاياق، بىر دانە مىس ھالقا، بىر دانە ئوت چىقىرىش تاختىسى، بىر دانە ئوقيا قېپى، بىر دانە ياغاچ تېرەك تاختا، بىر تال ياغاچ كالتەك، بىر دانە تۆمۈر پىچاق ۋە ئىككى دانە ئوق دەستىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

M318 - نومۇرلۇق يان لەھەتنىڭ ئىچىگە ئۈچ جەسەت ئوڭدىسىغا تۈز ياتقۇزۇلغان؛ ئوتتۇرىسىدىكى 25 ياشلاردىكى ئەر، سول تەرەپتىكىسى 45 ياشلاردىكى ئەر، ئوڭ تەرەپتىكىسى 12 ~ 15 ياشلاردىكى ئايال، سول تەرەپتىكى يېشى چوڭ ئەر جەسەتنىڭ باش سۆڭىكى يېنىغا بىر دانە ياغاچ بۆك بېزىكى قويۇلغان بولۇپ، ئىچىگە بىر تال ياغاچ كالتەك سېلىنغان، ئۇنىڭغا يۇڭ يىپنى يۆگەش ئارقىلىق مونەك شەكىللەندۈرگەن. جەسەت بېشى غەربكە قارىتىلغان، تاقىر بېشىغا تېرە ياستۇق قويۇلغان. ئىككى قولى تېنىنىڭ يېنىدا، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇچىسىدىكى جۇۋىسى چىرىپ كەتكەن. ئوتتۇرىدىكى ئەر جەسەتنىڭ بېشىغا بىر دانە ساپال ھىجىر ۋە بىر دانە

ساپال جام قويۇلغان. ئۇنىڭ تېنىنىڭ سول تەرىپىگە بىر ئوقيا قېپى قويۇلغان بولۇپ، ئىچىگە بىر دانە يا، بىر دانە ئوق دەستىسى، بىر دانە ئوت چىقىرىش ئەسۋابى سېلىنغان. ئايال جەسەتنىڭ سول تەرىپىگە بىر دانە ياغاچ ئاياق قويۇلغان بولۇپ، ئىچىگە بىر دانە تېرە قاپچۇق سېلىنغان، پۇتىنىڭ ئاستىغا ياغاچ قۇتا ۋە تېرە سومكا، بېشىغا بىر دانە ساپال جام قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تىتىلىپ كەتكەن تېرە كىيىم ۋە يۇڭ توقۇلما پارچىلىرىمۇ بار.

M329 - نومۇرلۇق لەھەت ئىچىگە 35 ياشلاردىكى ئايال جەسەت ئۇڭدىسىغا تۈز ياتقۇزۇلغان. بېشى غەربىي شىمالغا قارىتىلغان، ئىككى قولى بەدىنىنىڭ يېنىغا قويۇلغان. ئۇچىسىغا سۇس كۆك رەڭلىك چاپان، ئاق رەڭلىك پاختا رەختتىن تىكىلگەن يوپكا ۋە پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن. ئىككى ئۆرۈم چېچىنى كۆك رەڭلىك خۇرۇم لېنتا بىلەن مەھكەم بوغۇپ بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەلىگەن، ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئۇچى بېشىنىڭ سول تەرىپىدە. ئوڭ قۇلىقىغا يۇملاق شەكىللىك مىس ھالقا ئاسقان. ئۇنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە بىر دانە قۇلاقلىق ياغاچ جام، بىر دانە ياغاچ تارغاق، بىر دانە ساپال ھىجىر، بىر دانە ساپال كومزەك قويۇلغان بولۇپ، كومزەك ئىچىدىكى ئەينى چاغدا قاچىلانغان يېمەكلىك ئۆزگىرىپ قارىداپ كەتكەن. كومزەكنىڭ گىرۋىكى ئاستىدا ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن باغلانغان شوينا بار [1].

M371- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ قەبرە ئاغزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 160 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 45 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 45 سانتىمېتىر، قەبرە ئازگىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر دانە ئوت- چۆپتە توقۇلغان سېۋەت قويۇلغان بولۇپ، سېۋەت ئىچىگە ئورچۇق، ياغاچ پىچاق، ياغاچ تارغاق، ساپال ھىجىر، تۆمۈر بىگىز قاتارلىقلار بىردىن قويۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلما پارچىسى ۋە كۆن- خۇرۇم پارچىلىرىمۇ بار.

يەنە بىر قەبرىدىكى يان لەھەت ئىچىگە 45 ياشلاردىكى بىر ئەر جەسەت ئۇڭدىسىغا تۈز ياتقۇزۇلغان، بەدىنى ئاق رەڭلىك پاختا رەختكە ئورالغان، پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن. ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى دانە ساپال كومزەك، بىر دانە ساپال ھىجىر ۋە بىر دانە ياغاچ تاۋاق قويۇلغان. جەسەت ياخشى ساقلانغان. ئوڭ تەرەپتىكى يان لەھەتنىڭ ئاغزى يەتتە تال كېسەك بىلەن توسۇلغان، لەھەت ئىچىگە 40 ياشلاردىكى بىر ئايال جەسەت ئۇڭدىسىغا تۈز ياتقۇزۇلغان، ئۇ ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك پاختا رەختتە تىكىلگەن ئۈچ بۇرجەك ياقىلىق چاپان ۋە يوپكا، بېشىغا پاختا رەخت بۆك كىيگەن.

## 9. قېزىۋېلىنغان ماددىي يادىكارلىقلار

قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوغرىلانغان بولسىمۇ، ئەمما 80 قەبرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك ھەمدەپنە بۇيۇملار بار. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئاساسەن ساپال، ياغاچ، تۆمۈر، ئالتۇن، سۆڭەك، مۈڭگۈز، تېرە ۋە يۇڭ توقۇلما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سانى 600 دانىدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ھەممە قەبرىدىن دىگۇدەك قېزىۋېلىنغان. مەسىلەن، 3- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلار خېلى كۆپ بولۇپ، 32 دانە ھىجىر، توققۇز دانە قۇلاقسىز كومزەك، 19 دانە بىر قۇلاقلىق كومزەك، ئۈچ دانە جوغۇلۇق كومزەك، يەتتە دانە ئىۋرىق، 38 دانە ئاياق، 40 دانە چۆمۈچسىمان جام، 26 دانە كاناىسىمان جام، بىر دانە ئېگىز پۇتلۇق ئاياق ۋە باشقا قاچا- قۇچىلار بار. بۇلار ھەرخىل ۋە ھەر شەكىللەردە بولۇپ، ھەرخىل نۇسخىلاردا گۈل- نەقىشلەر چىقىرىلغان، رەڭلىك ساپاللارغىمۇ تۈرلۈك گۈل- نۇسخىلار چىقىرىلغان بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ۋە كۆركەم ياسالغان. بۇلار قەدىمكى پىچانىنىڭ كۇلالچىلىق مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### (1) ياغاچ بۇيۇملار

ياغاچ بۇيۇملار بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ

تۇر ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىنى ئاز، شاملى كۆپ بولغاچقا، ياغاچ بۇيۇملار مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ئاساسلىق بۇيۇم تۈرلىرىدىن، ئاياق، تاۋاق، بىر قۇلاقلىق جام، چۆمۈچ، تۇتقۇچلۇق جام، ئېگىز پۇتلۇق ئاياق، چىنە، بۆك بېزىكى، ھاسا، تارغاق، ئوت چىقىرىش ئەسۋابى، قورچاق، سوغا، ئوقيا، ئورچۇق، ئوقيا قېپىنىڭ تېرەك تاختىسى قاتارلىقلار بار.

ياغاچ بۇيۇملاردىن 12 دانە ئاياق، 11 دانە تاۋاق، 2 دانە بىر قۇلاقلىق جام، بىر دانە چۆمۈچ، بىر دانە ئېگىز پۇتلۇق جام، 3 دانە چىنە، 7 دانە بۆك بېزىكى، 4 دانە تاغاق، 4 دانە ئوت چىقىرىش ئەسۋابى، 20 تال يا، 22 تال ئوق ۋە ئوقيا قېپى، 6 دانە ئۇرچۇق، بىر دانە سوغا قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى پۇختا، كۆركەم ۋە سىپتا ياسالغان بولۇپ، بۇلار ئەينى زامان پىچان بوستانلىقىنىڭ ياغاچچىلىق قول ھۈنەر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، 7 دانە بۆك بېزىكىنى مىسال ئالساق، بۇلار ئوخشاشلا نېپىز تارشىلارنى چاپلاش ئارقىلىق ياسالغان، تېگىنىڭ ئېغىزى چاسىغا يېقىنراق شەكىلدە، تۆت تەرىپىنىڭ بىر تەرىپى تۈز ئېغىزلىق بولۇپ، كىچىك تۆشۈكى بار، ئۇنىڭ باشقا ئۈچ تەرىپى ئالدى بىلەن سىرتقا كۆپتۈرۈلۈپ ئاندىن يەنە ئىچكە ھالەتتە يىغىلغان. يۈز تەرىپىنىڭ قارشىسىدىكى يانتۇ يۈزىگە كېمە پالىقى شەكىللىك نېپىز تارشىدىن ياسالغان ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك قانات ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ شەكلى ئاياللارنىڭ بېشىدىكى شۇ خىلدىكى بېزەك بۇيۇملىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش ئەمەس. بۇ بېزەكلەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى قارا بوياق بىلەن بويالغان.

يەنە مىسال ئالساق، 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغىنى 20 دىن ئارتۇق بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغىنى سەككىز، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا بىر سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى ئېلاستىكىلىقتا ئىگە ياغاچ تاللىنىپ، بەلگىلىك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىغا كالا مۆڭگۈزى يالپىقى ۋە سۆڭەك تاختىلار چاپلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ بىر قات كالا سىڭىرى بىلەن يۆگىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر قات پەي تاسما ئورىلىدۇ. يانىڭ ئىككى ئۇچى ئۈچ بۇلۇڭسىمان تەتۈر قارماق شەكلىدە بولۇپ، ئىككى ئۇچىغا كىرىچ باغلاشقا قولايلىق يارىتىلغان. يا گەۋدىسىنىڭ بەش ئورنىدا ئەگمىسى بولۇپ، ئومۇمەن ئوتتۇرىدىكى ئورۇن، يەنى ئوتتۇرىدىكى ئەگمە قارىغا ئېلىش ئورنى قىلىنىدۇ. كىرىچنى بوش قويۇۋەتكەندە، يا تار ھالەتكە، يەنى بەش دانە ئەگمە ئىككى پاراللېل تۈز سىزىق ھالىتىگە كېلىدۇ، ئىشلىتىلمىگەندە، قېپىغا مۇشۇ ھالەتتە سېلىنىدۇ. يانىڭ كىرىچى كالىنىڭ پېيىدىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئىلغاق بولۇپ، يانىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېلىشقا قولايلىق، بۇ خىل يا، بىز دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان تەتۈر ئەگمە يانىڭ دەل ئۆزىدۇر.

22 تال ئوقنى مىسال ئالساق، ئوق ئادەتتە ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، يار يېلىم، ناھايىتى ئىنچىكە كالا سىڭىرى بىلەن بىرىكتۈرۈلىدۇ. ئوقنىڭ قۇيرۇقىدا كىرىچنى ئىلىدىغان ئېرىقچە بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.5 سانتىمېتىر. ئوقنىڭ قۇيرۇقىغا 3 ~ 4 تال پەي تەڭ ئارىلىق قالدۇرۇپ چاپلانغان، قېزىۋېلىنغاندا ناھايىتى ئاز قالدۇقىلا، يەنى كۆتىكىلا ساقلىنىپ قالغان. باشاق (ئوق بېشى) ئادەتتە ياغاچ، سۆڭەك ۋە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، ياغاچ ئوق بېشىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك قانات بولۇپ، باشاق يېلىم بىلەن ئوق دەستىسىگە كىرگۈزۈلۈپ ئىنچىكە كىرىچ بىلەن باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مۆڭگۈزدىن ياسالغان باشاقمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ تۆمۈر باشاقنىڭكىگە ئوخشايدۇ[1].

(2) تاش قوراللار.

3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن

قېزىۋېلىنغان تاش قوراللار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار ئاساسلىقى بىلەي، هاۋانچا تېشى ۋە باشقا تاش ئەسۋابلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر دانە بىلەي تاش، بەش دانا هاۋانچا تېشى، تۆت دانە ياپىلاق تاش قورال ۋە بىر دانە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك تاش قورالدىن ئىبارەت.

(3) تۆمۈر قوراللار

بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان تۆمۈر قوراللارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، ساقلىنىش ئەهۋالىمۇ خېلى ياخشى. ئۇلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك كىچىك تىپتىكى بۇيۇملار بولۇپ، ئاساسلىقى پىچاق، بىگىز، ئىلمەك، ئېغىزدۇرۇق، باشاق، كىچىك جام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇلاردىن ئۈچ دانە پىچاق، ئىگەر، يۈگەن ۋە ئۇقيا قاپلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك، ئىككى دانە ئېغىزدۇرۇق بىر دانە، جام بىر دانە، ياغاچ دەستىلىك بىگىز ئىككى دانە بولۇپ، بۇلار قەدىمكى پىچان ئاهالىلىرىنىڭ تۆمۈرچىلىك ۋە مەدەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(4) ئالتۇن ۋە مىس بۇيۇملار

3 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن ۋە مىس بۇيۇملار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئاساسلىقى، بىر دانە ئالتۇن هالقا، بىر دانە باش كىيىم بېزىكى قاتارلىقلار بار. مىس بۇيۇملاردىن بىر قىسىم هالقىلار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى ئالتۇن هالقىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

(5) سۆڭەك ۋە مۈڭگۈز بۇيۇملار

3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان سۆڭەك ۋە مۈڭگۈز بۇيۇملار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بىر دانە سۆڭەك شۇمەك، ئىككى دانە مۈڭگۈز ئېغىزدۇرۇق جاۋغايلىقى، بىر دانە سۆڭەك ئېغىزدۇرۇق جاۋغايلىقى، 10 نەچچە دانە مۈڭگۈز جام، بىر دانە سۆڭەك بىگىز، ئىككى دانە سۆڭەك توقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(6) كۆن - خۇرۇم، يۇڭ توقۇلما، پاختا توقۇلما ۋە كىگىز بۇيۇملار

بۇ تۆردىكى بۇيۇملار نەچچە ئەسىرلەپ يەر ئاستىدا ياتقاچقا، چىرىپ، سېسىپ يىرتىلىپ ياخشى ساقلىنالمىغان، كۆپىنچىسىنىڭ پەقەت پارچىسىلا قالغان. بۇلاردىن بىر دانە تېرە غىلاپ، بىر دانە تېرە پەلەي، نەچچە دانە تېرە ياستۇق، 10 دانە يۇڭدىن توقۇلغان بەلباغ، ئۈچ دانە كىگىز مالىخاي قاتارلىقلار بار [*] .

ئارخېئولوگلار ياڭخي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋالغان هەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۇرپان دىيارىنىڭ قەدىمكى ئاساسلىق ئاهالىسى بولغان غۇز- قاڭقىللارغا مەنسۇپلۇقى هەققىدە توختىلىپ: «بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، رەڭلىك ساپاللارنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تېگى دۈگىلەك قاچىلار ۋە بىر قۇلاقلىق قاچىلار كۆپ، بەزى كومزەك ۋە جاملارنىڭ شەكلى تۇرپان رايونىدىن بايقالغان غۇز- قاڭقىل مەدەنىيىتىگە تەۋە شۇ تۆردىكى بۇيۇملارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلاردا كۈچلۈك ئورتاقلىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكىنىڭ ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» [*] دەپ يازغان.

ئارخېئولوگلار قەبرە ئىگىلىرى غۇز- قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشى هەققىدە توختىلىپ: «ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەر سۇ ۋە ئوت- چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنى قومۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، [*]. تەڭرىتاغ شىمالىي يولىدىكى قەبرىستانلىق ۋە [*] ، چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردا ئەكس ئەتكەن ئىقتىسادىي فورماتسىيە بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئولتۇراقلاشقان ياكى يېرىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت يالدامىلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىستانلىقى [*] ، توقسۇن ناهىيىسىدىكى يېڭىيايلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى [*] ،

قاغىچاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى [10]، ئالغۇيدىكى تىك ئازگاللىق توپا دۆۋىلىك قەبرىلەر [11]، پىچان ناھىيىسى سۇبېشى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار [12] دىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى بىر خىل مەدەنىيەت تۈرىگە كىرىدۇ»، [13] دەپ يازغان.

ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە توختىلىپ: «ياڭخىي I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ناھايىتى مول بولۇپ، ئەتراپتىكى مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئالاقىدار مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئېنىق دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت مۇساپىسى تۇچ قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ»، [14] دەپ يازغان.

دېمەك، ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىكى يادىكارلىقلار ئەجدادلىرىمىز غۇز - قاڭقىللارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردىن بۇيان تۇچ قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياراتقان يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلار ئەتراپلىرىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوخشاشلىقتا ۋە ئورتاقلىقتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**10. مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرى ھەققىدە**

يۇقىرىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن ھەمدەپنە بۇيۇملار ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرى ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، ياڭخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان بەزى جەسەتلەرنىڭ بېشىغا قۇلۇلە قېپى بىلەن بېزەلگەن ئېسىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلما لېنتا باغلانغان. خۇرۇم ئۆتۈكى مىس تۈگمە بىلەن بېزەلگەن، پاچىقىغىمۇ مىس قوڭغۇراق ۋە مىس نەيچە بېزەكلەر ئېسىلغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھازىرغىچە پەقەت مۇشۇ جايدىلا بايقالغان بولۇپ، يۇرتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەبرىلەردە تېخى بايقىلىپ باقمىغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ جايدا جەسەت كارۋىتى ئىشلىتىش كەڭ ئومۇملاشقان. ئايرىم جەسەتلەرنىڭ ئاستىغا قوي تېرىسى، قومۇش ۋە بورا سېلىنغاندىن باشقا، قالغان جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەكلا كارۋات بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان. بۇ ھازىرغىچە پەقەت مۇشۇ جايدىلا بايقالغان بىر مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، كۆپىنچە جەسەتلەرنىڭ تىز بوغۇمى ئاستىغا ياغاچ تىرەك قويۇپ دەپنە قىلىش ئادىتى تۇنجى بولۇپ بۇ جايدا بايقالغان.

تۆتىنچىدىن، قەبرىلەردىن چىققان نۇرغۇن ئادەم بېشى ئەۋرىشكىلىرىدە بېشىدىن تۆشۈك ئېچىش ھادىسىسى ۋە جاراھەت ئىزلىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن. بۇلار ئىنسانشۇناسلىق ۋە پاتولوگىيە (كېسەلشۇناسلىق) تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئەڭ قىممەتلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، بۇ جايدىن چىققان نۇرغۇن ئەر - ئايال جەسەتلەرنىڭ قوللىرىغا ھەرخىل گۈل - نۇسخىلار سىزىلغان بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئىپتىدائىي ئېتىنىك ئادەتتۇر.

ئالتىنچىدىن، بۇ جايدىن بايقالغان سايۋا ئۈزۈم پەلىكى ئەۋرىشكىسى ھازىرغىچە جۇڭگو تەۋەسىدىن بايقالغان ئەڭ قەدىمكى ئۈزۈمگە دائىر يادىكارلىق بولۇپ، دىيارىمىز ئۈزۈمچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

يەتتىنچىدىن، ياڭخىيدىكى M90

نومۇرلۇق ۋە M263 نومۇرلۇق قەبرىدىن قەدىمكى مۇزىكا ئەسۋابى بولغان غۇڭقادىن ئىككى دانە تېپىلغان. گەرچە ئىلگىرى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئىككى دانە غۇڭقا قېزىۋېلىنغان [1] بولسىمۇ، لېكىن ياڭخەيدىن تېپىلغان ئىككى غۇڭقا ھازىرغىچە يۇرتىمىزدىن بايقالغان دەۋرى ئەڭ بۇرۇن ۋە ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل بولغان غۇڭقا ھېسابلىنىدۇ.

سەككىزىنچىدىن، بۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان بىر ياغاچ تاۋاقنىڭ تېگىگە بىر يولۋاس ئوبرازى پېتىنقى شەكىلدە ئويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ھۈنەر-سەنئەتتە قالتىس كامالەتكە يەتكەنلىكى ھەم ھازىرغىچە يېگانە بايقىلىش بولغانلىقى بىلەن ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرغان.

توققۇزىنچىدىن، M248 نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر ياغاچ جام قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت دانە ئارقار ئوبرازى چېكىلگەن، بۇ ھازىرغىچە پىچاندىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى بىلەن بازىرىقتىكى قەبرىدىن باشقا جايلاردا ئۇچراپ باقمىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئونىنچىدىن، بۇ جايدىن چىققان رەڭلىك ساپاللارنىڭ گۈل- نۇسخىلىرى ھەرخىل، ئاساسلىقى، ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك، رومبا شەكىللىك سىزىقچىلارنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل بۇيۇملارنىڭ قۇلىقىغا سىزىلغان گۈل- نۇسخىلار ئىچىدە ئۈچ بۇرجەك نۇسخا ھەممىدىن كۆپ سالماقنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ياغاچ سوغا ۋە كىيىم- كېچەكلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مانا بۇ، مۇشۇ خىل گۈل نۇسخىنىڭ تۇرپان دىيارىدا ئەڭ كۆپ ئوموملاشقان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 11. فولكلور ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە

ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر - ئوردا- قەسىرلەر تارىخى بولماستىن، بەلكى خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى، قىسقىسى، ئىنسانىيەت ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ «ئادەم» بولغاندىن باشلاپ نەچچە ئون مىڭ يىللار مابەينىدە ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت.

باغرى ھارارەتلىك يالقۇنتاغ كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان تۇرپان ۋادىسى ئەنە شۇنداق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئاپىرىدە بولغان مۆجىزىدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايون، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «ئۈستى ئوچۇق مۇزېي» لىقى، نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى جەسەتلەر بىلەن ھەمدەپنە جاۋاھىراتلىرىنى ئەينەن ساقلايدىغان قۇرغاق ئىقلىمغا خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۆجىزىدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تىپى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرخىل مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن، دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسىي مەدەنىيەت رايونلىرىغا مەڭگۈلۈك ئېتنىك ۋە مەنىۋى تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەن، كىشىلىك تارىخىنىڭ ئۆتمۈش سىرلىرىنى ئېچىش ۋە كەلگۈسى مۇئەممالىرىنى يېشىشتىكى مۇھىم ھالقىلىق قىممىتى بىلەنمۇ مۆجىزىدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايوندۇر.

جاھان ئەھلىنى قايىل قىلغان بۇ ئانا تۇپراق ئۆز كۆكسىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسان تۇركۈملىرىنىڭ جەسەتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. ھازىرغىچە ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمى بۇ زېمىندىن كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئېرىشتى ۋە ئېرىشىۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە تۇرپان دىيارىدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي غولىدىكى تەكشى تۆپىلىكتىن بايقالغان كونا تاش قورال دەۋرى ئىزى، تۇرپاندىكى ئاستانە كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈكتىن بايقالغان ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى ئىزى، تۇرپان يارغولدىكى

يېڭى تاش قورال دەۋرى ئىزى، قارا غوجا ئىزى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئويمان بۇلاق، پىچان ناھىيىسىدىكى دىڭغار، قىزىل قۇم، ياڭخى ئاسقىلىق مەھەللە، ئاقتېرەك قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس ئىزلار، يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن نەچچە مىڭ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى ئىز، خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تۇرپان دىياردا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز غۇز-قاڭقىللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە دائىر مول يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇلار قەدىمدە تۇرپان دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز غۇز- قاڭقىللارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىدىن بۇيانقى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نەق ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخ ئېھتىمالىم زامان چاڭ-توزانلىرىدىن ئېشىپ قالغان ۋە قىسمەن بولسىمۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ مول ۋە ئېسىل يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش بۇرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى غۇز-قاڭقىل خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولسا كېرەك.

تارىخ - ئارخېئولگىيە مەنبەلىرىدىن مەلۇمكى، دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ ھارارەتلىك بىر پارچە بوستانلىقى بولغان تۇرپان دىيارى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان، شۇنداقلا باغرىنى ھارارەتلىك قۇتتاغ كۆيدۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ خاسىيەتلىك زېمىن-ئانا تۇپراق ئاھالىلىرى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مىلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. تارىختىكى غۇز-قاڭقىللارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ جايدا ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، توپ-پادىلىق ۋە ساددا-نادانلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كونا-يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي مەدەنىيەت

نەمۇنىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. روشەنكى، بۇ زېمىندا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ياشىغان ئىپتىدائىي ئەجدادلار ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى ياكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغىچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، نادانلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرى، توچ قوراللىرى دەۋرىدىكى تاش ۋە ياغاچتىن، لاي ۋە سۆڭەكتىن، يۇڭ رەخت ۋە مېتاللاردىن ياسالغان يادىكارلىقلىرىغا «يېزىپ» قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ خىلمۇ خىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ھەرخىل- ھەر رەڭدىكى مول ئىزنا-يادىكارلىقلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن تەپەككۇر ۋە روھىيەت جەھەتتىكى مەدەنىيەت ھەم ئېتىقاد ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر-ئىنفورماتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كۈرەشلىرى تارىخى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئىنسان ئۇچۇر قالدۇرغۇچى زاتتۇر. ئەگەر بىز، يېزىقنى ئۇچۇر دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇچۇرنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەربىر قەدىمى ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قەدىمكى ئىز، خارابە ۋە ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلىرىدەك ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ بۇنداق بىۋاستە، بىرىنچى قول، ئەمەلىي ۋە كونكرېت ئىزنا-يادىكارلىقلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ بولۇپمۇ ئوردا-قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخىدىن تېخىمۇ چىنراق

ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە.

ۋاھالەنكى، تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخ ئىزى، تارىخ چۆكمىلىرى، تارىخ يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ ئۇچۇرىنى ئاساس قىلىپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئۇ، باشقا ۋاستىلىك، يازما مەلۇماتلارنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزان. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخنىڭ ئۇچۇرى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش-كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىققا، سىستېمىلىققا، مەنتىقىلىققا ۋە ئەنئەنىۋىيلىككە ئىگە بولىدۇ. ياسالما «پاكىت» لار ياتلىقى، ياسالمىقى، تەنھا ۋە تاسادىپىيلىقى بىلەن سىگمەيدۇ.

ئەگەر تۇرپان ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى ئىز، خارابە ۋە ئىپتىدائىي قەبرىلەردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك نەق ماددىي يادىكارلىقلار يەنى قەدىمكى زاماندىن كەلگەن ئۇچۇرلار تارىخ ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنداقتا قەدىمكى تۇرپان دىيارى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخى ئوخشاشلا تولىمۇ قەدىمىيدۇر. يازما تارىخي مەنبەلەر يېتەرلىك ئاساس قىلىنىش بىلەن بىللە، يېزىقتىن ئىلگىرىكى يېزىق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تامغا-بەلگە، ئىزنالار روشەنلەشتۈرۈلۈشى، ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلاردىن چىققان بارلىق ئۇچۇرلار تارىخي ئېتىبارغا ئېلىنىشى زۆرۈر.

بۈگۈنكى زامانىمىزنىڭ ئۇچۇر-ئىنفورماتسىيە دەۋرىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە كىرىپ بېرىشى بىلەن تارىخي تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىلگىرىكى بىر تالاي قۇرۇق گەپ قىلىپ، ھېكايە-چۆچەك سۆزلىگەندەك ئېزىپ ئىچۇرۇپ بايان قىلىشتەك تۇترۇقسىز، جانسىز ۋە ئەۋرىشىم ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئارخېئولوگىيىلىك نەق ماددىي يادىكارلىقلاردىن دەلىل-ئىسپاتلار كۆرسىتىش ئارقىلىق تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز ئورگىنالى، ئۆز تامغىسى، ئۆز ئىزناسى، ئۆز ئۇچۇرى، ئۆز قىياپىتى ۋە ئۆز يادىكارلىقى بويىچە ئىزاھلاشنىڭ يېڭىچە بايان قىلىش شەكلىگە يۆتكىلىشى مۇقەررەر. بۇ خىل يېڭىچە تەتقىقات ئۇسۇلى تارىختىن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزى سۆزلىگەن تارىخنىڭ ماددىي يادىكارلىقلىرىنى ئۆزى پەرق ئېتەلمەيدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىكى «مەدرىسۋازلىق» ئىستىلىنى ئاياغلاشتۇرغۇسى.

مېنىڭچە، ياغىچى قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا ئوخشاش 3000 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس ئىپتىدائىي قەبرە-يادىكارلىقلىرىدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت-سەنئەت جاۋھىراتلىرىدەك شۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدە ئاپىرىدە بولغان، قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئوخشاش فولكلورلۇق، ئېتنولوگىيىلىك خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخي ئىزنالىرى، تارىخي مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنى، تارىخي ئۇچۇرلىرىغا ئوخشاش نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى دەلىل-ئىسپاتلار قىلىپ كۆرسىتىپ بايان قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇنداق تارىخي ئۇچۇرلار ئۆزى ياراتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش-كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىققا، سىستېمىلىققا، مەنتىقىلىققا ۋە ئەنئەنىۋىيلىككە ئىگە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلار پائالىيەت قىلغان، «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي» دەپ شۆھرەتلەنگەن تۇرپان دىيارىدەك بۇ كەڭ سىرلىق زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرى يالداملىرى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكارىلىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۇچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. شۇنداقتىمۇ 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان، ناگان-ناگاندا تېپىلىپ تۇرىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقىلىشلار بۇ كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ھايات پائالىيىتىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ھازىرغىچە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ

ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان ئىزلار، ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس ئىز، خارابە ۋە ئىپتىدائىي قەبرە- يادىكارلىقلار گەرچە ئەينى زاماندىكى تۇرپان دىيارىنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەجدادلار ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ھېچ بولمىغاندا ئېتىقاد، تۇرمۇش، روھىيەت قاتارلىق ئاساسلىق تەرىپىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنداقلا ئەينى زاماندىكى ئەجدادلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەتلەشكەن ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. شۇڭا قەدىمكى ئىز، خارابە ۋە ئىپتىدائىي قەبرە- يادىكارلىقلار ئەجدادلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش، ئېتىقاد، روھىيەت قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر، دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز.

پىچاندىكى ياڭخىي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3500 يىللار ئالدى- كەينىگە خاس ھەرخىل ئېسىل يادىكارلىقلار تارىم، كۆنچى، يورۇڭقاش ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، قومۇلدىكى يانبۇلاق، لاپچۇق، ئەسكى شەھەر قەدىمكى قەبرىلىرى ۋە تۇرپاندىكى قاراغوجا، ئاستانە، ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار جۈملىدىن بايدىكى قىزىل، بوگوردىكى چۆمپاق، خاتۇنسۇمبولدىكى چابىغا قەبرىستانلىقلىرى بىلەن تۇرمۇش ھەم ئېتنىك ئادەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ يۇقىرىقى 3000- 4000 يىللىق تارىخىمىزغا شاھىد بولغۇچى قەبرىستانلىقلاردىن مەلۇم بولغان جەسەت يېنىغا چاكاندا ۋە باشقا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى قويۇپ بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا خاس بىر خىل ئەنئەنىۋى ۋە تارىخىي ئېتنىك ئادەت سۈپىتىدە يۇرتىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردە ئوخشاش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى بويىچە چاكاندا، كەندىر ئۇرۇقى ۋە ئەگلىكئوت قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ قەبىلە ۋە ئۇرۇق- قوۋملىرى ئىچىدىكى ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالىغان، شىپا تاپقۇزغان بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىمۇ كېسەل بولىدۇ، دورا- دەرمەككە ئېھتىياجلىق، دەپ قاراپ ئۆلگەن ئادەم قەبرىسىگىمۇ ھەرخىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى بىللە قويۇشنى ئادەت قىلغان⑩.

دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي قەبرىلەردىن تېپىلغان كىيىم- كېچەك ۋە زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قورال- سايمانلىرى، قاچا- قۇچا، جابدۇقلىرى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلار، قەبرە ئېتنولوگىيىسىدىكى ئورتاقلىقلار، ئېتىقاد- ئادەت، ئالەم قارىشى جەھەتتىكى ئورتاقلىقلار ۋە باشقا ھەرخىل بەلگە- ئالامەتلەر ۋە يازما يادىكارلىقلار بىزگە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل يېزىق ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، نەچچە قېتىم خانلىقلار قۇرۇپ نەچچە قېتىم مۇنقەرز بولغان بولسىمۇ، نەچچە قېتىم بىرلىككە كېلىپ نەچچە قېتىم پارچىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز يەرلىك مىللىي پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغانلىقىنى، دەۋرمۇ دەۋر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، 2000- 3000 يىللار ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم قالغان روشەن مىللىيەتلىك ئېتنىك خاسلىقىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەجدادلاردىن مىراس قالغان يۇرتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى قەبرە- يادىكارلىقلار بىلەن دەپنە بۇيۇملىرى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ئادەت- ئېتىقادنىڭ بىر پارچە ئەينىكى سۈپىتىدە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەدىمكى قەبرە- يادىكارلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەقسەتلەرنى كۆزلەپ كۆمۈلگەن ئەمەس،

ئەلۋەتتە. بىز بۇ قەبرە - يادىكارلىقلىرىدا نامايەن بولغان ھەرخىل ئالامەتلەردىن قەدىمكى غەربىي يۇرت يەنى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي غار - ئۆڭكۈر سىزمىلىرىدا، مىڭئۆيلەردە سان - ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرىدە، قەبرە ئېتنولوگىيىسىدە ھەم ئىپتىدائىي فولكلورىدا ئىزچىل، ئۆز توپرىقىغا خاس مەدەنىيەت - سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئادەت، سەنئەت ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرخىل ئېتنىك ئەنئەنە تەرىقىسىدە ئىزچىل ئىپادىلىنگەنلىكىنى كۆرىمىز ⓾ .

ئېتنىك ئادەت ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پىچاندىكى سۇ بېشى ھەم ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىغا ئوخشاشلا يورۇغقاش، تارىم، قومۇل، تۇرپان ۋادىلىرىدىكى ئىپتىدائىي قەبرىلەرگە تاش، ياغاچ، لاي، سۆڭەك، مېتال، ساپال، تېرە، كىگىز، رەختتىن ئىشلەنگەن ھەرخىل ھەمدەپنە بۇيۇملار بىلەن بىللە ھەرخىل شەپالىق ئۆسۈملۈكلەرنى قويۇش، ئۆلگۈچىنىڭ روھى بولارنى داۋاملىق ئىشلىتىدۇ، دەپ قاراش، روھنىڭ كېسەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، جان، تەن، روھ، كېسەللىك، ساغلاملىق ھەققىدە ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئېتنولوگىيىلىك - فولكلور خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھادىسى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ياراتقان پۈتكۈل مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن چوڭقۇر يىلتىزداشلىقىقا، تومۇرداشلىقىقا ۋە باشلىنىش مەنبەداشلىقىقا ئىگە. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدىكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بىر خىل ئېتنىك ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىرەر فولكلور خاراكتېرلىك مەدەنىيەتنىڭ، جۈملىدىن بىرەر خەلقنىڭ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئېتنىك روھىيىتى بىلەن باغلانغان خاس مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز توپرىقى، ئۆز مەنبەسىدىن خالى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتى ئەنئەنىسىنىڭ مەنبەسىنى پەقەت ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئېتنىك تۇرمۇش تارىخى ۋە فولكلور روھىيىتى ئارقىلىقلا ئىزاھلاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تۇرمۇشىدىكى مۇنداق نەچچە مىڭ يىللىق ئىزچىللىق، ئوخشاشلىق، ۋارىسلىق ئادىتى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىدىكى ئۆزىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قېنىدىن، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن، ئىپتىدائىي تەپەككۇرى ۋە ئىپتىدائىي تەلىمات قاراشلىرىدىن، فولكلورلۇق ئېتنىك مەدەنىيەت تىپىدىن ئاپىرىدە بولغان ھەممە ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان فولكلور تىپى، روھىيەت تۈسى، ئالەم - كائىنات قارىشى ھەم ئىپتىدائىي تەپەككۇر خاھىشچانلىقى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي بىر سىستېما ياراتقان چوڭقۇر يىلتىز، يىراق مەنبە، ئۇزۇن ئېقىم، كۆپ قاتلاملىق ئېتنولوگىيىلىك مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن. بۇنداق فولكلورلۇق، مىللىيەتلىك ئېتنىك ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش قايناملىرىدا ۋە ئۇزاق تارىخىي ئېقىمىدا ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى - گېنىزىسىنى باشتىن - ئاياق ئىزچىل ساقلىغان، ئۇيغۇرلار ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قويغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئېتنىك ئادەتنى ئۆزىگە مەنبە، تامغا، ئەندىزە، ئۇرۇق - تۇخۇم، ئۇرۇق ۋە گېن قىلغان، ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن روھىيەت تامغىلىرى ئىزىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان.

---

**ئىزاھاتلار**

① ② ③④⑤ ⑥⑦ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن تۇرپان

ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى: «پىچان ناھىيە ياڭخىي 1-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۈيغۇرچە، 2004-يىل 4-سان 1-، 8-، 11-، 23-، 27-، 28-، 33-بەتلەر.

[8][9][10][11][12][13][14]: «پىچان ناھىيە ياڭخىي 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۈيغۇرچە، 2005-يىلى 1-، 2-قوشما سان، 25-، 39-، 40-، 42-، 43-، 46-، 57-، 66-، 70-، 71-بەتلەر.

[15]«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۈيغۇرچە، 2004-يىل، 4-سان، 35-بەت.

[16] شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىق باشقارمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكولتېتى مەدەنىيەت يادىكارلىق- مۇزېيى كەسپى كۇرسى: «شىنجاڭ قومۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1998-يىل 3-سان.

[17] لۈيېنگو، چاڭ شېئىن، ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭ برونزا دەۋرىگە ئائىت ئاخېئولوگىيلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، سۇبەي مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «سۇبېشى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگو ئاخېئولوگىيىسى»، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 1999-يىل.

[18] ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «تۇرپان ئايدىڭكۆلدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق»، «ئارخېئولوگىيە» 1982-يىل، 4-سان.

[19]تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى : «توقسۇن ناھىيىسى يېڭى يايلاقتىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە»، 1985-يىل، 5-سان.

[20]تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «توقسۇن ناھىيىسى قاغىچاقتىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تازىلاشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە»، 1987-يىل، 7-سان.

[21]تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «ئالغۇيدىكى تىك ئازگاللىق ياغاچ ساندۇقلۇق قەبرىلەرنى تازىلاشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1991-يىل، 2-سان.

[22]تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «پىچان سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە»، 1984-يىل، 1-سان؛ «پىچان سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى يېڭى بايقاشلار»، «ئارخېئولوگىيە»، 1987-يىل، 6-سان؛ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي: «پىچان سۇ بېشىدىكى III نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1994-يىلى، 2-سان؛ «پىچان سۇ بېشىدىكى I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1993-يىلى، 4-سان؛ لۈيېنگو: «پىچان ناھىيە سۇ بېشىدىكى خارابىلىكلەر»، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە يىلنامىسى، 1993»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى.

[23][24]«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۈيغۇرچە، 2004-يىل، 4-سان، 35-، 36-بەت.

[25]ش ئۇ ئا ر مۇزېيي، بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «شىنجاڭ چەرچەن ناھىيە زاغۇنلۇقتىكى I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىش دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003-يىل، 1-سان.

[26] ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا چاكانىدا ئېتىقادچىلىقى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىدە چاكانىدىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، 2006-يىل، 6-سان ۋە 2007-يىل، 1-سان.

[27]ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «پىچاندىكى ياڭخىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان دورىلىق ئۆسۈملۈك كەندىر ۋە ئەگلىكئوت ھەققىدە»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2007-يىل 1-سان.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىن)

(تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان تاشكېمىرلەر

تاڭ دۇڭ

تەرجىمان: مىجىت تۇرسۇن

## 1

فون لىكوك قۇرۇپ كەتكەن كېكىردىكىنى قىرىپ تۇرۇپ «ئاھ، تۇرپان» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ گېرمانىيىلىك ھەمراھى بارتوسنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، ئات ھارۋىسىنى توختاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئالدىدىكى بوستانلىققا تىكىلدى. تۇرپان چەكسىز قۇملۇقتىكى يېشىل ئارالدەك سىرىق چاڭ-توزان ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېخى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتمىگەن خارابىلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئۇزاق تارىختىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

-ئاشۇ يەر شۇ -، فون لىكوك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىچىك باللاردەك سەكرەپ كەتتى ھەممە جايدا تۇرۇپلا كىچىك تەرەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانسىلا كىچىك تەرەت قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

-بارتوس، ھېلىقى قېرى ئەبلەخنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ - ، دېدى فون لىكوك. بەستلىك كەلگەن بارتوس كۈلۈپ قويۇپ:

- سۈيدىكىڭنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا يېتىپ بارغاندۇ ھەرقاچان - دېدى.

-ئۇنداق بولسا ئۇ كۆپرەك پۇرىۋالسۇن، - دېدى فون لىكوك مۈرىسىنى قىسىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

فون لىكوك دەۋاتقان ھېلىقى «قېرى ئەبلەخ» بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ھىندىستان شۆبىسىنىڭ باشلىقى پروفېسسور گرۈنۋېدېل ئىدى.

ئەنگىلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستاننىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىل زىلىگە سالغانىدى. ئاسارە-ئەتىقە يىغىپ ساقلاشتا دۇنياغا مەشھۇر بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالغانىدى. ئۇلار ستەيىن بىلەن رىقابەتلەشمەكچى بولۇپ، گرۈنۋېدېل باشچىلىقىدىكى يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنى ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەۋەتتى. گرۈنۋېدېل ناھايىتى ئەستايىدىل، ئېھتىياتچان كىشى بولۇپ، ئۇ تۇرپان ئەتراپىدىكى قەدىمىي خارابىلەرنى بەش ئاي تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن ھەيكەل، قولىيازما قاتارلىق بۇيۇملارنى 46 ياغاچ ساندۇققا قاچىلاپ بېرلىنغا ئېلىپ كەتكەن. بۇ 46 ساندۇق ئاسارە-ئەتىقە ستەيىن جۇڭگودىن ئېلىپ كەتكەن ئاسارە-ئەتىقىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنىمىگە ئەرزىمىسىمۇ، گېرمانىيە شەرقشۇناسلىرىنى زىل زىلىگە سېلىۋەتتى. گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلىيام II مۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى مەخسۇس بىر كومىتېت قۇرۇپ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنى تېخىمۇ كەڭ-كۆلەمدە قېزىش خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ۋىلىيام II ئۆز نامىدا بۇ كومىتېتقا ناھايىتى كۆپ خىراجەت ئىئانە قىلدى.

لېكىن، گرۈنۋېدېل ئاغرىپ قالغانىدى، ئۇ پات ئارىدا سەپەرگە چىقالمايتتى. شۇڭا، بۇ كومىتېت ۋاقىتىنچە ئالبېرت فون لىكوكنى يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تاللىدى.

كومىتېتنىڭ فون لىكوكنى تاللىشى ناھايىتى توغرا بولغان ئىدى. بۇ كىشىدە سۋېن ھېدىنىدەك قەيسەرلىك، ئاۋرېل ستەيىندەك زېرەكلىك مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇ بېرلىندىكى بىر باي ھاراق سودىگىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدىنلا بەگباش، باشباشتاق ئىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا قانۇنسىز تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقتىن مەكتەپتىن قوغلانغان. ئاتىسى ئۇنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنى ئىلگىر-ئاخىر لوندون ۋە ئامېرىكىغا ئەۋەتىپ سودا-سانائەت باشقۇرۇش ھەمدە قوشۇمچە دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇتقان. ئۇ 27 ياشقا كىرگەندە گېرمانىيىگە قايتىپ بوۋىسى بەرپا قىلغان ھاراقچىلىق شىركىتىنى باشقۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ئازراقمۇ قىزىقمايتتى. ئۇ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقاندا شەرق مەدەنىيىتى بىلەن ئاز ئۇچراشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارلاق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ياردىمىدە كەسپىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇ 13 يىلدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەنلا ئاتا-بوۋىلىرى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بەرپا قىلغان ھاراقچىلىق شىركىتىنى سېتىۋېتىپ، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى مەكتىپىگە كىرىپ، ئەرەب، پارس ۋە تۈرك تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. كېيىن يەنە ئەنەتكەك تىلىنى ئۆگەندى. مىلادىيە 1902-يىلى گرۈنۋېدېل يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنى باشلاپ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىغا يۈرۈش قىلغاندا 42 ياشقا كىرىپ قالغان فون لىكوك بېرلىن ئېتنوگرافىيە موزېيى ھىندىستان شۆبە مۇزېيىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ گرۈنۋېدېل بىلەن ھەمكارلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، گرۈنۋېدېلنىڭ ناھايىتى پۇختا، ئەمما ئېھتىياتچان خىزمەت پوزىتسىيىسى ۋە شەرق مەدەنىيىتىگە تۇتقان كۆزقارىشىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە گرۈنۋېدېل مۇتەئەسسىپ، ئىدىيىسى قاتمال ئادەم ئىدى. ئۇ بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئەسلا چىقىشالمايتتى. گرۈنۋېدېل جۇڭگودىن 46 ساندۇق ئاسارە-ئەتىقىنى ئېلىپ كېلىپ، بېرلىننى زىل-زىلگە سالغاندا ئۇ بۇنىڭغا قىلچىمۇ ھەيران قالمىدى ھەمدە «بۇ توخۇ يۈرەك قېرى ئەبلەخ ئۇ يەردە خۇددى باشاق تەرگەندەك تاشلاندۇق بىر نېمىلەرنى تېرىپ يۈرۈپتۇ. مۇشۇنداق ئەخمەقلەر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە باشچىلىق قىلسا ھەرگىزمۇ بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرگەزمە زالىغا يارىغۇدەك بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ» دەپ كۆرەڭلىدى.

ھازىر گرۈنۋېدېلدىن ئامەت قېچىپ، گېرمانىيە پادىشاھى يىراققا سەپەر قىلىشنىڭ ئۈمىدىنى فون لىكوكقا باغلىغان ئىدى، غەيرەت-شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان فون لىكوكنىڭ جۇڭگو تەۋەسىگە كىرگەن ياكى كىرىش ئالدىدا تۇرغان باشقا ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى دەپ قارىدى، مۇشۇ قېتىمقى پۇرسەت ئارقىلىق گرۈنۋېدېلدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇمۇ گرۈنۋېدېلغا ئوخشاش تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى تەكشۈرۈش نىشانى قىلدى. چۈنكى ئىگىلىگەن ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەرلەردە تېخى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىمىغان بۇددا دىنىغا ئائىت نەچچە يۈز پارچە رەسىم ۋە ھەيكەللەر ساقلانغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرگە بارىدىغان يول ستەيىن ماڭغان جەنۇبىي يولدىن كۆپ ئاسان ئىدى. گېرمانلارنىڭ زېرەكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇلار ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ئەڭ يېقىن يولنى تاللايتتى. نام چىقىرىش ئارزۇسىدا يۈرگەن فون لىكوك ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدى. ستەيىن لوندوندىكى تۇرالغۇسىدا فون لىكوكنىڭ

جۇڭگوغا ئېكسپېدىتسىيىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كەسىپداشلار ئارىسىدىكى قىزغىنلىق ھېسسىياتىنى ۋە ئۇزىگە خىرىس قىلىۋاتقان رىقابەتچىسىگە بولغان نەپرىتىنى باسالماي دەرىزىنى چوڭ ئېچىۋېتىپ دەرىزە سىرتىغا قاراپ: «ئۇلار ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى ئوۋلايدىغان بۆرىلەرغۇ، بۆرىلەر شىكارغا ئاتلىنىپتۇ -دە » دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ دەقىقىلەردە تۇرپان فون لىكوكنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىنىڭ بۇرنىغا ھىدلىق گۆشنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلىۋاتاتتى.

جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ قارىشىچە تۇرپان قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ تۆۋەن ئورۇن ئىدى. ئۇنىڭ شىمالى تەرىپى ئۈستىدىن يىل بويى قار كەتمەيدىغان تەڭرىتاغ چوققىسى، جەنۇپ تەرىپى قۇرۇقتاغ بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئېللىپىس شەكىللىك ئويمانلىق ئىدى. ئويمانلىقنىڭ 4050 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولۇپ، ليۇكسىمبورگنىڭ زېمىنىدىن يەنە 1400 كۋادرات كىلومېتىر ئارتۇق ئىدى. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس يېرىگە جايلاشقان ئايدىڭكۆلنىڭ كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەنلىكتە ئىئوردانىيىدىكى ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. قۇملۇقنىڭ تېمپېراتورىسى ئەسلىدىنلا يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مۇشۇنداق يەر تۈزۈلۈشىگە ئىگە بولغاچقا كۈن نۇرى تارقىلىپ كېتەلمىگەچكە تۇرپان «ئاتەش ماكان» دەپ ئاتالغانىدى.

فون لىكوكنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بارتوس ئىككىسىلا بار ئىدى. تۇرپانغا يېتىپ كەلگەنىدە ھاۋا سالقىن بولغان كۈز پەسلى بولغاچقا ئۇلار تومۇز ئىسسىقنىڭ ئازابىنى تارتمىغان بولسىمۇ، لېكىن پاشىنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي قالدى، مەيلى ئۆي ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن پاشا، كۇمۇتا، بۈرگە، پىت، سېرىق (چايان) ئېشەك ۋە ئۆمۈچۈكلەر ئۇلارنى ئارامىدا قويمىدى، ئۇلارنى ئەڭ قورقۇتقان بىر خىل سۇۋارەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىرچە بولۇپ، كۈندۈزى كۆرۈنمەيتتى، ئەمما، ئۇلار كېچىسى ئۇخلىغاندا يۈزىگە چىقىۋالاتتى ياكى يوتقىنىغا كىرىۋالاتتى. مىجەپ تاشلىسا مىجىلىپ كەتكەن سۇۋارەكنىڭ ئاجايىپ، غەلىتە سېسىق پۇرىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ كېچىچە قۇستۇراتتى. مۇشۇنداق ھاشارەت كۆپ ھەم بېكىنمە ھالەتتىكى رايونلاردا بەزگەك ۋە باشقا كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئەلۋەتتە كۆپ بولاتتى. فون لىكوك بۇنى بىر ياخشى پۇرسەت دەپ قارىدى-دە، ئامېرىكىدا ئۆگەنگەن داۋالاش بىلىملىرى، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئاسپىرىن ۋە باشقا دورىلار بىلەن كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالاشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا «ئۇستا تېۋىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كېسەل كۆرسەتتىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بەزى كېسەللەر نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىن كېسەل كۆرسەتكىلى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ھەر كۈنى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر بىلەن توشۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيدە كېسەل كۆرۈۋېتىپ بىر ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سىرتقا چىقىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ كېسەل داۋالاتقىلى كەلگەنلەردىن دەرۋازىدىن كىرىش ھەققى ئالغانلىقىنى، بۇ ئايالنىڭ پۇلى بولمىغاچقا دەرۋازىدىن كىرەلمىگەنلىكىنى بىلدى. فون لىكوك قاتتىق ئاچچىقلىنىپ (قەستەن «ئاچچىقلانغان» بولۇشىمۇ مۇمكىن) تامدىكى قوزۇقتا ئېسىغلىق قامچىنى ئېلىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى ئۇردى ۋە ئۇنى ۋاڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ دەررىگە باستۇرىمەن دەپ پوپوزا قىلدى. يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ دەررىسىنىڭ يامانلىقىنى، بىر دەررە تېگىشى بىلەن ئادەمنىڭ گۆشلىرىنىڭ تىتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، يىگىرمە دەررە بىلەن ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. فون لىكوك ۋاڭنىڭ كېسىلىنى كۆرگەن، شۇڭلاشقىمۇ ۋاڭ بۇ ئەجنەبىنىڭ سۆزىنى چوقۇم ئاڭلايتتى. شۇ كېچىسى فون

لىكـوك ئەمـدىلا يېتىـشىغا سـىرتتا بىـر كىملەرنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقتى. ئۆي ئىگىسى، ئايىسى، خوتۇن-باللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. فون لىكوك ئۆي ئىگىسىدىن بۇنىدىن كېيىن باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغانغا كاپالەت ئېلىپ ئاندىن ئۇنى ئەپۇ قىلدى. بۇ ئىش ھەش-پەش دېگىچە پۈتۈن تۇرپانغا پۇر كەتتى...ئەسلىدە فون لىكوك بىلەن بارتوسقا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلارنىڭ كۆز قارىشى ئۆزگەردى، ھەتتا شۇ جايدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىككى كىشى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى بۇ ئىككىيلەنگە ياتلىق قىلماقچىمۇ بولدى. فون لىكوك ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن-باللىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ چىرايلىق رەت قىلدى. لېكىن، ھېلىقى ئىككى كىشى ئۆزلىرىنىڭ توي تەييارلىقىنىڭ پۈتكەنلىكىنى، توينى ئەتىلا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. فون لىكوك ئالدىراشلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئەگەر گېرمانىيە پادىشاھى ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلدە ئىككىنچى خوتۇن ئالغانلىقىنى بىلىپ قالسا، يېنىك بولغاندا يىگىرمە دەررە ئۇرىدىغانلىقىنى، ئېغىر بولسا تۈرمىگە تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى ئىككى كىشى بۇلارنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىپ بۇ ئىشنى بولدى قىلدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن فون لىكوك بىلەن بارتوس تۇرپاندا ئاشكارە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. يەرلىكلەر بۇلارنىڭ قەدىمكى خارابە، تاشكېمىر ۋە تام رەسىملەرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئۆزلىكىدىن ياردەم بەردى. يەرلىكلەر تەمىنلىگەن ئەھۋاللار ۋە ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇلار تۇرپاننىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرىنى قېزىش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ بىرىنچى بېكىتى قىلىپ تاللىدى.

قوچو شەھىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى غۇز دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قىسىملار بەرپا قىلغان دەپ قارىلىدۇ، 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تاشلىۋېتىلگەن، 1300 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مۇشۇنداق تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي شەھەرنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپلا بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. فون لىكوك بىلەن بارتوس 11-ئاينىڭ 8-كۈنى قوچو شەھىرىگە كىرگەندە شەھەر ئىچىنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، نۇرغۇن يەرلەرنىڭ تۈزلىنىپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنى، شەھەر ئىچىدىكى بىرقانچە بۇتخانىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. چۈنكى، بۇتخانا تېمىغا بۇددا رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر تام رەسىملىرىنىڭ ماتېرىيالىنى ياخشى ئوغۇت دەپ قاراپ ئېتىزلىرىغا تۆكىدىكەن. رەسىم سىزىلغان ۋە نەقىش ئويۇلغان لىم، بادرىلارنى ئېلىپ كېتىپ ئۆي سېلىشقا ئىشلەتكەن ياكى يېرىپ ئوتۇن قىلىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار ناھايىتى تەسلىكتە تام رەسىمنىڭ بىر پارچىسىنى تاپتى، لېكىن رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزلىرى، ئېغىزلىرى ئويۇۋېتىلگەنىدى. فون لىكوك ئاچچىقىنى باسالماي: «بۇ خەقنىڭ قىلغان ئىشنى كۆرمەمدىغان، نېمىشقا بۇنداق قىلغاندۇ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بىر كىشى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەر رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزىنى، ئېغىزىنى ئويۇۋەتمىگەندە ئۇلارنىڭ كېچىسى تىرىلىپ مەھەللىگە بېرىپ ئادەم، ھايۋان، زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. فون لىكوك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى.

بىراق يەرلىكلەر تەمىنلىگەن يېڭى بايقاش ئۇنىڭغا يەنە قايتىدىن ئۈمىد ۋە

بۇ، 1904-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىدى.

ئېشەنچ بېغىشلىدى. ئۇ يەرلىكلەر بىلەن شەھەرنىڭ مەركىزىگە كېلىپ يېرىمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامدا ساقلىنىپ قالغان خېلى مۇكەممەل تام رەسىمنى كۆردى. رەسىمنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرچە بولۇپ، رەسىمدىكى نۇر چەمبىرىكى ئوراپ تۇرغان سالاپەتلىك بۇتساتۋا بولۇپ، نۇرغۇن ئەر-ئايال راھىبلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى. رەسىمنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى ئېنىق، سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇ بىر قاراپلا تام رەسىمدىكى بۇتساتۋانىڭ مانى دىنىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى مانى ئىكەنلىكىنى تونىدى. مانى بۇ دىننى تەخمىنەن 3-ئەسىردە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىدە بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ تەلىماتى خرىستىيان دىنى، زوروئاستېر دىنى مۇرتلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، كېيىن مانىمۇ كاپىر دېگەن گۇناھ بىلەن كرېستقا مىخلانغان، مانى دىنىمۇ ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان، ھەتتا بارا-بارا يوقالغان. بۇ دىنغا ئائىت ھۆججەت-ئەسەرلەردىنمۇ ئىز قالمىغان. بەختكە يارىشا ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەلگەن مانى دىنى مۇرتلىرى مانى دىنىنىڭ تەلىماتىنى بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كەلگەن، بۇ ئىدىيە بىلەن سەنئەت كېيىنچە يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە كېڭەيگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. فون لىكوك رەسىم سىزىلغان يىل دەۋرىگە ئاساسەن، ئۇ تەخمىنەن 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىزىلغان، بۇ دەۋردە قوچو شەھىرى ئاۋات مانى دىنى جەمئىيىتى ئىدى دەپ يەكۈن چىقاردى. تام رەسىمدىكى مانى ئوبرازى ھازىرغا قەدەر بايقالغان مانىنىڭ بىردىن-بىر ئوبرازى بولۇپ، باشقا يەرلەردە تېخىچە بايقالمىغانىدى. بۇ مانى دىنى مۇرتلىرىنىڭ قالدۇرغان بىردىن-بىر ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بۇ تام رەسىمنىڭ تېپىلىشى ناھايىتى مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. فون لىكوكنىڭ خۇشاللىقتىن قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ بارتوسنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بۇنى ئېلىپ كېتەيلى» دېدى.

دەسلەپكى غەلىبە فون لىكوكنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ قاۋۇل، بەستلىك بىرنەچچە يەرلىك دېھقاننى ياللاپ قوچو شەھىرىدە قېزىش خىزمىتىنى باشلىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا يىپەككە، قەغەزگە ۋە تېرىگە ناھايىتى كۆركەم قىلىپ سىزىلغان يازمىلارنى، رەخت ۋە قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاسما رەسىم ھەمدە تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى قېزىۋالدى. فون لىكوكنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، ئۇلار بىر دۆڭنىڭ ئاستىدىن مانى دىنىنىڭ كىتاب ساقلايدىغان بىر ئۆيىنى تاپتى. بىراق، ئۆي ئىچىدىكى قۇم-توپىلار تازىلانغاندىن كېيىن فون لىكوكنىڭ خۇشاللىقى بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا خاپىلىققا ئايلاندى، ئۆيدىن بىر پارچە كىتاب ھەتتا بىر ۋاراق قەغەزمۇ چىقمىدى. قېزىلغان توپىنىڭ ئىزىغا قارىغاندا بۇ يەر يېقىندىلا قېزىپ قايتا تىندۇرۇۋېتىلگەنىدى. فون لىكوك زەردە بىلەن: «بۇ يەردىكى كىتابلارنى كىمنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ مەن ئۇنى تاپىمەن» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ھېلىلا مەھەللە تەرەپتىن كەلگەن بىر دېھقان ئۇنىڭغا ئۆتكەن يىلى قوشنا كەنتتىكى بىر چارۋىچىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەرنىڭ ئاستىدىكى نەرسىنىڭ كىتاب ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ كىتابتىن بىر نەچچىنى ئېلىپ ئىچىدىكى رەسىملەرنىڭ ئالۋاستىلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالۋاستىلارنىڭ ئۆڭكۈرىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمەن دەپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مالچىنىڭ ۋەھىمىدە ئىككى كېچە-كۈندۈز گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىگەنلىكىنى، ئاخىرى ئۇ مالچىنىڭ بارلىق كىتابلارنى تاغارغا قاچىلاپ ئېلىپ بېرىپ دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

فون لىكوك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئېچىندى. بىراق، بۇ نادان، ئەخمەق مالچىغا نېمىمۇ دېگۈلۈك! ئۇ بۇ يوقىتىشنىڭ ھەممىسىنى گرۈنۋېدېلدىن كۆردى، ئۇ

بارتوسقا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

- ھەممىنى قىلغان ئاشۇ قېرى ئەبلەخ، ئۇ باشقا يەرلەردە تىمسقىلاپ يۈرگىچە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلىنىغا يۆتكەپ كەتمەسمىدۇق! - دېدى.

قاتتىق ئۈيقۇدا ياتقان قوچو شەھىرى ئۆزىگە دەخلى قىلغان بۇ گېرمانىيىلىكنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. فون لىكوك باشقا بىر يەردىن يەنە بىر مانى دىنىنىڭ كىتاب ئامبىرىنى تاپتى. لېكىن ئۇ يەرگە ئېتىزنىڭ سۈيى كىرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقلانغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى توپىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بىرنەچچە كىتابنى ئېلىپ بارمىقىنى ئاستا تەككۈزۈشىگە كىتاب ۋاراقلىرى تىتىلىپ كەتتى. چىراغ يورۇقىدا قەغەز پارچىلىرىدىكى سېرىق رەڭدىكى كىچىك بۇتساتۋالارنىڭ رەسىملىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇ بەزى قەغەز پارچىلىرىنى خاتىرىسىنىڭ قېتىغا ئېلىپ قويدى. لېكىن قانداقلا چېۋەرلىك بىلەن ئىش قىلسۇن، خاتىرىنى ئاچقاندا ھېلىقى قەغەز پارچىلىرى توزۇپ كەتتى. قارىغاندا ئۆيدىكى نۇرغۇن قىممەتلىك كىتابلار ئۇنىڭغا بۇيرۇلمىغاندەك قىلاتتى.

«ئاھ، تەڭرىم، شۇنچە بايلىقلار بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، مەن ئۇلارنى تاپتىم، لېكىن ئۇلارغا ئېرىشەلمىدىم...». فون لىكوك ھەسرىتىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى.

ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان بۇ «ئۇستا تېۋىپ» نىڭ نېمىشقا يەر ئاستىدىكى كېرەكسىز قەغەزلەرنى شۇنچە ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىسىمۇ، يەرلىكلەر ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە داۋاملىق كولىدى. ئۇلار كىتاب ئامبىرى ئىشكى ئالدىدىن قۇرۇپ كەتكەن جەسەت تېپىۋالدى. جەسەت باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن راھىب بولۇپ، ئۇستىدىكى راھىبلىق تونى قانغا بويالغان، كۆكرىكىنىڭ بىر قانچە يېرىدە قىلىچنىڭ ئىزى بار ئىدى. ئارقىدىنلا تورۇسى يۇمىلاق بۇتخانىغا ئوخشايدىغان

ئۆيدىن تېخىمۇ كۆپ قۇرۇق جەسەتلەر چىقتى - بىر نەچچە يۈز راھىبنىڭ ئۆلۈكى بىر يەرگە دۆۋىلىنىپ قالغان بولۇپ، جەسەتتىكى تىغ ئىزلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر جەسەتنىڭ بېشى چوققىسىدىن ئېڭىكىگىچە چېپىۋېتىلگەن، يەنە بىر جەسەتنىڭ بېشى يوق ئىدى.

يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىن ئېسىنى يوقىتىپ فون لىكوكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ جالاقلاپ تىترەپ كېتىشتى. فون لىكوك بۇ ئەھۋالنىڭ دىنى مۇرىتلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىقى بولماستىن، بۇ شەھەر ۋەيران قىلىنىش ھارپىسىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇددا راھىبلىرىنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلىشى دەپ قارىدى. فون لىكوك راھىبلارنىڭ قوينىدىن قولىيازما دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە بارتوسنى جەسەتلەرنىڭ كىيىمىنى بىرمۇ- بىر ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە بۇيرىدى. قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر ئۇلارنىڭ قولى تېگە- تەگمەيلا قاراسلاپ سۇنۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تاپقىنى ئاران بىرنەچچە تال بۇغدايلا بولدى.

- ئۇلارنى كۆمۈۋېتىڭلار، - دېدى فون لىكوك كۆكرىكىگە كرېست سىزىپ تۇرۇپ، قورقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە قالغان دېھقانلار ئاغزىلىرىنى مىدىرلىتىپ ئايەت ئوقۇغۇنىچە جەسەتلەرنى يەنە كۆمۈپ قويدى.

ئىدىقۇت (قوچو) قەدىمىي شەھىرى فون لىكوكنىڭ ئاسارە- ئەتىقە تاپىدىغان دۇكىنىغا ئايلىنىپ قالدى، بارتوس بىلەن ئىككىسى بۇ يەرنى ھەر كۈنى قازدى. قەدىمىي شەھەر كۈن بويى توپا- چاڭ ئىچىدە قالدى. تۆت ئاي جەريانىدا ئۇلار نەچچە كىلومېتىر دائىرىدىكى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى قېزىپ بولدى، تېپىلغان ناھايىتى كۆپ ئاسارە- ئەتىقىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى مانى دىنى ئىجادچىسى مانىنىڭ تام رەسىمىدىن باشقا چوڭلۇقى ئادەمدەك كېلىدىغان قەندىھار ئۇسلۇبىدا نەپىس رەڭلىك ياسالغان بۇتساتۋانىڭ ھەيكىلى ۋە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان نىستورىيان دىنىنىڭ چېركاۋى

ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ كۆپ تېپىلغىنى قەدىمكى پۇل، يىپەك ۋە گىلەم پارچىلىرى ھەممىدە ناھايىتى كۆپ قولىيازمىلار ئىدى. قولىيازمىلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 24 خىل يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرى بۇددا كالاملىرى ئىدى.

فون لىكوك بۇ قەدىمىي شەھەردە ئەمدى كولىغۇدەك بىر نەرسە قالمىدى دەپ قارىغاندىن كېيىن، نەزىرىنى شىمال تەرەپتىكى ئانچە يىراق بولمىغان ئىككى ھىندى دىنى مۇنارىغا ئاغدۇردى. ئۇ بارتوس بىلەن مۇنار تۈۋىگە كېلىپ ئىككى مۇنارنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئىككىسىلا بۇ ئىككى مۇناردىن قولىيازما ساقلانغان غارنى تاپتى. ئۇلار ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا سېلىپ غاردىن تۆت-بەش تاغار قولىيازما تاپتى. بۇ ئويلىمىغان بايقاش فون لىكوكنى قاتتىق خوشال قىلىۋەتتى. ئۇ ئىشلەمچىلەرگە تاغاردىكى قولىيازمىلارنى ئۆزى تۇرىۋاتقان يەرگە ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇپ، بارتوس بىلەن مۇنار ئەتراپىنى داۋاملىق كولىدى. ئۇلار بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قولىيازمىلار خۇددى ئۇستى ئوچۇق كان ئىكەن دەپ ھېس قىلدى، دېمىسىمۇ بۇ يەرگە كەتمەننى بىر چېپىش بىلەن يەردىن «ئالتۇن» - مۆجىزە چىقاتتى.

بىراق، ھېلىقى بىر نەچچە تاغار قولىيازما ئاسانلا قولغا كەلگەن بىلەن، ئۇلار مۇنار ئەتراپىنى يېرىم كۈن قېزىپمۇ ھېچنىمە تاپالمىدى. بۇ چاغدا ئۇلار يېقىنلا يەردە ئىككى ئايالنىڭ بىر توپا دۆۋىسىنى كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلار بۇ ئىككى ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سېۋىتىدە قولىيازما، قەدىمكى پۇل ۋە بىرنەچچە ئالۋاستىنىڭ باش ھەيكىلىنىڭ لىق قاچىلاغلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. فون لىكوك بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ئىزدەۋاتقانلار ئىكەنلىكىنى، قولىيازما ۋە لاي ھەيكەللەرگە قىزىقمايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ ئۆزىدە بار ئىككى ئاقچە بىلەن سېۋەتتىكى نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى بولدى. ئىككى ئايال ئۇلار چۈشەنمەيدىغان تىلدا بىر دەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، ساتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

فون لىكوك ئۇلارنىڭ پۇلنى ئاز كۆرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قولىدىكى سائەتنىمۇ بەردى. ئۇلار يەنىلا ساتقىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇلاردىن زادى نەچچىگە ساتىدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇلار بىرسى سەككىز بارمىقىنى چىقاردى، كەينىدىنلا يەنە ئون بارمىقىنى چىقاردى. ئۇ بۇ ئىككى ئايالنىڭ چوقۇم باشقا كەنتتىن كەلگەنلىكىنى بىلدى، باھا بەك يۇقىرى بولسىمۇ قولىيازمىلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار نەچچە دېسە شۇنچە بەرمەكچى بولدى. لىكوك بارتوسنى ئۆزلىرىنىڭ تايىقىغا پۇل ئەكىلىشكە بۇيرىدى. ئىككى تەرەپ نەرسىلەرنى ئالماشتۇرىۋاتقاندا ھېلىقى باھا قويغان ئايال زىيان تارتقان قىياپەتتە ئۇنىڭ سائىتىنى ئېلىپلا قاچتى، ئۇ ۋارقىرىغىنىچە قوغلىدى. تۇساتتىن ھېلىقى ئايال يەردە يېتىۋېلىپ كۆينىكىنى يۇقىرىغا قايرىدى. فون لىكوك ئىزادا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئارقىدىن تىللىغىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى.

شۇ كۈنى فون لىكوك بېرلىندىكى كومىتېت ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە ئۇ ئەۋەتكەن خىزمەت دوكىلاتىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنغانلىقى يېزىلغان، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ماختالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گرۇنۋېدېلنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ كېتەلمىگەنلىكتىن بارالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ يەنىلا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ۋاقىتىنچە داۋاملىق ئۆتەپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى يېزىلغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ باشلىقلىق ئورنىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، گرۇنۋېدېلنىڭ ساقايسىلا ئۆزىنىڭ قوڭىغا تېپىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى، خەتتە گرۇنۋېدېلنىڭ مۇھىم دەپ قارالغان خارابىلەرگە تەگمەسلىك، ئۇنى ئۆزى بارغاندا قازىدىغانلىقى توغرىسىدىكى

يولىۋرۇقىمۇ يېزىلغانىدى.

فون لىكوك كۆڭلىدە: «ھو، ئاناڭنى، مېنى ھېچكىم تۇسۇپ قالالمايدۇ! قېنى، قايىسىڭنىڭ تاۋۇقىمغا قول سالغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، ئۇخلاپ چۈشۈڭ!» دېگەنلىرىنى ئويلىدى-دە، گرۇنۋېدېلنىڭ خېتىنى يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. ئۇ خۇددى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقنىڭ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى توساتتىن ھېس قىلىپ قالغاندەك، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇتتۇق قازىنىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. مانا بۇ چارە گرۇنۋېدېلنىڭ ئورنىنى ئېلىشنىڭ بىردىن-بىر ئەپچىل ئۇسۇلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى كولاپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتكەن ئىدىقۇت شەھىرىنى تاشلاپ بېزەكلىك مىڭئۆيىگە بېرىشنى قارار قىلدى.

II

بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى يالقۇنتاغ ئارىسىدىكى مورىتۇق جىلغىسىغا جايلاشقان ئىدى. جىلغىنىڭ ئىككى يېنى تىك يار، ئەگرى-بۈگرى بولۇپ جىلغىدا كىچىك بىر ئېقىن سۇ بار ئىدى. جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تىك يارغا يۈزگە يېقىن تاشكېمىر قېزىلغان، بۇ تاشكېمىرلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مىڭ يىللار بۇرۇنقى بۇددا راھىبلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئاجايىپ بىر يەرگە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تاشكېمىرلارنى قېزىشى ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

فون لىكوك بىلەن بارتوس تاشكېمىرلارنىڭ شىمالى بېشىدىكى تاشلاندۇق بۇتخانىغا ئورۇنلاشتى. بۇتخانىدا ئىلگىرى پادىچىلار تۇرغان بولۇپ، ھەممە يەردە قوي قۇمبۇلاقلىرى تۇراتتى، تاملاردىكى رەسىملەر ئىسلىشىپ قاپ-قارا بولۇپ كەتكەنىدى. فون لىكوك پادىچىلارنى تىللاپ ئۇلار تاشكېمىرلارنى مۇشۇنداق بۇزۇۋەتكەندىمۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ بارتوس بىلەن ئازراق بىر نېمە يەۋېلىپلا تاشكېمىرلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان تاغنىڭ ئۈستىدىن سىرىلىپ چۈشكەن قۇم تاشكېمىرلارنىڭ ئىشىكىنى پۈتۈنلەي ئېتىۋالغان ئىدى. ئۇلار مىڭ تەستە ئىگىز پەشتاققا چىقىپ تاشكېمىرنىڭ ئاغزىدىكى قۇمنى گۈرجەك بىلەن تارتىپ تاشكېمىرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئايھاي، تاشكېمىر ئىچىدىكى رەسىملەر ھېلىلا سىزىپ قويغاندەك رەڭلىرى شۇنچە ئوچۇق، ئېنىق بولۇپ شۇ پېتى تۇراتتى، ھېچقانداق بۇزۇلمىغانىدى. فون لىكوك باشقا تاشكېمىرلاردىكى رەسىملەرنىڭمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنى قۇم قوغداپ قالغان، بۇ قۇمنىڭ تۆھپىسى دەپ قارىدى. دەرۋەقە، دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ قۇمنى سۆيدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تام رەسىملىرىنى سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئامەت كەلگەنىدى. ئۇلار بۇلارنى ئويلاپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي تاشكېمىر سىرتىدىكى قۇمغا سىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئازراق ھاياجانلانسىلا مۇشۇنداق كىچىك تەرەت قىلىدىغان ئۇسال مىجەزى بار ئىدى.

ئۇلار بىر نەچچە ئىشلەمچىنى يالالاپ تاشكېمىر ئىشىكى ئالدىدىكى يىغىلىپ قالغان قۇملارنى يۆتكەشكە باشلىدى، قۇم توشۇلغانسېرى تېخىمۇ كۆپ تام رەسىملەر ئېچىلىشقا باشلىدى. ھەممە تاشكېمىرلارنىڭ تام ۋە تورۇسلىرىغا رەسىم سىزىلغان بولۇپ، رەڭلىرى ئېنىق، ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى تام رەسىملىرى مىلادىيە 6-ئەسىردىكى قوچو خانلىقى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كېيىن تاڭ سۇلالىسى، قوچو-ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىدىن تارتىپ 13-ئەسىرلەرگىچە ئۈزلۈكسىز بېيىتىلگەن. تام رەسىملەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، قوچو (تۇرپان) رايونى ئىزچىل تۇردە بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم ئورنى بولۇپ كەلگەنىدى. فون لىكوك تام رەسىملىرىدىن بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىنىڭ 9-ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىكى قوچو ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدا ئىدىقۇت ھاكىمىيەت ئورناتقان ھەم بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان نەچچە يۈز يىللار ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەينى چاغدا بۇ يەر قوچو ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى خان جەمەتىنىڭ بۇتخانىسى ئىدى، ساقلىنىپ قالغان بېزەكلىك مىڭئۆيىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى دېيىشكە بولاتتى. بۇلار فون لېكوكنى خوشال قىلىۋەتتى. فون لېكوك تاشكېمىرلارنى بىرمۇ-بىر ئارىلاپ ئۆزى ئەڭ قىممەتلىك دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئىزدىدى. بىر ئۆيدە ئۇ تامدىكى بۇتساتۋانىڭ رەسىمىنىڭ ھەقىقىي ئادەمدىن چوڭ قىلىپ سىزىلغانلىقىنى كۆردى. بەزى رەسىملەردە بۇددا تونى سېرىق رەڭدە سىزىلغان بولۇپ، ھىندىلارغا ئوخشايتتى، يېنىغا براھما يېزىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغانىدى، يەنە بەزى كىچىك رەسىملەرگە قوللىرىغا سوۋغا سالاملارنى ئېلىپ چوڭ بۇددىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغانلار سىزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە براھما مۇرىتلىرى، ھىندىستان شاھزادىسى، پېرسىيە ئەلچىسى ھەتتا ياۋرۇپالىق فەرەڭلەرمۇ تۇراتتى. ئۇ تاشكېمىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىكاپخانىدىن ئۆزگىچە ياسالغان نۇرغۇن ھىندى بۇتساتۋالىرىنىڭ رەسىمىنى تاپتى. ئىبادەتخانىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا ھەيۋەتلىك تۇرغان ياساۋۇللار بولۇپ، تەقۋادار ئەر-ئايال مۇخلىسلار ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە قول تۇتۇشۇپ تۇراتتى.... باشقا تاشكېمىرلارنىڭ تورۇسىدىمۇ ئۇ مىڭ قوللۇق بۇتلارنى، ئاجايىپ ئۆزگىچە، يەرلىك خۇسۇسىيىتى چوڭقۇر رەسىم نۇسخىلىرىنى ئۇچراتتى. تاشكېمىرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامدا نوم مەزمۇنىغا ئاساسەن سىزىلغان بۇددانىڭ يارالمىش قىسسە رەسىملىرى بار ئىدى. بۇنداق رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتر كېلەتتى، بۇ رەسىملەر قىزىل كاسايانى يېپىنچاقلاپ ئۆرە تۇرغان راھىبلار ئىدى، بۇ راھىبلارنىڭ بويىنىدا تەسۋى بار ئىدى. قول-بىلەكلىرىدە ھەرخىل بەلگىلەر بولۇپ، پۇتىغا چىغ كەش كىيىپ ئېچىلغان نىلۇپەر ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە بۇتساتۋا، پادىشاھ ۋە براھمانلارنىڭ ئوبرازلىرى بار ئىدى. ئۆرە ھالەتتە سىزىلغان بەزى بۇتلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئىبادەتخانا، مۇنارلار باز ئىدى. بىر راھىبنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان تاشكېمىرنىڭ تېمىغا بەدىئىيلىكى شۇنداق يۇقىرى، كۆرگەنلا ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان گۈل بىلەن قۇشنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. بۇ رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بىپايان دالا، بۈك-باراقسان دەرەخلىك بولۇپ، ئوخشاپ كەتكەن مېۋە-چېۋە، يەل-يېمىشلار، كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار، يەردىكى ئوت-چۆپنىڭ ئارىسىدا دانلاپ يۈرگەن ئاق تورنا، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ۋە ئۆت-چۆپلۈكتە ئويناۋاتقان ئىككى ئوغۇل بالا، يانىڭ كىرچىكىنى تارتىپ تۇرغان، تۇرقىدىن چەبدەس، باتۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان مەرگەنلەر بار ئىدى. رەسىم شۇنداق ئېسىل، نەپىس، تەسىرلىك سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئەينى چاغدىكى تۇرپاننىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى ئىدى. فون لېكوك بۇلارنى كۆرۈپ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمايلا قالدى. ئۇ ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغانلىكى تام رەسىمنى بېرلىنغا ئېلىپ كېتىشنى قارار قىلدى.

تامدىكى ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولغان بۇنداق رەسىملەرنى قانداق سويۇش، شۇنچە ئۇزۇن يوللاردا بېرلىنغا قانداق ساق-سالامەت ئېلىپ كېتىش مەسىلىسىدە فون لېكوك ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇنلا بىر يۈرۈش مۇكەممەل تېخنىكىنى ئىگىلىگەنىدى، بۇ ئىش ناھايىتى زور كۈچ تەلەپ قىلاتتى. بىراق فون لېكوك بۇ تېخنىكىنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن بارتوس بىلەن ئىككىسىلا ئىشلەشنى زادى ئامال بولمىغاندا ئاندىن ئىشلەمچىلەرنى ياردەمگە چاقىرىشنى قارار قىلدى.

ئالدى بىلەن قايسى تام رەسىمنى سويۇپ ئېلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ تام رەسىملىرى بىر بىرىدىن

قىلىشمايتتى. لېكىن ئۇ بۇددا دىنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان رەسىملەرنى سويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

فون لىكوكلارنىڭ بېزەكلىككە كېلىشى بېزەكلىكتە ئەجەل سىگنالىنىڭ چېلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

فون لىكوك ئالدى بىلەن ئۈتكۈر پىچاقتا تام رەسىملىرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى كەستى. پىچاق ناھايىتى چوڭقۇر كىرىپ لاي، تۆگە مايىقى، سامان ۋە ھال لېيىدىن ئۆتۈپ تاش قاتلىمىغا يېتىپ باردى. ئاندىن كېيىن ئۈچلۇق كۈرەك، ئىسكىنە ۋە بولقىلار بىلەن رەسىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىنە ئاغزىدەك ئويۇپ ئالاھىدە ياسالغان ھەرىنى ئويۇققا تىقىپ ئېھتىيات بىلەن ھەرىدىدى. ئۇ بۇ جەرياننى خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «تام رەسىمنىڭ ئاستىدىكى سۇۋاق تامدىن ئاجراپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەمچىلەرنى چاقىرتىپ تام رەسىمنىڭ يۈزىگە كىگىز چاپلانغان تاختاينى چىڭ تىرەپ تۇرۇپ رەسىمنى پەم بىلەن چۈشۈرىۋالدىم، رەسىملەر ئەنە شۇنداق تەرىقىدە سويۇۋېلىندى. بۇ ئىنتايىن ئەپچىل، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، رەسىملەر زىيان-زەخمەتسىز، پۈتۈن پېتى يەرگە چۈشۈرۈلدى......»

شۇنداق قىلىپ ھەربىر پارچە تام رەسىمى تامدىن بىر-بىرلەپ سويۇۋېلىندى.

ئارقىدىنلا ئۇ تام رەسىملىرىنى ناھايىتى پۇختا ئوراشقا كىرىشتى، ئۇ تۈز، پۇختا تاختاينىڭ ئۈستىگە كىگىز سالدى، ئاندىن تور پاختا سېلىپ تام رەسىمنى ئېھتىيات بىلەن دۈم قىلىپ قويدى. تام رەسىمنىڭ كەينى تەرىپىگە يەنە تور پاختا قويغاندىن كېيىن، چوڭلۇقى ئوخشاش بولغان رەسىمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ ئىككىنچى تاختاينى رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاپ، ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگە سامان ۋە چىگىتلەرنى تىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر تېڭىق رەسىم تېڭىلىپ بولدى. رەسىملەر قاچىلانغان جەرياندا سىلكىنىپ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن رەسىم تېڭىقنى تۆت ئەتراپىغا پاختا ياكى سامان سېلىنغان ياغاچ ساندۇققا قاچىلىدى.

ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدە بولقا، ھەرىنىڭ ئاۋازلىرى زادىلا تىنجىتىمىدى.

9-ئەسىرگە تەۋە تىپىك غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىدىكى بۇتساتۋانىڭ تام رەسىمى كېسىۋېلىندى. بىر پىرسىيىلىكنىڭ تېۋىنىۋاتقان رەسىمى كېسىۋېلىندى.

بىر ھىندى راھىبنىڭ تام رەسىمى كېسىۋېلىندى.

ئاستىغا ئىسمى خەنزۇچە يېزىلغان بىر خەنزۇ راھىبنىڭ تام رەسىمى كېسىۋېلىندى.

رەسىم قاچىلانغان ياغاچ ساندۇقلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كېمىرلاردىكى تام رەسىملىرى كۈندىن-كۈنگە ئازلاشقا باشلىدى. كېمىرلار بىر-بىرلەپ قۇرۇغدىلىپ قالدى، ئۇلار ناھايىتى چوڭ تام رەسىملىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ كېسىۋالدى.

ئۇلار بۇ ئىشلارنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ياكى ئۆز دۆلىتىدە قىلغاندەك خاتىرجەم، بەھۇزۇر قىلدى. فون لىكوك بىلەن بارتوس يەنە تېخى يۇرتنىڭ ناخشىلىرىنى ئىڭشىپمۇ قوياتتى. پەقەت مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئۇلار ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. ئۇلار كىشىنى چۆچۈتكىدەك غەلىتە، خۇددى ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار شۇ ھامان كارۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ مىلتىقنى ئېلىپ تالاغا يۈگۈردى، تاشكېمىرلارنىڭ ئاستىدىكى تار جىلغىدا يېشىل نۇرلار ۋالىلداپ تۇراتتى. بۇ ئەسلىدە بىر توپ ئاچ بۆرىلەر بولۇپ، ئايدىڭدا بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ بېشىنى كۆتىرىپ ھۇۋلاۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىدىن ۋەھشىلىك ۋە يىرتقۇچلىقى چىقىپ تۇراتتى. فون لىكوكنىڭ بۇ ئەھۋالدىن تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. بۇ بۆرىلەرنىڭ تاشكېمىرغا باستۇرۇپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ بىر پاي ئوق ئاتتى، بۆرە پادىسى

سەل قالايمىقانلاشتىيۇ يەنە بىر يەرگە توپلىشىۋالدى، بارتۇس يەنە بىر پاي ئوق ئاتتى، بىر بۆرىگە ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىنلا بۆرە پادىسى ھوۋلىغىنىچە يىراققا قاراپ قاچتى، لېكىن ئىككىنچى كۈنى كېچىسى بۆرە پادىسى ئۇ جىلغىدا يەنە پەيدا بولدى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى.... فون لىكوك بىلەن بارتۇس بۇنى يامانلىق، كېلىشمەسلىكنىڭ بىشارىتىدەك ھېس قىلدى. بۇ ئۆلارغا خۇددى بىر توپ ۋەھشى جىن-شاياتۇنلار تاشكېمىرلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندەك شەپە بەردى. تاشكېمىرلاردىكى تېخى ئۆيۈۋېلىنمىغان ئالۋاستىلارنىڭ رەسىملىرى ئۆلارغا ئاجايىپ ۋەھشىي كۆرۈندى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلار بىزەكلىكتىن تېز كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئۆلار تاشكېمىرلاردىكى مۇھىم تام رەسىملىرىنى پۈتۈنلەي سويۇپ ئېلىپ بولغان بولۇپ، بۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

فون لىكوك بىلەن بارتۇس بىزەكلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە بىزەكلىككە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر نەچچە خارابىنى قازدى. ئۆلار ھامان كەلگەنىكەنمىز ئېلىشقا بولىدىغانلىكى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەممىنى ئېلىشىمىز لازىم دەپ ئويلايتتى.

ئۆلار بىر بۇتخانا خارابىسىدىن بىر تۈركۈم قولىيازما ۋە كەشتە بۇيۇملىرىنى قېزىۋالدى ھەمدە بۇتخانىنىڭ تاملىرىدا پارچە-پۇرات ساقلىنىپ قالغان 7-ئەسىرگە تەئەللۇق نەچچە پارچە تام رەسىمنى تاپتى.

كىشمىش ئۆزۈمى بىلەن داڭ چىقارغان تۇيۇقتا ئۆلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئون نەچچە بۇتخانا خارابىسىنى بايقىدى. ئۆلار خېلى چوڭ بىر بۇتخانىنىڭ خارابىسىدىن بىر مەخپىي ئۆينى بايقاپ، مەخپىي ئۆيدە ساقلانغان يىپەك، بۆز، يەنە 8-9-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق نەچچە يۈز پارچە قولىيازمىنى تاپتى.

ئۆلار قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇتخانا خارابىسىدىن دەسلەپكى چاغلاردىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ قول يازمىلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە 5-ئەسىرگە تەۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندا ئوقۇلىدىغان قەسىدىلەرنى، گرېكچە يېزىلغان نىشيا تېكىستى ۋە ساكيامونىنىڭ ئاپىسى مايىتا خېنىمنىڭ پۇچۇق رەسىمى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خانىش ھېلىنانىڭ مۇقەددەس كرېست جازىسىنى تاپقانلىقىغا دائىر نوملارمۇ بار ئىدى.

بۇ ئارىلىقتا، فون لىكوك مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن بارتۇسنى تۇرپان ئەتراپلىرىنى داۋاملىق قېزىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىدىقۇت، بېزەكلىك ۋە باشقا جايلاردىن قولغا چۈشۈرگەن يۈز نەچچە ساندۇق ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ئېلىپ غىپپىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ رۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى كۆپ پۇل بىلەن ئىشەنچلىك ئادەملەرنى يالالاپ، ئاسارە-ئەتىقىلەرنى جۇڭگو-روسىيە چېگرىسىدىن روسىيىگە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پويىزغا بېسىپ بېرلىنغا ئەۋەتتى. ئاسار-ئەتىقىلەر قاچىلانغان پويىز پايانسىز سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ بېرلىنغا كېتىۋاتقاندا، فون لىكوك يەنە يوشۇرۇنچە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ بارتۇس بىلەن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش، قەيەرگە بېرىپ قەيەرنى قېزىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

ئۆلار تۇرپانغا 300 كىلومېتر كېلىدىغان قۇمۇلنى تاللىدى.

بىراق، قۇمۇل ئۆلارنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۆلار ساقلىنىپ قالغان بىر نەچچىلا بۇتخانا خارابىسىدىن ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەيكەل بىلەن تام رەسىملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران-چاپقۇن ۋە قار-يامغۇردا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغانىدى.

بۇ چاغدا ئۆلار بىر تۈركمەن سودىگەردىن دۇنخۇاڭدىكى تاشكېمىرلاردا بىر جۇڭگولۇق راھىبنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر نوم ساقلاش

ئۆيىنى تاپقانلىقىنى، ئۆيدە سان-ساناقسىز رەسىم ۋە قولىيازمىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. ئەگەر بۇ ئىش راست بولىدىغان بولسا ئۇنداقتا بۇ تەڭرىنىڭ بەرگىنى ئىدى، دۇنخۇاڭدا دۇنياغا مەشھۇر تام رەسىملىرى بار ئىدى. فون لىكوك بىلەن بارتوس دۇنخۇاڭغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا ئويلىمىغان يەردىن بېرلىندىكى كومىتېتتىن بىر پارچە تېلېگرامما كەلدى، تېلېگراممىدا ئۇلارنىڭ بىر ئاي ئىچىدە چوقۇم قەشقەرگە قايتىشى بۇيرۇلغانىدى، بۇنىڭ سەۋەبى گرۇنۋېدېل قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققانىكەن. ئۇلارنىڭ قەشقەردە گرۇنۋېدېل بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، گرۇنۋېدېل ئۇلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدىكەن، شۇنداقلا كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا پىلان تۈزۈلىدىكەن.

تېلېگرامما فون لىكوكنى قاتتىق خاپا قىلدى. ئۇ تېلېگراممىنى ئەرزىمەس «سېسىق قەغەز» دەپ تىللىدى. بۇ سېسىق قەغەز ئۇنىڭ دۇنخۇاڭغا بېرىشىنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قولىدىكى يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ جۇڭگودىكى «خارابە» لەرنى «زىيارەت قىلىش» ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا بولمايتتى.

-ئۆلگۈر، ئەبگا گرۇنۋېدېل ، سەن مەڭگۈ كېسەل كۆرپىسى بولۇپ ياتقان بولساڭ نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! فون لىكوك قەشقەرگە بارغىچە ئۇنى ئىچىدە قارغاپ ماڭدى.....

III

40 نەچچە كۈنلۈك گۆر ئازابىدىنمۇ جاپالىق يول بېسىپ ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ باردى.

لېكىن گرۇنۋېدېل تېلېگراممىدا ئېيتىلغان مۆھلەتتە قەشقەرگە كېلەلمەيدۇ.

خەۋەرلەردىن ئۇنىڭ يەنىلا رۇسىيەدە يۇتۇپ كەتكەن يۈك-تاقلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېمەك قىيىن ئىدى.

فون لىكوك ئاچچىقىنى باسالماي شىرەنى مۇشتلايدۇ، ئورۇندۇقلارنى تېپىدۇ، ئۇرىدۇ ھەمدە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ. ھەتتا ئادەتتە مۇلايىم، ياۋاش يۈرىدىغان بارتوسمۇ گرۇنۋېدېلنىڭ دېگەن ۋاقىتتا كەلمەي يالغانچىلىق قىلغانلىقىدىن رەنجىيدۇ.

نېمە ئامال، ئۇلار ئۇنى قەشقەردە دەم ئالغاچ ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. فون لىكوك كېلەركى قەدەمدە تەكشۈرىدىغان نىشانىنى بېكىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى كۆپ ماتېرىيال توپلايدۇ. دۇنخۇاڭغا بارالمىغاندىن كېيىن ئەمدى مۇشۇ يەردە بولسىمۇ بىر ئىش قىلىش كېرەكتە. ئۇ گرۇنۋېدېل بىلەن كېلىشەلمىسە ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىش ئىدىيە تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ قويىدۇ.

يېڭى يىلغا ئاز قالغان بىر كۈنى گرۇنۋېدېل قېرى، قوتۇر ئاتقا مىنگىنىچە قەشقەر كوچىسىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئەسلى پىلاندىكى ۋاقىتتىن 50 نەچچە كۈن كېچىككەنىدى. تېخىچە ئاچچىقى يانمىغان فون لىكوك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىنىمۇ قارىماستىن، ئەيىپلەش تەلەپپۇزى بىلەن:

-نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟ مېنى توپ-توغرا ئىككى ئاي ساقلىتىۋەتتىڭىزغۇ؟ - دەيدۇ.

-يۈك-تاقلىرىم رۇسىيىنىڭ بىر بېكىتىدە يۇتۇپ كەتتى، - دەيدۇ گرۇنۋېدېل.

- چوقۇم رۇسىيىلىك ئەبلەخلەرنىڭ قىلغان ئىشى، سىزنى ئۆزلىرىگە پارە بەرمىدى دەپ شۇنداق قىلغان گەپ، - دەيدۇ فون لىكوك.

-توغرا ئېيتتىڭىز، دەل شۇنداق بولدى.

-ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇلارغا پارە بەرمەيسىز؟

-مەن ئۇنداق قىلمىسامۇ بەرىبىر ئۇلار يۈك-تاقلىرىمنى قايتۇرۇپ بەردىغۇ؟

-بىراق سىز ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزىۋەتتىڭىز، مېنى بىكاردىن بىكار شۇنچە ئۇزۇن ساقلاتتىڭىز، ئەسلىدە قىلىدىغان نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار باردى. سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن......

-ھە، مەندىن يامانلاۋېتىپسەندە؟ چاتاق يوق، يىگىت، تارتقان باشقا ئۇۋالچىلىقلىرىڭ بولسىمۇ ئېيتىۋال! - گرۇنۋېدېل فون لىكوكنىڭ ئۆزىدىن رەنجىپ تاپا-تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

فون لىكوك گرۇنۋېدېلنى خاپا قىلىپ قويسا ئۆزىگىمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ گرۇنۋېدېلنىڭ كېسەلچان ھالىتىگە قاراپ باشقا گەپ قىلمايدۇ.

گرۇنۋېدېل تېخىچە كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەنىدى. يول ئازابى سەۋەبىدىن ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا يېتىپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتنى ئازراق بولسىمۇ تېجەش ئۈچۈن كارىۋاتتا تۇرۇپ فون لىكوكنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ، ئاندىن كېيىن فون لىكوكقا ئۆزىنى ئات ھارۋىسى بىلەن يېڭى «زىيارەت» نۇقتىسىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەترەت باشلىقلىق خىزمىتىگە ياردەملىشىشىنى ئېيتىدۇ.

فون لىكوك بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىگىز چاقلىق ئات ھارۋىسىدىن بىرنى تەييار قىلىپ، ھارۋىغا يالاڭ كۆرپە سېلىپ ئۈستىگە گرۇنۋېدېلنى ياتقۇزىدۇ، ھارۋىغا سايىۋەن ئورنىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى «زىيارەت» نۇقتىسى كۇچاردىكى قىزىل مىڭئۆي بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئىككىسىنىڭ ئويلىغىنى يەردىن بىر بولۇپ چىقىدۇ.

تىك ياردا ئىككى يۈز نەچچە تاشكېمىر بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تاشكېمىرلار يىراقتىن قارىغاندا خۇددى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشايتتى. مانا بۇ دۇنخۇاڭ، لوڭمېن، يۈنگاڭ تاشكېمىرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ بۇددا مىڭئۆيىدىن بىرى- قىزىل مىڭئۆيى ئىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ تاشكېمىر سەنئىتى باشلانغان، 3-ئەسىردىن باشلاپ قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، جەمئىي 600 يىلدا مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن. بۇ جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى چوڭ بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

گرۇنۋېدېل بىلەن فون لىكوك ئۈچۈن ئېيتقاندا قىزىل مىڭئۆينىڭ تېپىلىشى چوڭ ئامەت ئىدى. ئۇلار تىك ياردىكى ھەرە كۆنىكىدەك مىڭئۆيلەرنى كۆرگەندە بۇ يەردىكى ئولجىسىنىڭ بۇرۇنقى ھەرقانداق ئولجىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. فون لىكوك تېخىمۇ بەك خوشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ گرۇنۋېدېل بىلەن قىسقىلا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن تاشكېمىرلارنىڭ يېنىدىكى بىر بۇتخانىنىڭ ئىككى ئېغىز كەپىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ جايلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن تاشكېمىرلارنىڭ سىرتىغا بەلگە سېلىپ بۇ يەرنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ قالايمىقان كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. چۈنكى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا فرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيىلەرنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترەتلىرى جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىققانىدى. بۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىگە ئوخشايدىغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئۇلارنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان رىقابەتچىلىرى ئىدى.

بۇ چاغدا فون لىكوك خۇددى مۈشۈك چاشقان تۇتىۋېلىپ يېيىشكە ئالدىرىمىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئۇنىڭچە قىزىل مىڭئۆيى ئۆزلىرىگە تەۋە بولۇپ بولغاندىكىن، كېيىن كەلگەنلەرنىڭ چىشى پاتمايتتى. باشقا ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى كېلىشتىن بۇرۇنقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېقىندىكى خارابىلەرنى قازسا ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۇچار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇمتۇرا مىڭئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تاشكېمىرلارنىڭ كۆلىمى قىزىل مىڭئۆيگە يەتمىسىمۇ، ئوخشاشلا تارىخى

ئۇزۇن، ياسلىشى ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. ئۇلار بىر تاشكېمىردە ناھايىتى نەپىس، جانلىق، رەڭلىرى ئېنىق تام رەسىملىرىنى كۆردى. بۇ چاغقا كەلگەندە گرۇنۋېدېلنىڭ كېسىلى ياخشىلانغانىدى. ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن رەسىم دەپتىرىگە تاشكېمىرلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى بىلەن تام رەسىملىرىنى ئىنتايىن ئەستايىدىل سىزىۋالدى. روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان بۇددا ھېكايىلىرى ۋە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان تام رەسىملىرى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. فون لىكوك بىلەن بارتۇس جوتو، گۇرجەك، تۆمۈر قىسقۇچلاردىن پايدىلىنىپ ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار خۇدانىڭ كۈنىدە يېڭى بايقاشلارغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە ھەيكەل، يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە قوليازمىلار بولۇپ، ھەممىسى ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇملار ئىدى.

شۇ كۈنى ئىككى رۇسىيىلىك خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا مىڭ ئۆيدە پەيدا بولدى. ئۇلار فون لىكوكنىڭ تاشكېمىرلارنى قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مىلتىقلىرىنى بەتلىگەن ھالدا ئېتىلىپ بىرىپ:

— نېمە ئادەمسىلەر؟ تېز چىقىش، — دەپ ۋارقىرايدۇ.

فون لىكوك قاراقچىلارغا يولۇققان ئوخشايمىز دەپ قېلىپ جوتونى تاشلاپ ئاستا سىرتقا چىقىدۇ. بارتۇس بولسا گۇرجەكنى ئېلىپ جان تىكىپ ئېلىشىشقا تەييار تۇرىدۇ.

—بارتۇسنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان بۇ ئىككى مىلتىقلىق بىلەن ئېلىشىشتا زىيان تارتىدىغانلىقى فون لىكوكقا ئايان ئىدى. ئۇ بارتۇسنى قارامىلىق قىلماسلىققا ئىشارەت قىلىدۇ، ئۇلار رۇسىيىلىكلەرگە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

—ئەپەندىلەر، گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى، سىلەر كىم بولىسىلەر، — دەپ سورايدۇ.

—بىز رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى، سىلەرچۇ؟ — دەيدۇ ياشتا چوڭراق بىرسى ۋارقىراپ.

—بىز بېرلىن مىللىي ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدىن، سىلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزدىن بەك خۇشالمىز، — دەيدۇ دوستانە قىياپەتتە قولىنى بېرىپ فون لىكوك.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بۇ ئىككى رۇسىيىلىكنىڭ ئەرۋايى ئۇچىدۇ، ئارىسىدىكى ياشراقى ئېتىلىپ كېلىپ فون لىكوكنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تىللاپ تۇرۇپ:

—ھۇ ئىپلاس تۈڭگۈس، سىلەر گېرمانىيىلىك تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىدە قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر، — دەيدۇ.

—نېمە؟ بۇ يەر سىلەرگە تەۋەمۇ، — دەيدۇ فون لىكوك ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي.

بارتۇس بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي گۇرجەكنى قولىغا ئېلىپ:

—ئۇنى قويىۋەت!— دەپ ۋارقىرايدۇ.

—نېمە، سەن تېخى بىز بىلەن ئېلىشماقچىمۇ؟ — ، دەيدۇ يېشى چوڭراق رۇسىيىلىك مىلتىقىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا باشقا بىر تاشكېمىردا بولۇۋاتقان گرۇنۋېدېل بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ سالا قىلىشى بىلەن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئەسلىدە گرۇنۋېدېل بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ رۇسىيەدىن ئۆتكەندە سان پېتربورگ بىلەن جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى خارابىلەرنى قېزىشتا ئىككى تەرەپ تەڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى كېرەك، گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى تۇرپان ئەتراپى بولىدۇ، كۇچار ئەتراپى بولسا رۇسىيىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندا كېلىشىم تۈزگەنىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئىككى رۇسىيىلىك فون لىكوكنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئاچچىقى كېلىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ئىككى رۇسىيىلىك

بىبلىسوۋسكى ئاكا-ئۇكىلار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قومتۇرادىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن بۇ ماجرا تۈگەيدۇ. ئۇلار قىزىل مىڭئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەر كۇچاردىن يىراق بولمىسىمۇ، ئەمما كۇچار چېگرىسى سىرتىدىكى رايون ئىدى.

فون لېكوك گرۈنۋېدېلدىن ئاغرىنىپ:

-سان پېتېربۇرگ بىلەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېلىشىم ئىمزالايسىز؟ جۇڭگودا خارابىنى كىم بۇرۇن بايقىسا شۇنىڭ بولمامدۇ! - دەيدۇ.

-ئۇقمايسەن، بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، گرۈنۋېدېل بىر ئېغىز سۆز بىلەن فون لېكوكنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ. بارتۇس ئارىغا چۈشۈپ:

- ئۇ يەرنى رۇسىيىلىكلەرگە بەردۇق، ئۇلار بىزگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىغان بىلەن، تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئازراقمۇ تەجرىبىسى يوق، دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ، فون لېكوك زەردە بىلەن:

-دۆت تۈڭگۈس، دەپ تىللايدۇ. ئۇنىڭ ھېلىقى ئىككى رۇسىيىلىكنى ياكى گرۈنۋېدېلنى تىللىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بۇ چاغدا ئۈركۈپ كەتكەن بىر توپ ياۋا كەپتەر يار ئاستىدىن ھۆركۈپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

فون لېكوك ئىلگىرىكىگە ئوخشاش يېڭى بىر خارابىنىڭ سىرىنى ئاچقاندا بولىدىغان ھېسسىياتتەك كۆز ئالدىدىكى سەلتەنەتتىن ھاياجانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىشتىن ئەنسىرەيتتى.

### *قىزىل تاشكېمىرلەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر تاشكېمىر*

فون لېكوك دەرەخ شاخلىرى بىلەن تاشكېمىر ئاغزىدىكى ئۈمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن تاشكېمىرگە كىرىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. كېمىرنىڭ تاملىرىنى پۈتۈنلەي زەمبۇرۇغ قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ھېچقانداق رەسىم ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كېمىردىكى تام رەسىملىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنمۇ ياكى كېمىردە ئەسلىدىنلا رەسىم يوقمىدۇ؟ ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ قولى بىلەن زەمبۇرۇغلارنى سۈرتىۋېتىدۇ. تامدا رەڭ بايقىلىدۇ، ئۇ يېڭى بىلەن خېلى چوڭ يەردىكى زەمبۇرۇغلارنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئەسلىدە رەسىملەرنىڭ ھەممىسى زەمبۇرۇغلار ئاستىدا قالغان ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئۇ دەرھال بارتۇسنى يېقىن ئارىدىكى كەنتكە ئەۋەتىپ، يوغان بىر تۇڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق ئاق ھاراق ئەكەلدۈرىدۇ. ئۇلار پاختا ۋە لاتىلارنى ھاراققا چىلاپ تاشكېمىر تېمىنى سۈرتۈشكە باشلايدۇ. تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. زەمبۇرۇغلارنى پاكىز تازىلىۋەتكەندىن كېيىن تاشكېمىرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ بىر سەلتەنەتلىك مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش ۋاقتىدا ياۋروپالىق سەنئەتكارلار ناھايىتى ئارزۇلىغان كۆك رەڭ بۇ يەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىۋېتىدۇ.

فون لېكوك تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىشقا باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر رەسىمدە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى پادىشاھى ئاجاتاشاچونىڭ سېرىق مايدا يۇيۇنىۋاتقاندا بىر ۋەزىرنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا بۇددا تانھاگاتانىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىۋاتقانلىقى، بۇ ۋەزىرنىڭ بەكلا ھەسرەت چېكىپ گەپ قىلالماي بۇددا تانھاگاتانىڭ كۆز يۇمغانلىقى توغرىسىدىكى رەسىمنى سىزىپ پادىشاھقا بەرگەنلىكى سىزىلغانىدى.....باشقا بىر نەچچە پارچە تام رەسىمدە بۇددانىڭ ھېكمەت سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى، تېرىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، يەنە كېلىپ-كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى.

گرۈنۋېدېل ئولتۇرغىدەك بىر پارچە تاش تېپىپ تاشكېمىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تام رەسىملىرىنى سىزىشقا باشلايدۇ. فون لېكوك

بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

- ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بىر نېمە ئىكەنسەن. تام رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزىپ نېمە قىلارسەن. پات ئارىدا سويۇپلا بېرلىنغا ئېلىپ كېتىمىزغۇ!- ، دەيدۇ. ئۇ ھاراق تۇڭىنى كۆتۈرگىنىچە بارتوسنى ئەگەشتۈرۈپ باشقا تاشكېمىرغا قاراپ ماڭىدۇ.

فون لېكوك ئۆزىنى بۇددا دىنى سەنئىتى دېڭىزىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھەر قانداق بىر تاشكېمىرگە خالىغانچە كىرىپ چىقالايتتى. ئۇ باقان ساخاۋەتچى بۇددانىڭ سۈرىتىنى ۋە ھېكمەت ئېيتىدىغان، نوم تەپسىرى سۆزلەيدىغان ئىبرامىلارنى ئۇچرىتىدۇ، راھىبلار ئىستىقامەت قىلىدىغان ۋە لېكسىيە سۆزلەيدىغان ئىستىقامەتخانىلارنى، بۇتساتۋانىڭ ئۇستىخانىلىرى دەپنە قىلىنغان «ئارخات كامېرى» نى، راھىبلار يېتىپ-قوپىدىغان ھۇجرىلارنى ھەمدە ئاشلىق ئامبارلىرىنى كۆرىدۇ. تاشكېمىرلاردا بۇددا ھەيكىلى ۋە تام رەسىملىرى بار ئىدى. ھەيكەللەرنىڭ قىياپەتلىرى ئۆزگىچە، غەيرى بولۇپ، سالماق-سالاپەتلىكلىرىمۇ، سۈرۈن تەلەت، ۋەھشى جىن ئالۋاستىلارمۇ بار ئىدى. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ بۇددا، بۇتساتۋا، ئارخات، ناگراجا، ئۇچار پەرىلەر، ساماۋى نەغمىكەشلەر، ئۆزگەرتىلمە رەسىملىرى، بۇددا قىسمەتلىرى، بۇددا ھېكايىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھايىتى كۆپ تاغ-دەريا، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ھايۋانات، ئۇچار قۇش، كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇددا، ئوۋچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەر بار ئىدى.

فون لېكوك ئىبرامىدىكى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەڭلىرى ئېنىق تام رەسىملىرى ئالدىدا ئېسىنى يوقىتىپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ تامغا سىزىلغىنى بۇددا ھېكايىسى بولۇپ ناھايىتى تەسىرلىك ئىدى. بۇ رەسىمدە، لىق يۈك ئارتقان كارۋان كېچىدە يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. دەل شۇ چاغدا توساتتىن ئالدى تەرەپتىن گۈلخان كۆرۈنىدۇ، ئۇلار ئاشۇ گۈلخاننى نىشانلاپ ماڭىدۇ. يۈزلىرى ساقال باسقان ئىككى كارۋان بېشى خوشاللىقىدىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تەنتەنە قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار يېقىن بېرىپ ھېلىقى گۈلخانىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان قول ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرنىڭ كۆزلىرىنى سەل يۇمۇپ تەمكىن ھالەتتە مايغا چىلانغان ئاق كىڭىزنى قولىغا يۆگەپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇملۇقتا يولدىن ئادىشىپ قالغان كارۋانلارغا يول باشلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

فون لېكوك بۇ تام رەسىمنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغانلىقىغا قايىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇددا مەزمۇنىدا سىزىلغان بۇددا ھېكايىسىدىن تەسۋىرلىگۈسىز تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ كېيىن يازغان ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى بايقاش مەن بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق نەتىجىلەردىن ئېشىپ چۈشەتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇكەممەل ساقلانغان تاشكېمىر بولۇپ، مىڭئۆيلەرگە ناھايىتى قىزىقارلىق، بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى تام رەسىملىرى سىزىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قەدىمىي ئەسەرلەر بولۇپ، قىممىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى».

ھازىر فون لېكوكنىڭ ئويلايدىغىنى قولىدىكى ھەرىنى ئىشلىتىپ بۇ تام رەسىملىرىنى قانداق كېسىپ، قانداق ئېلىپ كېتىشلا ئىدى.

بۇ مەسىلىدە گرۈنۋېدېل بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىش فون لېكوكنىڭ مۆلچەرىدىكى ئىش ئىدى. ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىكتە ئۇ قانداق قازغۇسى كەلسە شۇنداق قازغانىدى. قايسى تام رەسىمنى ئالغۇسى كەلسە شۇنى كېسىپ ئالغانىدى. ئەمما ھازىر بۇ يەردە گرۈنۋېدېلنىڭ دېگىنى ھېساب بولغاچقا، چوڭراق بىرەر ئىش قىلىشقا توغرا كەلگەندە گرۈنۋېدېلنىڭ قوشۇلۇشى شەرت ئىدى.

گرۈنۋېدېل تام رەسىملىرىنى سويۇپ

ئېلىپ كېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا بۇ ئىككەيلەن ئارىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش بولىدۇ.

فون لىكوك:

- ئىمىشقا بولمايدىكەن، بۇ تام رەسىملىرىنى بىز بايقىغان، بىزنىڭ ئېلىپ كېتىشىمىز يوللۇق، گرۈنۋېدېل:

- بىزنىڭ بۇلارنى بايقىشىمىزدىكى مەقسەت، ئۇلارنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بىزنىڭ قوللىنىدىغان ئۇسۇلىمىز پەقەتلا تام رەسىملەرنى سىزىۋېلىش، ئۇلارنى تامدىن قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىش ئەمەس. فون لىكوك:

- مېنىڭچە، بۇ تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەندىلا ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنى سىزىۋېلىش ھېچقانداق ئىشنى ھەل قىلالمايدۇ. گرۈنۋېدېل:

- تام رەسىملەرنى سىزىۋېلىشنىڭ مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى راست، ئەمما بۇنداق قىلساق ۋىجدانىمىزغا، سەنئەتكە يۈز كېلەلمەيمىز، بۇ رەسىملەرنى تامدىن سويۇپ ئېلىپ كەتسەك ئۇغرى، بۇزغۇنچى دېگەن ئاتاققا قالىمىز، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ قارغىشىغا قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. فون لىكوك:

- شۇنداقمۇ؟ گرۈنۋېدېل:

- ئۇنداقتا، سېنىڭچىچۇ؟ فون لىكوك:

- دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بىز بۇ تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتسەك ئۇلارنى قوغداش رولىنى ئوينىيالايمىز، بولمىسا باشقىلارمۇ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. گرۈنۋېدېل:

- شۇنداق ياخشى ساقلانغان رەسىملەرنى تامدىن سويۇۋېتىش ھېچقانداق قوغداش بولمايدۇ، ئەگەر كىم شۇنداق قىلسا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. فون لىكوك:

- ئەمىسە قۇرۇق قول كېلىپ قۇرۇق قول كېتىمىزمۇ؟ گرۈنۋېدېل:

- ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. بىز باشقا ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىمىز، مەسىلەن، ھەيكەل، قەدىمكى پۇل، قوليازما دېگەندەك نەرسىلەر. فون لىكوك:

- ھە، ئەمدى چۈشەندىم. سىزنىڭ مەنتىقىڭىز بويىچە بولغاندا ئىبادەتخانىدا ئىككى نەرسە بولۇپ بىرىنى ئېلىۋالسا، ئوغرى، يەنە بىرىنى ئېلىۋالسا ئوغرى ئەمەسكەندە، شۇنداقمۇ ئەمەسمۇ؟ گرۈنۋېدېل:

- ئېمە، سەن مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟ فون لىكوك:

- سىز بەكلا نادان ئىكەنسىز، گرۈنۋېدېل ئەپەندى، سىزنىڭ نادانلىقىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ شان - شۆھرىتىگە پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بېرلىن مىللىي فولكلور مۇزېيىغىمۇ ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ! گرۈنۋېدېل:

- سېنىڭ ئەيىپلەش ۋە نەسىھەتلىرىڭ بەكمۇ ئورۇنلۇق، لېكىن ئۇ ئەيىپلەش ۋە نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! بۇ يەردە مەن باشلىق، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. فون لىكوك:

- بوپتۇ ئەمسە!

فون لىكوك يېرىلغۇدەك بولۇپ بارتوس بىلەن قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلەشكىلى كېتىدۇ. ئۇ گرۈنۋېدېلنىڭ قانداق قارشى تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرنەچچە پارچە تام رەسىمنى سويۇپ ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە، گرۈنۋېدېل ئاغرىپ قېلىپ دەم ئالغاندا ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىش مەيدانىدا بولمىسا، فون لىكوك بىلەن بارتوس ھەرە، بولقىلاردىن پايدىلىنىپ تام رەسىملەرنى كېسىپ ساندۇقلارغا قاچىلايدۇ. گرۈنۋېدېل ئاساسلىقى ئېھراملارنى سىزىدۇ، باشقا تاشكېمىرغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ قويۇپلا قايتا بارمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ فون لىكوك بىلەن بارتوسنىڭ ئىشلىرىنى سەزمەي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىدە ناھايىتى ياخشى مىقلانغان ساندۇقلارنى كۆتىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا،

ئىچىدىكىسى لاي ھەيكەل، قولىيازما قاتارلىق ئاسار-ئەتىقىلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ. بىر قېتىم سىرتتىن قايتىپ كەلگەن گرۇنۋېدېل ئۇلارنىڭ كىچىك بىر تاشكېمىرنىڭ رەسىم سىزىلغان يۇمۇلاق تورۇسىنى كەسمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار بۇنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. (لېكىن يەتتە يىلدىن كېيىن فون لىكوك ئۆزى باشلامچىلىق قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھېلىقى يۇمۇلاق تورۇسىنى كېسىپ يەنىلا بېرلىنغا ئېلىپ كېتىدۇ).

قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى «زىيارەت» خىزمىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا فون لىكوك ئاستا خاراكتېرلىك تولغاق بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. گرۇنۋېدېلنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا ھېچقانداق داۋالاش ئەسلىھەلىرى بولمىغان بۇ قاقاسلىقتا كېسىلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇلارنىڭ پىكرى بىردەك بولۇپ دۆلىتىگە قايتىش قارارىغا كېلىدۇ.

ئۇلار قىزىل مىڭئۆي ئەتراپىدىكى بىر كەنتكە كېلىپ، شۇ يەردە نەرسە-كېرەكلىرىنى رەتلەيدۇ، ئوزۇق تەييارلايدۇ، كارۋان ياللايدۇ. فون لىكوك بارتوسقا ئۆزلىرى تام رەسىملىرى قاچىلاتقان ساندۇقلارغا دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ئايرىم بىر يەرگە قويۇپ مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئاندىن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن بەلگە سېلىپ قويۇشنى تاپشۇرىدۇ.

شۇ ئاخشىمى ئۇلار ئەمدىلا ئۇخلىشىغا تالادا سازنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىر ئايال سازغا تەڭكەش قىلىپ يېقىملىق ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. بارتوس ئىشىكنى ئېچىشقا گۈل تۇتقان كۆينەك كىيگەن ياش ئايال غىپپىتىلا كىرىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدە ساز چالىدىغان ئىككى قىزمۇ بارىدى. ئۇلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ. فون لىكوك ئۇلار ئېيتقان ناخشىنى ئاساسەن چۈشىنىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنى: «يىراقتىن كەلگەن پالۋان يىگىتلەر، بولاي مەن سىلەرگە ھەمراھ ئاتماس كېچىدە، نە ھاجەت ئۆتكۈزۈش بۇ ئۇزۇن كېچىنى يالغۇز زېرىكىپ، قالدۇراي ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات سىزدە...» دېگەندەك ئىشقىۋازلىق ناخشىلىرى ئىدى.

فون لىكوك ئۇلارنىڭ مەخسۇس «بايلىق ئىزدىگۈچى» لەرگە ئېپىيەت-نومۇسىنى ساتىدىغان پاھىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار قەدىمكى خارابىلەرنى قازىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا بايلىق ئىزدىگۈچىلەر دەپ قېلىپ ئېپىيەت-نومۇسىنى سېتىپ ئۇلاردىن ئازراق ئالتۇن-كۆمۈش ئۇندۇرمەكچى بولاتتى.

باشقا چاغلاردا بولسا ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن بۇ ئۈچ نازىنىنغا ھەرگىزمۇ پىخسىقلىق قىلمايتتى. بىراق بۈگۈن ئۇنى تولغاق بىئارام قىلىۋاتقان بولغاچقا، كۆڭۈل ئېچىشقا نەدىمۇ رايى بارسۇن؟ ئۇ كۈلۈپ قويۇپ قوللىرىنى سىلكىپ «مەن ئاغرىپ قالدىم، پەقەت مىجەزىم يوق، بارتوسنى ئىزدەڭلار» دېگەندەك مەزمۇندا بارتوسنى ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۈچ ئايال بارتوسنىڭ ئالدىغا بېرىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. گۈل تۇتقان، گۈل ئىشلەنگەن كۆڭلەك كىيگەن ھېلىقى ئايال بارتوسنىڭ مەيدىسىنى سىلاشقا باشلايدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر كىنتاك، بارتوسمۇ ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇ: «مەن سىلەرنى باشلىقىمىزنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي، ئۇ سىلەرنى چوقۇم رازى قىلىدۇ» دەيدۇ. فون لىكوك بارتوسنىڭ بۇ ئامالىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىدۇ. ئۇ بارتوسنى ماختايمەن دەپ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا گرۇنۋېدېل ياندىكى بىر ئۆيدە تۇراتتى، بارتوس ھېلىقى ئۈچ ئايالنى ئۇنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىرگەندە گرۇنۋېدېل ئۆيدە يوق ئىدى. بارتوس سەل ئويلىنىۋېلىپ ئاسارە-ئەتىقىلەر قويۇلغان ئۆي تەرەپكە ماڭىدۇ. دەرۋەقە گرۇنۋېدېل شۇ يەردە مىلتىقىنى تۇتقىنىچە ساندۇقلارغا يۆلىنىپ تۇراتتى. بارتوس ھېلىقى ئۈچ ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇلارغا مىلتىقىنى تەڭلەپ:

«يوقىلىش، دەرھال يوقىلىش» دەپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. بۇ ئۈچ ئايال قورققىنىدىن ئۆرۈلۈپلا قاچىدۇ ـ دە، تالاغا چىقىۋېلىپ تازا تىللاشقا باشلايدۇ. گرۈنۋېدېل ئۇلارنىڭ: «ھۇ، پىچىۋېتىلگەن ئاختا نېمىسلار، سەندەك نەرسىلەر ئەر بولۇپ قالغۇچە، ئېيىست» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. گرۈنۋېدېلغا بۇ گەپلەر قاتتىق ئەلەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ئوغرىلىنىپ، بۇلىنىپ كەتمىسىلا بولاتتى. ئۇ فون لىكوك بىلەن بارتوسنى چاقىرىپ ياغاچ ساندۇقلارغا بىللە قاراشنى بۇيرۇيدۇ. نەتىجىدە شۇ كېچىسى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇخلىيالمايدۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، ناھايىتى زور كارۋان قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. نەچچە ئون تۆگە، ئات ۋە ئون نەچچە چاكار قۇملۇقتا ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇلار قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئازراق دەم ئېلىپ، ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىش قارارىغا كېلىدۇ.

IV

فون لىكوك بىلەن گرۈنۋېدېل جۇڭگودىن بېرلىنغا توشۇپ كەتكەن ئاسارە ـ ئەتىقىلەر 300 نەچچە ساندۇقتىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىش، كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغىچە بېرلىن فولكلور مۇزېيىدىكى 10 نەچچە شەرقشۇناس 6 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قوليازما، لاي ھەيكەل، يىپەكلەر ۋە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى، قىزىل تاشكېمىرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تام رەسىملىرى مۇزېينىڭ چوڭ زالىغا دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ھەتتا گرۈنۋېدېل بىلەن فون لىكوكمۇ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. گرۈنۋېدېلمۇ ئەمدى فون لىكوكنىڭ تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئېلىۋالغانلىقىنى ئەيىپلىمەيدۇ، بەلكى بىرخىل ئىپادىلىمەك تەس بولغان ھېسسىيات بىلەن سۈكۈت قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېرلىن فولكلور مۇزېيىنىڭ نامى پۈتۈن جاھانغا پۇر كېتىدۇ. گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلىيام II شەخسىي نام بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنى كاتتا مۇكاپاتلايدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قالايمىقان، ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئاسارە ـ ئەتىقىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېلىقى كومىتېت جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. بۇ قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا فون لىكوكنى تەيىنلەيدۇ.

فون لىكوك ناھايىتى چوڭ جاسارەت بىلەن تازا بىر ئىشلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ. ئۇ بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئامالسىز ئەسلىدىكى پىلاندىن ۋاز كېچىپ، قىزىل مىڭئۆيلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە قېزىپ قويۇپلا قايتىپ كېلىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى فون لىكوكنى يىراققا يۈرۈش قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان بولسا، 25 يىلدىن كېيىن پارتلىغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش «نەتىجە»لىرىنى تامامەن دېگۈدەك كۆككە سورىۋېتىدۇ.

ئەينى چاغدا بېرلىن فولكلور مۇزېيىنىڭ باشلىقى بولۇۋاتقان فون لىكوك بۇرۇنقى بىر قىسىم ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى يۇشۇرۇپ باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىكتەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ ھەممە ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى، بولۇپمۇ ئۆزى شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن بارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى كۆرگەزمە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇ تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن ئاسار ـ ئەتىقىلەرلا 13 ئېغىز ئۆينى ئىگىلەيدۇ. ئىگىزلىكى ئۈچ مېتىردەك كېلىدىغان بىر قىسىم تام رەسىملىرىنى ئىشكاپلارغا سېلىش تەس بولغانلىقتىن، كەڭ ھەم قېلىن تۆمۈر چىۋىق بىلەن مۇزېينىڭ تېمىغا مىخلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتى بېرلىن ئاسمىنىنى قاپلىغاندا بۇنداق يوغان تام رەسىملىرىنى يەر ئاستى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىش

مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بۇ مۇزېيدا ھەربىي ئەسلىھەلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ 1943 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولغان 14 ئاي ئىچىدە ئۇنى يەتتە قېتىم قاتتىق بومباردىمان قىلىدۇ. تەخمىنەن 100 دەك بومبا نىشانغا تېگىپ چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك بۇ مۇزېينى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بېزەكلىك ۋە قىزىل مىڭئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن 28 پارچە چوڭ ھەجىمدىكى تام رەسىمىنىڭ بىرەر پارچىسىمۇ ئامان قالماي توپ ئوقلىرىدا كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىدۇ. قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى 28پارچە تام رەسىمى مەڭگۈلۈك ۋەيران بولىدۇ، بۇ كىشىنى قانداقمۇ ئېچىندۇرمىسۇن! بۇ تام رەسىملىرى ئۆز ماكانىدا بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئەگرى - توقايلىقلارنى، بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ ھېچنىمە بولمىغان ئىدى. ئەمما باشقىلار تەرىپىدىن كېسىۋېلىنىپ يات ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىپ ئۇرۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، توپ ئوقلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن تام رەسىملىرى نەدىمۇ 28 پارچىلا بولسۇن، جۇڭگودىن ئېلىپ كەتكەن 600 پارچىدىن ئارتۇق تام رەسىملىرىنىڭ ئاز دېگەندە يېرىمى توپ ئوقلىرىدا توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 115 دانە رەڭلىك لاي ھەيكەل، زور مىقداردىكى ياغاچ ئويما، قەدىمكى پۇل، يىپەك، بامبۇك تارشا، قوليازمىلار توپ ئوقىدا كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بېرلىن ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يەر ئاستى قەلئەسىدە ساقلانغان بىر قىسىم تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرنى بولسا بېرلىنغا كىرگەن رۇسىيە ئارمىيىسى ماشىنىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەگەر فون لىكوك، گرۈنۋېدېل ۋە بارتوسلار ئۆزلىرى جۇڭگودىن ئېلىپ كەتكەن شۇنچە كۆپ ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا قانداق ھېسسىياتتا بولار ئىدى؟ ئېچىناتتىمۇ، غەزەپلىنەتتىمۇ، پۇشايمان قىلاتتىمۇ؟ ياكى ۋىجدانى ئازابلىناتتىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ روھىي ئازاب تارتمىدى، چۈنكى ئۇلار بېرلىننىڭ بومباردىمان قىلىنغان چاغدىكى بالايى - ئاپەتنى كۆرمىدى. بېرلىن فولكلور مۇزېيى بومباردىمان قىلىنىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمەر كۆرگەن بارتوسمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، گرۈنۋېدېل 1935 - يىلى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشلىرىدا كىشىلەرنى ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى ۋە باشقا ئالىملار ئۇنىڭغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلانغاچقا ئۇنىڭ شۆھرىتى بىراقلا چۈشىشكە باشلايدۇ - دە، ئۇ غېرىپلىقتا چۈشكىنلىشىپ ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ، ئاخىرى بىر روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن فون لىكوك ئۆلىدۇ. ناھايىتى جاسارەتلىك بۇ نېمىسنىڭ يالغۇز ئوغلى فرانسىيە ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئائىلە ئىقتىسادى ۋەيران بولىدۇ، ئۆزى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇ بۇ زەربىلەردىن زەئىپلىشىپ تۈگىشىپلا كېتىدۇ. ئۇ دائىم مۇزېينىڭ چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن ساقلاش ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ئۆزى جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن ئاسارە - ئەتىقىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ. بەزىدە بۇ ئاسارە - ئەتىقىلەرنى كۆرىۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ، بەزىدە بولسا يىغا ئارىلاش كۈلۈپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ خوتۇنىغا مۇزېيى تەرەپتىن بىر خىل ئاۋازنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئاۋازلارنىڭ بۇتساتۋالارنىڭ نالىسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بۇنىڭ ھېلىقى بۇتلارنىڭ ياقا يۇرتىغا كېلىپ كۆنەلمىگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تاشكېمىرلىرىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، يەنە ئۇنىڭ ئۇلارنى

تامدىن كېسىۋېلىشتا ئاغرىتىۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەيدۇ....

خوتۇنىنىڭ ئويلىمايلا دېگەن سۆزى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ. خوتۇنى ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ بىر كېچە دېرىزە تۈۋىدە ئۇخلىماي ئولتۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

شۇ كۈنى فون لىكوك خوتۇنىدىن يوشۇرۇنچە ئۆزى ئەسلىيەلىگەن بارلىق ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇقتۇرۇپ خەت يازىدۇ، ئۇ خېتىدە : «فون لىكوك سىلەرگە ئاخىرقى قېتىمقى ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ» دەپ يازىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنى 1930-يىلى 4-ئاينىڭ مەلۇم بىر ئەتىگىنى فون لىكوك بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەم جان ئۈزۈش ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم سىيىدىكەن، لېكىن، فون لىكوك ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈيدۈكىنى سىيەلمەي كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىغان!

**(«غەربىي شىمال ھەربىي ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)**

**(تەرجىمان: «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى

غەيرەتجان ئوسمان

## كىرىش سۆز

خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى (民间信仰文化) خەلق ئېتىقادى (民间信仰)، مىللىي ئېتىقاد (民族信仰) ياكى ئەل ئېتىقادى (民众信仰) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خەلق ياكى بىر مىللەت ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مۇئەييەن ھادىسە، شەيئى، ئۇقۇم ياكى ئوبيېكتقا نىسبەتەن ھېرىسمەنلىك، ياخشى كۆرۈش، خۇشتارلىق، ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، ئىشەنچ، چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش (تېۋىنىش) چۈشەنچىسى ياكى قارىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى بەزىدە مىللىي ئېتىقاد دېگەن ئۇقۇم دائىرىسىدە: مۇئەييەن مىللەت ئەزالىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مىللىي ئىپتىخارلىق ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆز مىللىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقادى[1] دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «چوقۇنۇش» ھېرىسمەنلىك، ياخشى كۆرۈش، خۇشتارلىق، ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش ۋە ئىشەنچ، چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش (تېۋىنىش) تىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ئۇقۇمدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىكى ھېرىسمەنلىك، ياخشى كۆرۈش، خۇشتارلىق، ھۆرمەتلەش (ئۇلۇغلاش) ئېتىقاد ھېسسىياتى ئاجىزراق بولغان ئېتىقاد چۈشەنچىسىنى، ئىشەنچ، چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش (تېۋىنىش) بولسا ئۇنىڭدىكى بىر ئاز كۈچلۈك بولغان ئىشەنچ چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ياكى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئوخشاش، قىسمەنلىك جەھەتتە ئازراق پەرقى بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي قاراشتىن ئىبارەت.

خەلق ئېتىقادى، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ھەم ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن. مەلۇمكى، خەلق ئاممىسى ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان ياراتقۇچى تەڭرىلەرگە چوقۇنغان. مىللەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە يات كۈچلەرنىڭ كاشىلىسىغا قارشى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان قەھرىمان ئەجدادلارغا چوقۇنغان، ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات ساھەسىدە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ھۈنەرۋەن-كاسىپلارغا چوقۇنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەۋلىيالار، ئۇلۇغ زاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر باھادىرلارغا چوقۇنغان بولۇپ، بۇلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلق ئېتىقادىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ خىل خەلق ئېتىقادىدىكى جەۋھەرلەر مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان سېھرىي كۈچ، خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىقىغا ۋە ئىجادكارلىق روھىغا ئىلھام بېرىدىغان چاقىرىق، يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە كوللېكتىۋىزىملىق روھىنى يېتىشتۈرۈشتە تەربىيىۋىي رولى بار بولغان بىر خىل ھادىسە. باشقا ئېتىقاد ھادىسىلىرى مۇشۇ ئاساسىي گەۋدىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ھەرىكەت قىلغان ياكى ئەشۇ ئاساسىي گەۋدىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگا-رەڭ خەلق ئېتىقاد ئادەتلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تىرىك قامۇسى،

ئەجدادلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ۋە توپلىغان ئېسىل مەدەنىيەت بايلىقى.

خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى دىنىي ئېتىقاد، ئېتىكىلىق ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىجتىمائىي پەلسەپۋى قاراش قاتارلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك، بەزىدە ھەتتا، ئۇلار بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن، تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە كۆزەتمىگەندە بۇلار ئارىسىدىكى رۇسەن پەرقنى ئايرىغىلى بولمايدۇ، ھەتتا بەزى تەركىپلەر ھەرقايسى پەن تارماقلىرىغا ئورتاق بولۇپ، قايسى ساھە ياكى تەرەپ توغرىلىق پىكىر بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ تەرەپكە تەۋە قىلىپ تۇرۇپ مەركىزىي نۇقتىنى يورۇتۇشقا ياكى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى» دېگەن ئىبارەت بۇ پەن تۈرىگە كەڭ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان ھەرىكەتتىن ساقلىنىش، ھەتتا ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىشقا، ئۇنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىش، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدا ـ زىيان مەنپەئەتىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى تارىخىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ياكى ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلە بولۇپ، سەللا چەتلەپ كېتىش ياكى ئىنكار قىلىش ھېسسىياتى قىلمىشى بولۇنىدىكەن ئۇنىڭدا تارىخنىڭ رەھىمسىز جازالىشىغا ئۇچراشتەك تەقدىرىگە يولۇقۇش تەبىئىي ئەھۋالدۇر، ئەلۋەتتە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىلىش، چۈشىنىش، مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق دېگەن قارىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ ئىدىيىسى بويىچە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش تارىخىي ئەھمىيەتكە ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار

ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپلا كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. يەنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي خادىملار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق يوسۇندا ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان، ئىزدەنگەن، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغان.

يازما تارىخ باشلانغاندىن تارتىپ تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە قالدۇرغان ۋاسىتىلىق ۋە بىۋاسىتە ئۈچۈر ـ ماتېرىياللار يازما ۋەسىقىلەر، تارىخىي ھۆججەتلەرنى جۇڭگو تارىخىي ھۆججەتلىرى جۇڭگو تارىخىي يازمىلىرى ۋە چەتئەل تارىخىي يازمىلىرى دېگەن چوڭ ئىككى تۈرگە؛ جۇڭگو تارىخىي يازمىلىرىنى خەنزۇچە تارىخىي يازمىلار، توخرىچە تارىخىي يازمىلار، ساكچە تارىخىي يازمىلار، قەدىمكى تۈركىيچە تارىخىي يازمىلار، ئۇيغۇرچە تارىخىي يازمىلار، كونا ئۇيغۇرچە، چاغاتايچە، تارىخىي يازمىلار، تۈبۈتچە تارىخىي يازمىلار، موڭغۇلچە تارىخىي يازمىلار، تاتارچە تارىخىي يازمىلار قاتارلىق كىچىك تۈرلەرگە؛ چەتئەل تارىخىي يازمىلىرىنى ھەم ئىران تارىخىي يازمىلىرى، گرېك تارىخىي يازمىلىرى، ھىندى تارىخىي يازمىلىرى، ۋىزانتىيە تارىخىي يازمىلىرى، ئەرەب تارىخىي يازمىلىرى قاتارلىق كىچىك تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىشقا بولىدۇ.

### 1. جۇڭگو تارىخىي يازمىلىرى

#### 1. خەنزۇچە تارىخىي يازمىلار

خەنزۇ يېزىقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ كىلاسسىك يېزىقنىڭ بىرى، جۇملىدىن دۇنيادا بىردىن ـ بىر كەشىپ قىلىنغاندىن بۇيان بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۈزچىل ھالدا قوللىنىلىپ كېلىنگەن يېزىق. بۇ يېزىقنى

خەنزۇلاردىن باشقا جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قوللىنىپ كەلگەن. ئاز كەم 4000 يىلدىن بۇيان خەنزۇ يېزىقى بىلەن كۆپلىگەن ۋەسىقىلەر، ھۆججەتلەر قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە تارىخىي يازمىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئاز بولمىغان مەزمۇنلار كۆزگە چېلىقارلىق دەرىجىدە ئورۇن ئالغان. بۇ ھۆججەت-ماتېرىياللارنىڭ كۆپچىلىكىنى خەنزۇلار يازغان بولسا، بەزىلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت مۇئەللىپلىرى يازغان. ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇچە يازغانلىرىمۇ بولغان. تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە دائىر ھەر خىل ئۇچۇر-خاتىرىلەر ئورۇن ئالغان ھۆججەت-ماتېرىياللار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

(1) ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەت-ماتېرىياللار: «قەدىمنامە» (尚书)، «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان جۇنامە» (逸周书)، «قومۇش پۈتۈك يىلنامىسى» (竹书纪年)، «زوۋچيۇمىڭ تەزكىرىسى» (左传)، «بەگلىكلەر تەزكىرىسى» (国语)، «جەنگو تەدبىرلىرى» (战国策)، «تۆرىلەر نەسەبنامىسى» (本世)، «تاغ-دېڭىزلار تەزكىرىسى» (山海经، ياكى «تاغ-دېڭىزلار قۇرئى»)، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» (穆天子传)، «مۇزى» (墨子، مۇزى)، «لۈ جەمەتى يىلنامىسى» (吕氏春秋، لۈبۇۋېي).

(2) چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەت-ماتېرىياللار: «تارىخىي خاتىرىلەر» (史记، سى ماچيەن)، «خەننامە» (汉书، بەنگۇ)، «كېيىنكى خەننامە» (后汉书، فەنخۇا)، «خەن سۇلالىسى خاتىرىلىرى» (汉记، شۈنيۈ)، «كېيىنكى خەن سۇلالىسى خاتىرىلىرى» (后汉记، يۈەن خوڭ).

(3) ئۈچ بەگلىك، ئىككى جىن خانلىقى، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى ھۆججەت-ماتېرىياللار: «ئۈچ بەگلىك تەزكىرىسى» (三国志، چېن شۇۋ)، «جىننامە» (晋书، فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار)، «سۇڭنامە» (宋书، شېن يۆ)، «جەنۇبىي چىنامە» (南齐书، شياۋ زىشۇەي)، «لياڭنامە» (梁书، ياۋسىليەن)، «چېننامە» (陈书، ياۋسىليەن)، «ۋېينامە» (魏书، ۋېيشۇۋ)، «شىمالىي چىنامە» (北齐书، لى بەيياۋ)، «جۇنامە» (周书، لىڭ خۇدېفېن)، «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى» (南史، لى يەنشۇۋ)، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» (北史، لى يەنشۇۋ)، «سۇڭيۈن سەپەر خاتىرىسى» (宋云行记، سۇڭ يۈن)، «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» (佛国记، فاشۈەن).

(4) سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىگە ئائىت ھۆججەت-ماتېرىياللار: «سۈينامە» (隋书، ۋېي ۋېي)، «كونا تاڭنامە» (唐书، ليۇشۈي)، «يېڭى تاڭنامە» (新唐书، ئوۋياڭشيۇ، سۇڭ چى)، «كونا بەش دەۋر تارىخى» (旧五代史، شۆي جۈجېڭ)، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» (新五代史، ئوۋ ياڭشى)، «جېنگۈەن يىللىرىدىكى سىياسىي ئىشلار بايانى» (贞观政要، ۋۇجىن)، «قامۇسنامە» (ياكى «ئومۇمىي قامۇس»، 通典، دۇيۇۋ)، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى» (唐会要، ۋاڭ بو)، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (大唐西域记، شۈەنزاڭ)، «ئۇلۇغ مېھرى-شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ ئاغىلىق ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى» (大慈恩寺三藏法师传، خۈيلى)، «ۋۇكۇڭنىڭ بۇددا ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى» (悟空入竺记، ۋۇكۇڭ)، «بارلىق نوملارنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنىلىرى» (一切经音义، خۈيلىن)، «يۈەنخې يىللىرىدىكى ناھىيە-ئايماقلارنىڭ تەزكىرى» (元和郡县志، لى جىنفۇ)، «ئۇدۇنغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» (使于阗记، گاۋجۇخەي)، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى» (全唐文، دۇڭ خاۋ)، «لى ۋېي ھەزرەتلىرىنىڭ خۈيچاڭ يىللىرىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك توپلىمى» (李卫公会昌一品集)، «يۈياڭ

خاتىرىلىرى» (酉阳杂俎، دۇەن چىڭشى).

(5) سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەت-ماتېرىياللار: «سۇڭنامە» (宋史، تۇتۇ قاتارلىقلار)، «لياۋنامە» (辽史، تۇتۇ قاتارلىقلار)، «جىننامە» (金史، تۇتۇ قاتارلىقلار)، «يۈەننامە» (元史، سۇڭ ليەن قاتارلىقلار)، «يېڭى يۈەننامە» (新元史، كې شاۋمىن)، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» (资治通鉴، سى ماگۇاڭ)، «قامۇسنامە» نىڭ داۋامى) (续通典)، «ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» (文献通考، مادۇەنلىن)، «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن تېزىس» (宋会要辑稿)، «جەنۇبى يېزىلارنىڭ تېرىقچىلىق خاتىرىسى» (南村辍耕录، شېن كۇ)، «تېنچ دۇنيا خاتىرىسى» (太平寰宇记، يۈې شى)، «چاڭچۇنلۇك ئەۋلىيانىڭ غەربكە سەپەر خاتىرىسى» (长春真人西游记، چۇچۇجى)، «غەربكە سەپەر خاتىرىسى» (西游路، يېلۇچۇساي، ياكى يوللىغ چۇسەي)، «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» 北使记، ۋۇگۇسۇن جۇڭدۇەن، ليۇچى)، «غەربكە ئەلچىلىك خاتىرىسى» (西使记، چاڭدې)، «قوچولۇق شې جەمەتى تەزكىرىسى» (高昌契氏家传، ئوۋياڭ شۈەن)، «كىتابلار جەۋھىرى» (册府元龟، چىن رۇ، ياڭ رۇ) «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» (西州使程记، ۋاڭ يەندى)، «داۋيۈەن يادنامىلىرى» (道圆学古录، يۇجى).

(6) مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۆججەت- ماتېرىياللار: «مىڭنامە» (明史، جاڭ يەنيۇ قاتارلىقلار)، «چىڭ سۇلالىسى تارىخى تېزىسى» (清史稿، جاۋئېر)، «مىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» (明实录، سى جۇن)، «چىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» (清实录)، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» (西域番国记، چېن چېڭ)، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرىنىڭ داۋامى» (续资治通鉴، بى يۈەن)، «غەربىي يۇرت سەپەر خاتىرىسى» (西域行程录، چېن چېڭ)، «ياقا يۇرتلار خاتىرىسى» (异域录، تۇلىچېن)، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (西域图志، ليۇتۇڭشۈن، بوخېڭ، يىڭ ليەن)، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志، خې نىڭ)، «ئۇچ ئايماق ئەستىلىكلىرى» (西州记略، خې يىڭ)، «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ-ئېقىنلار تەزكىرىسى» (西域水道记، شۇسۇڭ)، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنجىتىش، ئاسىيلار ئەۋلاتلىرىنى جازالاش تەدبىرلىرى» (平定回疆剿擒逆裔方略، ساۋ جېنيۇڭ، جاۋ شېڭكۈي) «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ خاتىرىلىرى» (回疆则例)، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن -ئاڭلىغانلاردىن خاتىرە» (西域闻见录، چۈن يۈەن)، «موڭغۇل تارىخى خاتىرىلىرى» (蒙兀儿史记، تۇجى).

(7) مىنگو يىللىرىغا ئائىت ماتېرىياللار: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (新疆图志، يۈەن داخۇ، ۋاڭ شۇنەن، ۋاڭ شۇزېڭ)، «شىنجاڭ تەزكىرىسىدىن تېزىس» (新疆志稿، جۇڭ گۇاڭشىڭ)، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» (新疆纪略، لىن جىڭ)، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» (补过斋文牍، ياڭ زېڭشىن)، «شىنجاڭغا ساياھەتتىن خاتىرە» (新疆游记، شې لىن)، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (中西交通史料汇编، جاڭ شىڭلاڭ).

(8) خەنزۇچە شىنجاڭ تارىخى ۋەسىقىلىرى، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خۇاڭلۇڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 49-يىلى) دىن تارتىپ، سۇڭ،يۈەن سۇلالىلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا كۆپلىگەن خەنزۇچە ۋەسىقىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار 3460 پارچىدىن ئارتۇق [2]. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. قەدىمدىن باشلاپ شىنجاڭدا ياشىغان خەنزۇلار سۇڭ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىن كېيىن كۆپچىلىكى ئاساسەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرۇش جەريانىغا قاتنىشىپ كەتكەن[3]. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى

شىنجاڭدا يېزىلغان ئەشۇ بىر قىسىم خەنزۇچە ۋەسىقىلەر ئومۇمىيلىق جەھەتتە شىنجاڭنىڭ، قىسمەنلىك جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىدىغان ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ[4].

(9) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەييارلانغان ياكى نەشر قىلىنغان ھۆججەت-ماتېرىياللار:

بىرىنچى، تارىخ-تەزكىرىگە دائىر ماتېرىياللار:

«ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تۈپلامچە» (维吾尔族史料简编، فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولۇ، مۇگۇاڭۋېن)[5]. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش» (维吾尔族社会历史调查)[6]، «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى تەكشۈرۈش» (南疆家村社会)[7]، «قەدىمدە غەربكە ساياھەتتىن خاتىرىدىن تاللانمىغا ئىزاھ» (古西行记选注، ياڭ جيەنشىن تەييارلىغان)[8]، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، قارلۇق ماتېرىياللىرىدىن ئۈزۈندە» (元代维吾尔哈剌鲁资料辑录) چېن گاۋخۇا تۈزگەن)[9]، «ھۇنلارنىڭ تارىخي يىلنامىسى» (匈奴历史年表، لىن گەن تۈزگەن)[10]، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلارغا ئىزاھ» (新疆地方历史资料选辑)[11]، «ھۇنلار تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تۈپلام» (匈奴史料索编، لىن گەن تۈزگەن)[12]، «قۇملۇقتىكى قەدىمكى پۈتۈكلەر» (沙海古卷 ، لىن مېيسۈن)[13]، «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى يىلنامىسى» (回鹘史编年، فېڭ جىۋېن، ۋۇپىڭفەن تەييارلىغان)[14]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى تەييارلىغان)[15]، «شىنجاڭدىكى دىنلارغا دائىر قەدىمكى ئەسەر ماتېرىياللىرىغا ئىزاھ» (新疆宗教古籍资料缉注، خې لىڭ تەييارلىغان)[16].

ئىككىنچى، تىل-ئەدەبىياتقا دائىر توپلاپ نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر:

1-خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار:

(1) چۆچەكلەر: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (جۇۋتۇڭ تەرجىمە قىلغان)[17]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەييارلىغان)[18]، «باتۇر ئىلى قۇربان»[19]، «باقى ئائىلىسىنىڭ ئۈچىنچى بالىسى» («ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، يۈەن دىڭ تەييارلىغان)[20]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەييارلىغان) (21)، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما» (ليۇ فاجۈن تەييارلىغان) (22)، «سىرلىق چۈش» (神秘的梦، سۇتيەنخۇ، سۇچۈەنگوي تەرجىمە قىلغان) (23).

(2) مەسەللەر: «ئۇيغۇر مەسەل-ھېكايىلىرى» (ئا.مەھزۇن تەييارلىغان، جىڭ يا تەرجىمە قىلغان) (24)، «ئۇيغۇر مەسەللىرىدىن تاللانما» (ماجۈنمىن تەرجىمە قىلغان) (25).

(3) ئەپسانە-رىۋايەتلەر: «شىنجاڭ مىللىي ئەپسانە-ھېكايىلىرىدىن تاللانما» (جاڭ يۆ، ياۋباۋشۈەن تەييارلىغان) (26)، «جۇڭگو ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە-ھېكايىلىرى» (مەنداخۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) (27).

(4) قوشاق، ماقال-تەمسىل، داستانلار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەييارلىغان) (28) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى تەييارلىغان) (29)، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما» (ئا. كېرىم لىتىپجان تەييارلىغان، بوشاۋيۇ تەرجىمە قىلغان) (30)، «غېرىپ-سەنەم» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ليۇفاجۈن. يەن شى تەرجىمىسى) (31)، «نوزۇگۇم» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئابدۇكېرىم تەييارلىغان، جىڭ يا تەرجىمىسى) (32)، «تاھىر-زۆھرە» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئابدۇكېرىم تەييارلىغان، جىڭ يا تەرجىمىسى) (33)، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى تەييارلىغان) (34).

2-يازما ئەدەبىياتقا دائىر ماتېرىياللار:

«ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە هۆججەتلىرىنىڭ ئوچېرىكى» (维吾尔族古代文化和文献概论، گېڭ شىمىن)[35]، «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» (گېڭ شىمىن تەييارلىغان)[36]، «قۇتادغۇبىلىك» (خاۋگۇەنجۇڭ، جاڭ خۇڭچاۋ، ليۇبىڭ تەرجىمە قىلغان)[37]، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات سىستېمىسى» (维吾尔古典文学大系، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى تەييارلىغان)[38]، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (شياۋجۇڭيى قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان)[39]، «قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلار هەققىدە تەتقىقات» (古代突厥文学碑铭研究، گېڭ شىمىن)[40]، «قەدىمكى ئۇيغۇر هۆججەتلىرى دەرسلىكى» (古代维吾尔文献教程، گېڭ شىمىن)[41].

2. توخرىچە تارىخىي يازمىلار

«توخرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تارىم ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە «توقرى، توغرى» شەكىللىرىمۇ بولغان، غەرب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «توخار» شەكلىدە خاتىرىگە چۈشكەن. توخار تىلى هىندى-ياۋرۇپا تىلى سىستېمىسىغا تەۋە ئۆلگەن تىللارنىڭ بىرى. توخار-توخرى تىلىدا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەر 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن تېپىلغان. ساقلىنىپ قالغان ۋەسىقە پراگمېنتلىرى 4-، 5-ئەسىرگە تەۋە بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. توخرى تىلى كۇسەن، قاراشەهەر رايونلىرىدا قوللىنىلغان، هازىرغىچە ئېنىقلىنىپ ساقلىنىۋاتقان توخرى تىلىنىڭ قوچو-قاراشەهەردە قوللىنىلغان A دىئالېكتىغا تەۋە 520 ياپراق، كۇسەندە قوللىنىلغان B دىئالېكتىغا تەۋە 3100 پارچە ۋەسىقە بار ئىكەن[42]. توخرىچە تارىخىي يازمىلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ-مەدەنىيىتى، فولكلورى، دىنىي ئېتىقاد، جۇملىدىن خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ. توخرى تىلى 10-، 11-ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىلدىكى بىر قىسىم سۆز ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان تىل ئىستېمالىدا ساقلىنىپ قالغان[43]. بۇنىڭدىن قەدىمكى توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئىپادىلەنگەن ئۆرپ-ئادەتكە دائىر مەزمۇنلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن ئۇيغۇنلۇق هاسىل قىلىپ كەتكەن بولىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بۇ توغرىلىق كۆپ مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىر مىسالنى ئالساق، ئۇيغۇرلاردىكى ئەجدىها ئېتىقاتچىلىقىنىڭ بىر مەنبەئەسىنى قاراشەهەردە ياشىغان توخرىلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان قاراش بار[44]. توخرىلارنىڭ ئەجدىهانى تۇتېم قىلىشى ناهايىتى ئومۇمىي تۈس ئالغان، هەم ئۇلار يۈكسەك هالدا تەرەققىي قىلغان ئەجدىها سىمۋوللۇق مەدەنىيەتنى ياراتقان[45].

3. سوغدى تىل-يېزىقىدىكى هۆججەتلەر

سوغدىلار مىلادىيە 2-9-ئەسىرلەردە سۈرىيە يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بىر خىل يېزىقنى ئىشلەتكەن. بىر قىسىم يېزىقشۇناسلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مانا مۇشۇ سوغد يېزىقىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. قەدىمكى تۈرك قاغانلىقىغا تەۋە «بۇغۇت مەڭگۇ تېشى» (مىلادىيە 4 -ئەسىر) ۋە ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۇ تېشى» قاتارلىقلار مانا مۇشۇ سوغد يېزىقى بىلەن يېزىلغان. شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن زور بىر تۈركۈم سوغد يېزىقى ۋە سوغد تىل-يېزىقىدا يېزىلغان هۆججەت-ۋەسىقىلەر تېپىلغان بولۇپ، بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتى ئەهۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى سوغدىلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىغا قېتىلىپ، تارىخ سەهنىسىدىن غايىپ بولغان.

4. كارۇشتى يېزىقىدىكى هۆججەت-ۋەسىقىلەر

مىلادىيە 2 ـ 5 ـ ئەسىرلەردە ئۇدۇن، كىروران (چارقىلىق)، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارامىي يېزىقىدىن كەلگەن كارۇشتى يېزىقىنى قوللانغان. بۇ يېزىق بىلەن قەندىهار تىلى ۋە ئۇدۇن تىلى خاتىرىلەنگەن. تارىم دەرياسى ۋادىسىدىن بۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن هۆججەت ـ ۋەسىقىلەر بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، هەربىي ئىشلار ۋە قانۇنغا دائىر مەزمۇنلار بار بولۇپ، تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

5. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

قەدىمكى ئۇدۇن يېزىق بىراهمى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق بولۇپ، مىلادىيە 4 ـ 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قەدىمكى ئۇدۇن رايونىدا قوللىنىلغان. بۇ يېزىقتا ئىپادە قىلىنغان تىل ئۇدۇن تىلى بولۇپ، ئادەتتە ئۇدۇن ساك تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ هىندى ـ ياۋرۇپا تىلىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا تەۋە. بۇ يېزىقتىكى هۆججەتلەر خوتەن، بارچۇق، كېرىيەدىكى قەدىمكى ئىزلار، تۇمشۇق، دۇنخۇاڭ، تۇرپان مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان. ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىنى قوللانغان قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرۇشكە قاتنىشىپ، خاس تىلى ۋە نامىنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭقۇر ھاسىل قىلغان ھالدا داۋاملىشىپ كېلىنگەن[46].

6. تۈبۈت تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

شىنجاڭدىن 464 پارچىدىن ئارتۇق تۈبۈت تىل ـ يېزىقىدىكى هۆججەتلەر بايقالغان بولۇپ، بۇلار خوتەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى مازار تاغ قەلئەسى، چارقىلىقتىكى مىرەن قەدىمكى قەلئە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. بۇلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە[47]. مۇشۇ يىللاردا تۈبۈتلەر شۇ جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىن تېپىلغان تۈبۈت تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەهۋالىغا دائىر مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىرى بولۇپ، ئۇلار قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «P. T. 1283» نومۇرلۇق تۈبۈتچە هۆججەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر خانىنىڭ شىمالنى چارلاش خاتىرىسى يېزىلغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، جۈملىدىن تۇتېم قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ[48]. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇدۇن تارىخى» (ياكى «ساك ئېلى تارىخى»، 于阗国史)، «ئۇدۇن بۇددىزم تارىخى» (于阗教法史)، «ئۇدۇننىڭ نام ـ ئاتاق خاتىرىلىرى» (于阗国授记) قاتارلىقلار بار[49].

7. تۈركىيچە ـ ئۇيغۇرچە هۆججەت ـ ماتېرىياللار

(1) قەدىمكى تۈركىي يېزىقىدا يېزىلغان هۆججەت ـ ۋەسىقىلەر: «تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى» (تۇنيوقۇق)، «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» (بىلگە قاغان، يوللۇغ تېگىن)، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى)، «ئونغىن مەڭگۇ تېشى» ، «مويۇنچور مەڭگۇ تېشى» (مويۇنچور)، «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» (مويۇنچور، ئىدىكىن)، «تەس مەڭگۇ تېشى» (تۆپەك ئالىپ شول).

(2) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان هۆججەتلەر: «ئوغۇزنامە» ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» (ئەل ئۆگەسى، ئىنانچور مۇقان تارقان)، «ئىرق بىتىگ» ، «خۇئاستۇئانفت» ، «مايتىرى سىمىت» ، «قۇتادغۇبىلىك» (يۈسۈپ خاس هاجىپ)، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئەهمەد يۈكنەكى)، «قوچو ـ ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» (كى كى قۇرسا ئىچقۇ)قاتارلىقلار.

قوشۇمچە: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (مەهمۇد كاشغەرى)، بۇ كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار، شېئىر ـ

قوشاق، ماقال-تەمسىللەر ئۇيغۇر تىلى شەكلىدە بېرىلىپ، ئەرەب تىلىدا ئىزاھلانغان.

(3) كونا ئۇيغۇرچە يەنى چاغاتايچە تارىخىي يازمىلار، ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرىلەر خانلىقى دەۋرى (1370-1500-يىللار) دە شەكىللىنىشكە باشلىغان شەرقىي تۈركىي ئەدەبىي تىلى. ئۇنىڭ فونېتىكا ۋە گراماتىكىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان. لېكسىكىسىغا مەلۇم نىسبەتتە ئەرەب، پارس، موڭغۇل تىلى سۆزلۈكلەر قېتىلغان. چاغاتاي تىل-يېزىقى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك نامايەندىلىرىدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋايى، گادايى، ھىرقەتى، خاراباتى، نۆبەتى، نىزارى، غەرىبىي، زىيائى، ناقىس، نازىمى، تەجەللى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى. بۇلار شېئىرىي ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئېتىكىلىق، گۈزەللىك ۋە ئىجتىمائىي ئېتىقادقا دائىر چەشەنچىلىرى بەدىئىي شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە «قىسسەئىي رابغۇزى» (رابغۇزى)، «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (مۇھەممەد سادىق كاشغەرى)، «تەزكىرەئىي زەبىھۇللا» (موللا نىيازنىڭ ئەسىرى)، «تەزكىرەئىي ھەزرىتى موللام» (مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەرى)، «تەزكىرەئىي ھىدايەت» (موللا ياقۇپ كاشغەرى) «تارىخىي كاشغەر» (موللا مىر سالىھ كاشغەرى ۋە مۇھەممەد ئاتىپ، مۇھەممەت ئەلەملەر يازغان نۇسخىلار)، «قىسسەسۇلغەرايىپ» (موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى)، «ھەمزەنامە» (غەرىب خەستە)، «تەزكىرەئىي خۇجە مۇھەممەد بۇزرۇرگۋار» (زەلىلى)، «مەجمۇئەتۇلئەھكام» (مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشى)، «تەزكىرەئىي بۇغراخان» (موللا ھاجى)، «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» (مۆجىزى) «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدى» (موللا مۇسا سايرامى) «كىتابى ئەبدۇللاھ» (ئەبدۇللاھ پوسكامى) قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا ئاپتورلىرى ئېنىق بولمىغان «تەزكىرەئىي سۇتۇق بۇغراخان»، «تەكىرەئىي ئارسىلانخان»، «تەزكىرەئىي يۈسۈپ قادىرخان»، «تەزكىرەئىي خۇجە مۇھەممەت شەرىف»، «تەزكىرەئىي جالالىدىن كەتەكى»، «تەزكىرەئىي سەييىد ئافاق خوجام»، «تەزكىرەئىي پىر ياران» قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

(4) مىنگو يىللىرىغا خاس ئەسەرلەر: «ۋاقىئايى كاشغەر» (قۇتلۇق شەۋقى)، «ھەجنامە» (توقتىسۇن خوتەنى)، «ئىلى تارىخى» (ئىمىن تارىخ)، «يورۇق ساھىللار» (نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت)، «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەئىي كاشغەر» (ئېمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم 1954-يىلى تاماملانغان).

قوشۇمچەI: «بابۇرنامە» (زەھىرىدىن مۇھەممەت بابۇر). «شەجەرەئىي تۈرك»، «شەجەرەئىي تەراكىمە» (ئوبۇلغازى باھادىرخان).

قوشۇمچە II: «تارىخىي كاشغەر» (ئابدۇ جاپپار كاشغەرى)، «سۇراھۇللۇغەت» (جامال قارشى)، بۇ ئەسەرلەر كاشغەردە ئەرەبچە يېزىلغان.

قوشۇمچەIII: «تارىخىي رەشىدى» (مىرزا ھەيدەر)، «تەۋارىخ» (شاھ مەھمۇد جوراس) بۇ كىتابلار پارسچە يېزىلغان. «زەپەرنامە» (موللا شاكىر، بۇ كىتاب دەسلەپ پارسچە يېزىلىپ كېيىن ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان).

قوشۇمچەIV: «دەدە قورقۇت» (قورقۇت ئاتا) كىتابى

قوشۇمچەV: خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر، بۇلار يېقىنقى زامانغا كەلگەندە شىنجاڭ دائىرىسىدە توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان. مەسىلەن، «جامىئۇل ھىكايەت» (موللا سەنجار ئىبراھىم كاشغەرى رەتلەپ قەلەمگە ئالغان. 18-ئەسىر)[50]. «جامىئى ھىكايەت» (ئابدۇراخمان ئاقسۇيى رەتلەپ قەلەمگە ئالغان ،19-ئەسىر)[51]، «جەمشىتنامە» (كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، چاغاتايچە قوليازما نۇسخىسى بۈگۈنكى كۈنگىچە خەلق ئارىسىدا ساقلانغان)[52]، «ھىكايەتلەر» (بۇ چاغاتايچە قوليازمىغا «شاھزادە دىلدار-مەلىكە مېھرىلقا»، «شاھزادە پەرۇخ-مەلىكە گۈلرۇخ»،

«غېرىپ ـ سەنەم»، «سەنۇبەر»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق بەش داستان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1902 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن) [53].

(5) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن توپلانغان، قەلەمگە ئېلىنغان ھەم نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ماتېرىيال ۋە ئەسەرلەر:

بىرىنچى، خەلق ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە ئەسەرلەر.

(1) ھېكايە ـ چۆچەكلەر: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» [54]، «ئۇژمە سايىسى» (ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى) [55]، «شىنجاڭ ھەر مىللەت چۆچەكلىرى» [56]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» [57] (20 توپلام)، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» [58]، «قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى» [59]، «خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرى» [60]، «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى» [61]، «قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى» [62]، «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى» [63]، «لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى» [64]، «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى» [65]، «قومۇل شەھەر خەلق چۆچەكلىرى» [66]، «ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونى خەلق چۆچەكلىرى» [67]، «چۆچەك ـ قىسسەلەر» («شاھزادە قاسىم ـ مەلىكە گۈلچېھرە»، «شاھزادە دىلدار ـ مەلىكە مېھرىلقا»، «يېگانە جاھان بىلەن يېگانە دەۋران»، «سەنۇبەر بىلەن پەرىزات»، «مەلىكە نۇرجامال») [68].

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئۈچ توپلام» [69] تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە شەھەر ـ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنى ئاساس قىلغان ھالدا (بەزى ۋىلايەتلەرمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋىلايەت دەرىجىلىك توپلام ئىشلىگەنلىرى بار) چۆچەكلەر توپلىمى تەييارلىنىپ بېسىلغان ياكى نەشر قىلىنغان. بۇ يەردە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرىدىن بىر تۈركۈم توپلام نامى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 1990 ـ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە يەنە نەچچە ئونلىغان چۆچەكلەر توپلىمى (جۈملىدىن، قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، داستانلار توپلاملىرى) بېسىلغان ياكى نەشر قىلىنغان بولۇپ، سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ جايدا بۇلار بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلمىدى، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ مەزكۇر تۈر ئۈچۈن مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتى بار، ئەلۋەتتە.

(2) قوشاق، بېيىتلار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [70]، «قوشاقلار» [71]، «ئەمگەك قوشاقلىرى» [72]، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (يەتتە توپلام) [73]، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» [74]، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى» [75]، «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» [76]، «ئۇيغۇر خەلق سەنەملىرى» [77]، «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» [78]، «ئۇيغۇر خەلق توي ـ مەرىكە قوشاقلىرى» [79]، «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى» [80]، «قومۇل نەزمىلىرى» [81]، «ئاقسۇ نەزمىلىرى» [82]، بۇلاردىن باشقا ئىلى خەلق ناخشىلىرى، خوتەن خەلق ناخشىلىرى، كۇچا خەلق ناخشىلىرى قاتارلىق توپلاملارمۇ نەشر قىلىندى.

(3) ماقال تەمسىللەر: «ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى توپلىمى» [83]، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرى» [84]، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» [85]، «ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى» [86].

(5) داستان ـ قىسسەلەر: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (تۆت توپلام) [87]، «ئەمىر گور ئوغلى» (ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توپلىمى) [88]، «غۇلجا خەلق داستانلىرى» [89]، «قاراقاش خەلق داستانلىرى» [90]، «باھار دانىش» (ئۇيغۇر كلاسسىك مۇھەببەت قىسسىسى) [91]، «مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى» (لوپنۇر قىسسىلىرى) [92]، «بوز يىگىت ۋە ئاق جۇۋان» (لوپنۇر قىسسىلىرى) [93].

(5) مەسەللەر: «ئۇيغۇر خەلق

مەسەللىرى» (ئىككى توپلام)[94]، «هايۋانات هەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر»[95].

(6) ئەپسانە-رىۋايەتلەر: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»[96]، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (ئۈچ توپلام)[97].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ئاشكارە ۋە ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت-ژورنال، مەجمۇئە، توپلام، دەرسلىك، كىتابلار سەھىپىسىدە خەلق ئېتىقادىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بولغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كۆپ ساندا ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى هەرخىل كىتاب-توپلاملار تەركىبىدە ئېلان قىلىندى.

ئىككىنچى، يازما ئەدەبىيات، تىلغا دائىر ماتېرىياللار: «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»[98]، «ئوغۇزنامە»[99]، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (مەهمۇد كاشغەرى)[100]، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»[101]، «قۇتادغۇبىلىك» (يۈسۈپ خاس هاجىپ)[102]، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»[103]، «دىۋانى زەلىلى»[104]، «نىزارى داستانلىرى» (ئا.نىزارى)[105]، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (رابغۇزى)[106]، «خەمسە نەۋايى» (ئەلىشىر نەۋايى)[107]، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»[108]، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم)[109]، بۇلاردىن باشقا يەنە قەدىمكى ئەدەبىياتقا دائىر 50 نەچچە كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. بۇلاردىمۇ ناهايىتى مول ماتېرىياللار بار.

8. مۇڭغۇلچە تارىخىي يازمىلار: بۇ خىل ئەسەرلەر تۈرىگە «موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» يەنى «توبۇچائان» ياكى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» كىرىدۇ.

1. چەتئەل تارىخىي يازمىلىرى

1. ئىرانىي-پارىسچە تارىخىي يازمىلىرى: ئىرانىي-پارس تىلىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى، فولكلورىغا دائىر مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «ئاۋېستا»، «شاهنامە» (ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى)، («هۇدۇلدۇلئالەم»، «تارىخىي جاهان گۇشاھ» (جۇۋەينى)، «جامىئۇل تەۋارىخ» (راشىدىدىن)، «تارىخ ئابىرا ئۇلۇس» (مىرزا ئۇلۇغ بەگ)، «رەۋزەتۇسسەفا» (مىرخوەندى)، «زەپەرنامە» (يەزدى)، «زۇبدەتۇلئەخبار» (مەۋلانا ئەبۇ مۇهەممەد).

2. گرېك تارىخىي يازمىلىرى: ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيا توغرىسىدا گرېكچە يېزىلغان تارىخىي هۆججەتلەر خېلى بار. مەسىلەن، «تارىخ» (هىرودوتۇس)، «مىناندىرنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى» (مىناندۇر)، «تارىخ» (ت.سىمۇكاتتا) قاتارلىقلار.

3. ئەرەب تىلىدىكى تارىخىي يازمىلار: «سۇلايمان خاتىرىلىرى» (سۇلايمان)، «تەمىم ئىبىن بەهىر ساياهەتنامىسى» (تەمىم ئىبىن بەهىر ئەل مۇتەۋۋى)، «كىتاپ ئەل مەسەلىك ۋەل مەمەلىك» (ئىبىن خوردابى)، «ئەل رىفلە» («ئىبىن فەزلان ساياهەت-نامىسى»، ئىبىن فەزلان)، «تارىخ تەبەرى» (تەبەرى)، «تارىخ ئومۇمىيە» (ئىبىن ئاشىر)، «رىسالە» (ئەبۇ دۇلەف مىسار ئىبىن ئەل مۇهالخىل)، «مۇرۇج ئەد دەهەب» (مەسئۇدى)، «كىتاب ئەل بۇلدان» (ئىبىن ئەل فەقىق)، «زەينىل ئەخبار» (گەردىزى)، «تارىخ بۇخارى» (ئابابەكرى بۇخارى، بۇ كىتاب 1128-يىلى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «تەبائى ئەل هەياۋان» (شەرەف ئەل زامان ئەل مەرۋەزى)، «مۇئىئەم ئەل بۇلدان» (يەقۇتى).

4. فرانسوزچە تارىخىي ماتېرىياللار: «روبرۇك ساياهەتنامىسى» (ۋ.ۋ.روبرۇك). «دۇسسون موڭغۇل تارىخى» (س. دۇسسون)، «خوتەن تارىخى» (ئابىل رىمۇسات)[100]، «پارىژدىن توكيوغىچە»[111]، (گابرىل بونۋالوت)، «پېللىوت ۋە غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» (پائۇل پېللىئوت قاتارلىقلار)[112]، «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرققە دائىر هۆججەتلىرىدىن ئۈزۈندە» (گېئورگىي كاۋدېس

تەييارلىغان) [113]، «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ يىراق شەرققە دائىر ھۆججەتلىرىگە ئىزاھ» (گابرىئېل فېرراند تەييارلىغان) [114].

5. ئىتالىيانچە تارىخىي ماتېرىياللار: «ماركوپولو ساياھەتنامىسى» (ماركوپولو)، «بىنوئىتنىڭ خىتاننى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» (ماتورىك).

6. رۇسچە تارىخىي يازمىلار: «چۇقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئالتە شەھەر خاتىرىسى» [115]، (چۇقان ۋەلىخانوۋ). «كاشغەرىيە» (ن.ئا. كورپاتكىن») [116]، «شىمالىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (ۋ.ۋ.رادلوف)، «تارانچى ناخشىلىرى» (ن.ن.فانتاسوۋ)، «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (ن.ن.فانتاسوۋ)، «تارانچى باقشىلىرىنىڭ پىرە ئويۇنى» (ن.ن.فانتاسوۋ)، «تارانچى خەلق ھېكمەتلىرى» (ن.ن.فانتاسوۋ)، «تۈركىي تۇرپان تېكىستلىرى» (ن.ن.فانتاسوۋ) [117]، «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىن بېيىت، ناخشا، قوشاق، ماقال-تەمسىل، تېپىشماق ۋە چۆچەكلەر» (رازىق بەشرىي)، «يەتتە سۇدا ئۇيغۇر ئېپىگرافىكىسى» (ن.ئا.بېرنىشتام)، «غەربىي جۇڭگوغا قىلىنغان ساياھەتنىڭ بايانى» (گ.يې.گرۇم-گرژمايلوف) [118]، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە» (ۋ.ۋ.بارتولد)، «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى» (س.ئې.مالوف)، «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايە-چۆچەكلىرى» (س. ئې. مالوف)، «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايە-ناخشا، ماقالە ۋە تېپىشماقلىرى» (س.ئې.مالوف)، «ئۇيغۇر تىلى» (س. ئې.مالوف)، «لوپنۇر تىلى» (س.ئې.مالوف)، «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋىلىرى» (س.ئې.مالوف)، «ئۇيغۇر تىلى- قومۇل تېكىستلىرى» (س.ئې.مالوف) [119]، «كۇچادىكى پىرىخۇنلار، داخانلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» (س.ف.ئولدېنبۇرگ)، «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» [120]، «1909-1910-يىللاردىكى تۈركىستان روس ئېكسپېدىتسىيىسى» (س.ف.ئولدېنبورگ)، («ئۇيغۇر تىلى خرۇستوماتىيىسى» (ق.ق. يۇداخىن) [121]، «ئۇيغۇر تېكىستلىرى» (ئە.ر. تېنىشېف) [122]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» [123]، «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى» (ماھنۇر ئەلىيېۋا) [124].

7. ئىنگلىزچە ماتېرىياللار: «شەرق خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە» (ھېنرى يولى) [125]، «بىر ئەنگلىيىلىك (سودىگەر)نىڭ تەۋەككۇلچىلىكى» [126]، (روبېرت شاۋ)، «قەدىمكى خوتەن» (ئا. ستەيىن)، «سىرىندىيە» (ئا.ستەيىن)، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇملۇق ۋە بوستانلىقتىن ئۆتۈش» (ئېلاسېكس) [127]، «جۇڭگونىڭ مەركىزىي ئاسىياسى» (ك.پ، سكرىن) [128]، «كاشغەرنى ئەسلەيمەن» (كاتارىن ماكارتنېي) [129].

8. فىنلاندىيە ھۆججەتلىرى: «مانىېرخېمنىڭ ئاسىيادىن ئۆتۈش سەپىرى-كاسپىدىن بېيجىڭغىچە سەپەر خاتىرىسى» [130].

9. نېمىسچە ماتېرىياللار: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» (ئا.ف.لېكوك)، «شەرقىي تۈركىي خەلقلەر فولكلور ھۆججەتلىرى» (ك.ن.مېنگېس) [131]، «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرگە مۇقەددىمە» (ئا.ۋ.لىكوك)، «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (ۋىللى باڭ، ئا.ۋ. گابائىن)، «ئۇيغۇرىكا» (ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر،ف.ۋ.ك.مۈللېر)، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (ئا.ۋ.گابائىن) [132].

10. شىۋىتسىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى: «ئاسىيانىڭ مەركىزىگە سەپەر خاتىرىسى» (سىۋېن ھېدىن) [133]، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» (فولك بېرگمان)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» (ياكى «ئۇيغۇر خەلق بىلىملىرى ماتېرىياللىرى»، گۇننار يارىڭ) [134]، «مۇئېن تويلىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشاق، ماقال-تەمسىللەر» [132].

11. ياپونچە تارىخىي ماتېرىياللار: «تاچىبانا زۇيچۇ (جۇرۇيچاۋ) نىڭ غەربكە سەپەر خاتىرىسى» (1909) [136].

12. تاتارچە تارىخىي يازمىلار: بۇ تۈردىكى ھۆججەتلەرگە، بىرىنچىدىن، شىنجاڭلىق تاتار ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، ئىككىنچى، چەتئەللىك تاتار ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مىسال بولىدۇ. مەسىلەن، «كىتاب تارىخىي جەرىدەئى جەدىدەئى» (قۇربان غەلى خالىدى، 1889 - يىلى قازان نەشرى)[137]، «تارىخىي خەمسە شەرقىي» (قۇربان غەلى خالىدى، 1903 - يىلى قازان نەشرى)، «تۈرك - تاتار تارىخى» (ئەھمەد زەكى، 1914 - يىلى قازان نەشرى)، «نۇشىرۋان يائۇشەفنىڭ شىنجاڭغا سەپەر خاتىرىسى»[138] (1914 - 1917 - يىللار)، «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» (زەرىف بەشىرى، 1925)[139]، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (زەرىف بەشىرى، 1931)[140] قاتارلىقلار.

قوشۇمچە:

1. مىراد رەمزى «تەلفىقۇلئەخبار»، ئورنبورگ، 1892 - يىلى.
2. ھادى ئاتلاس «سىبىرىيە تارىخى»، ئورنبورگ، 1911 - يىلى.

2. چەتئەلدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار

«تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»[141]، «بىرىنچى بىلىك»[142]، «ئەل ئەدەبىياتى»[143]، «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى»[144]، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى»[145]، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى»[146]، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[147]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[148]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[149]، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[150]، «ئۇيغۇر ماقال ۋە تەمسىللىرى»[151]، «ئۇيغۇر ئېرتەكلىرى»[152]، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[153]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[154]، «ئۇيۇل ئالتۇن»[155]، «لىرىكا دۇردانىلىرى»[156]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[157]، «ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى»[158]، «ئۇيغۇر بېيىتلىرى»[159].

4. ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە قەدىمدىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم غەيرىي رەسمىي ئىلمىي خادىملار ئارىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە ئىزدىنىش بولۇپ كېلىنگەن. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» دېگەن ماۋزۇدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ماتېرىياللار كۆرسەتكۈچى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بىر قەدەر ئېنىق تەتقىقات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئەھۋاللار توغرىسىدا قىسقىچە بايان بېرىپ ئۆتىمەن.

1. دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋاللار

(1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرى:

1. مەھمۇد كاشغەرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك». م. كاشغەرى (1008 - 1102) كاشغەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يېزا ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان ھەم شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ تەخمىنەن 15 يىل ئەتراپىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ياشىغان جايلىرىنى ئىلمىي تەكشۈرۈپ، تىل، ئەدەبىيات ۋە فولكلورغا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلاپ، 1072 - 1074 - يىللىرى باغداتتا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئالىم 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەمنى ئىزاھلىغاندا ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە دىنغا دائىر 50 دىن ئارتۇق ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە ھەققىدە توختالغان. 240 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر - قوشاق، 200 نەچچە پارچە ماقال - تەمسىل، 10 نەچچە پارچە ئەپسانە - رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك». يۈسۈپ (1019 - 1085) قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئۇ «قۇتاغۇبىلىك» (1069 - 1070) ناملىق داستانىدا بايات - تەڭرى، تەبىئەتكە سۆيۈنۈش، يالاۋاچ - پەيغەمبەر، پىرىخۇنلۇق، چۈش تەبىرى، قەھرىمانلىق، دانىشمەنلىك، قۇت ھېرىسمەنلىكى، چوكلار (ئاقساقاللار)، بۆيۈكلەر ۋە مېھمان ھۆرمىتى قاتارلىق بىرقاتار

ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە ئېتىكىغا دائىر مەزمۇنلار ئەدەبىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

3. رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، رابغۇزى (تەخمىنەن 1279 ـ 1351 ـ يىللار)، كاشغەردە تۇغۇلغان دېگەن قاراش بار. ئۇنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (1311) ناملىق ئەسىردە ئىسلامىيەت چۈشەنچىسىنى يويۇق قىلغان هالدا مىسوپوتامىيە، ئوتتۇرا شەرق، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد ئادەتلىرى توغرىسىدا بىرقەدەر كەڭ مەلۇمات بەرگەن. بۇ ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى ئېتىقاد ۋە ئېتىكىلىق چۈشەنچىسىنى ئۆگىنىشتىكى مۇهىم مەنبەئە ماتېرىيالى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

4. مىرزا هەيدەر (1550 ـ 1551) ۋە «تارىخىي رەشىدى» (1542 ـ 1546). يەركەند خانلىقى دەۋرى (1514 ـ 1680) دە ياشىغان تارىخچى مىرزا هەيدەرنىڭ بۇ كىتابىدا تۈركىي، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئادەم، يافەس، تۈرك، ئوغۇز، قاراخان، ئافراسىياپ، بۇغراخان قاتارلىق ئەپسانىۋىي شەخسلەر، ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋملەر، قەهرىمانلىق پائالىيەتلەر توغرىسىدا كۆپ مەلۇماتلار بايان قىلىنغان.

5. ئۆمەر باقى، 19 ـ ئەسىردە ئىلىدا ئۆتكەن تارىخچى، روسىيىلىك شەرقشۇناس ۋ.ۋ.رادلوف 1862 ـ يىلى ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن ئىلى رايونىغا كەلگەندە شائىر موللا بىلال ۋە تارىخچى ئۆمەر باقىلار بىلەن ئۇچراشقان، هەم ئۇلار ئارقىلىق تارىخىي هۆججەتلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ هېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى توپلىغان. ئۆمەر باقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا ناهايىتى كۆپ ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، چۆچەك ـ هىكايىلىرىنى، تېپىشماق ـ بېيىتلىرىنى، ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ بىر يىلغا يېقىن (1863 ـ يىلى) رادلوفنىڭ بارناۋۇل (شەهەر نامى) دىكى ئۆيىدە تۇرۇپ رادلوفقا ياردەم قىلغان. بۇ هەقتە رادلوف مۇنداق ئەسكەرتمە بېرىپ ئۆتكەن: «مەن ئۆمەر باقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالدىم، قاپال بىلەن غۇلجا شەهەرلىرىدىن يېزىۋالغان تېكىستلەرنى قايتا كۆرۈپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭدىن كۆپ چۆچەكلەرنى، ئاجايىپ هىكايىلەرنى، ئۆز هاياتىدىن خاتىرىلەرنى، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ مانجۇلارغا قاراشلىق رايونلارنىڭ ئەهۋالى هەققىدە كۆپ ماتېرىياللارنى يېزىۋالدىم»[160]. مۇشۇ بايانلارغا ئاساسلانغاندا، گەرچە ئۆمەر باقىنىڭ فولكلورغا دائىر خاس ئەسىرى بولمىسىمۇ (بولغان بولىشىمۇ مۇمكىن)، ئەمما رادلوف توپلىغان ئۇيغۇر فولكلور ماتېرىيالىنىڭ كۆپىنى يەنە بىر جەهەتتىن ئۆمەر باقىغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆمەر باقى (جۈملىدىن موللا بىلال) ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتىغا مۇهىم تۆهپە قوشقان شەخس دەپ باهالىنىشقا مۇناسىپ.

6. ئەبدۇللا پوسكامى (1876 ـ ؟) ۋە «كىتابىي ئەبدۇللا»، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەردە پەيغەمبەر، رەببال، دۇئاخان، چۈمكەشچى، فەرىخان، موللا، قارىي، ئىشان، سوفى، دەرۋىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئەينى زامانىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە شېئىرىي بايانلار بېرىلگەن.

7. موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخىي ئەمنىيە» (1904)، «تارىخىي هەمىدى» (1908). م.م.سايرامى (1836 ـ 1917) ئۆزىنىڭ بۇ تارىخى كىتابلىرىدا تۈركىي، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئادەم، يافەس، تۈرك، ئوغۇز، قاراخان، ئافراسىياپ، بۇغراخان، چىن، ماچىن، پۇدەك، قەنتۇرا قاتارلىق ئەپسانىۋىي شەخسلەر، سۇتۇق بۇغراخان، چىڭگىزخان، سەئىدخان قاتارلىق قەهرىمان شەخسلەر، ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋملەر، قەهرىمانلىق پائالىيەتلەر توغرىسىدا مول ئۇچۇرلار بايان قىلىنغان.

8. قۇتلۇق شەۋقى (1876 ـ 1937) ۋە «ۋاقىئائىي كاشغەر» 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاشغەردە يېزىلغان بۇ كىتابتا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى،

ئەپسانىۋى ۋە رېيال ھەم قەھرىمان تارىخىي شەخسلەر، ئۇرۇق، قەۋملەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلار، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇيغۇرلار نەزەرىدىكى ئىسلام دىنى، ئېتىقاد، ئېتىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا بايان بېرىلگەن. ئۇنىڭ قوليازما نۇسخىسى 280 بەتلىك بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋېتىدۇ.[161]

9. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن (1897 ـ 1948)، غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ «ئىلى تارىخى»، «مۇختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان[162]، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى زامانىسىدا چىقىدىغان «ئىتتىپاق» ژورنىلىنىڭ 1949 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ز.قادىر، نۇرمۇھەممەد بوساقۇفلارنىڭ توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن بىرگە بېسىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرى ۋە 1958 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا 313 پارچىسى ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا يېزىلغان ئىلاۋەدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى 1920 ـ يىللىرىدىن 1926 ـ يىللىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىر يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى خەلق ئاغزىدىن بىرمۇ ـ بىر ئاڭلاپ توپلىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە چوڭقۇر مەزمۇن بېغىشلايدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى سۆيەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىغان ۋە ساقلاپ كەلگەن.

ئىمىنجان ئاكا 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى».

10. ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن (1933 ـ 1995) نىڭ ئىزدىنىشلىرى. ئا.م. ئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا ئىزدىنىشلىرى قاتارىدا خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قىممەتلىك ماقالىلەر ۋە ۋاستىلىق كىتابلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان. مەسىلەن، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات قارىشى توغرىسىدا»[163]، «ئېمپېدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا»[164]، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتلىمى»[165]، «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە»[166]، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دىن»[167]، «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقى»[168]، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»[169]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا»[170]، «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى»[171]، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»[172]، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» قاتارلىقلار[173].

11. ئابدۇكېرىم راخمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەخسۇس فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ مەزكۇر تۈرگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە پارچە ماقالىسى بار. ھەم يەنە بىر قانچە كىتابلىرى تەركىبىدە بۇ توغرىلىق مەخسۇس توختالغان. مەسىلەن، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سېھرىي ئوبرازلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا»[174]، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن شامان دىنىغا نەزەر»[175]، «ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى»[176]، «ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى»[177]، «قومۇل خەلق فولكلورىدىكى مۇقەددەس سان ـ توققۇز توغرىسىدا»[178]، «تەبىئەت بايرىمى نەۋرۇز»

[179]، «تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى» [180]، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» [181]، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» [182].

12. غەيرەتجان ئوسمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى» ناملىق دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرى (2004 ـ 2006) نىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ئون نەچچە يىل تەييارلىق قىلغان. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. «شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈخان رىۋايىتى» [183]، «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئۆلچەملىك سانلار توغرىسىدا» [184]، «ئوغۇزنامىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي، ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا نەزەر» [185]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنى ئېتىقادى توغرىسىدا» [186]، «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات» [187]، «دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە» [188]، «ئۇيغۇرلارنىڭ يادا تاش چۈشەنچىسى ھەققىدە» [189]، «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى» [190]، «ئارسلان، بۇغرا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى ـ ئارسلان، بۇغرا تۇتېملىرى توغرىسىدا» [191]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى» [192]، «شىنجاڭدىكى قەدىمكى دىنلار» [193]، «ئۇيغۇر ئەجداتلىرىنىڭ تارىختىكى تۇتېملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر» [194]، «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە» [195]، «خاسىيەتلىك سان (9) ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» [196]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوچاق مۇقەددەسلىك قارىشى ھەققىدە» [197]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» [198]، «لوپنۇرلۇقلارنىڭ يادا تاش سېھىرگەرلىكى ھەققىدە» [199]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلىرى» [200]، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى» [201].

13. ئوسمان ئىسمائىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى. «ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ھېكايىلىرىدىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى» [202]، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى غەيرىي ئوبرازلار» [203]، قاتارلىق 50 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغاندىن باشقا، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» [204]، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» [205]، «ئۇيغۇر سېھىرگەرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە» [206]، قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

14. ئادىل مۇھەممەد تۇران. ش ئۇ ئا ر ئاخپارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى)، «مەكىت تارىخىدىن ئىزنىسلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر)، «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 ـ ، 2007 ـ يىللىرى)، «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا ـ دولان» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى» (شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2006)، «مەكىت تارىخ مەدەنىيىتى» (ئۈچ قىسىم، بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئىزدىنىشلەر ئورۇن ئالغان.

15. رائىلە داۋۇت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇرلارنىڭ مازار ئېتىقادچىلىقى تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان. ئېلان قىلغان ئاساسلىق ئىلمىي ماقالىلىرى «قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخقە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا» [207]، «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۇتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش» [208]، كىتابى «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار ئېتىقادچىلىقى»

[209] قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

16. ئەسئەت سۇلايمان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم مەدەنىيىتى ھەققىدە مەخسۇس ئىزدەنگەن. ئېلان قىلغان ئاساسلىق ماقالە ۋە كىتابلىرى: «بۆرە تۇتېم ئەپسانىلىرىنىڭ مەنبەسى ۋە سېلىشتۇرمىسى»[210]، «ئۇنتۇلغان تۇتېم ۋە زامانىۋىي كەمتۈكلۈك»[211]، «ئىپتىدايي سەنئەتتە بۆرە تەسۋىرى»[212]، «قومۇل خەلق ناخشا-قوشاقلىرىدىن شامان دىنى ئىزنالىرىغا نەزەر»[213]، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم مەدەنىيىتى»[214].

17. ئەنۋەر سەمەد قورىغار. فولكلور پەنلىرى دوكتورى. جۇڭگودا ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولغان خەلق پەرھىزلىرى توغرىسىدا مەقسەتلىك ھەم نىشانلىق ھالدا ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئېلان قىلغان ماقالىلىرى نەچچە ئون پارچىغا يېتىدۇ. «پەرھىز ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابى خەنزۇچە[215]، «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»[216]، «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ئەخلاقى»[217] قاتارلىق كىتابلىرى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

18. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر، تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسى، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1992-يىلى بېسىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان،) «ئىسكەندەرنامە» (ئۈچ قىسىم شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998-يىل 12-ئايدا نەشر قىلىنغان)، «ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى» (ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1994-يىل 10-ئايدا بېسىپ ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان) قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا موللا بىلال، ئېمىر ھۈسەيىن، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئىمىن تۇرسۇن، مىر سۇلتان ئوسمانوۋ، ئەرشىدىن تاتلىق، مۇھەممەد رېيىم، مۇھەممەدجان سادىق، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، جۈنەيد بەكرى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، مۇھەممەد ئىمىن سابىر، ئىسراپىل يۈسۈپ، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، نۇرمۇھەممەد توختى، ئۆمەرجان ئىمىن، يۈسۈپ ئىسھاق، ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى، قەلبىنۇر مۇھەممەد، ئەھمەد سۇلايمان، ئابلىمىت ئۆمەر، راخمان ئابدۇرېھىم، مۇختەر مۇھەممەد، مىھراي ئابدۇلىم، ئاينۇرە دولات، دىلمۇرات مەھمۇد، ئىزىز ئاتاۋۇللا قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە بەلگىلىك دەرىجىدە، بەزىلەر خېلى چوڭقۇر سەۋىيىدە ئىزدىنىشتە بولۇپ، مەزكۇر تۈرنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشكە بىر ئۈلۈشتىن ھەسسە قوشۇپ كەلگەن.

(2) خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر:

ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىزدىنىشلەر توغرىسىدا يۇقىرىدا بىبلىئوگرافىيە خاراكتېرلىك ئۇچۇر بېرىپ ئۆتتۇلدى. ئەمدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلى بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق يوسۇندا ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرقانچە مۇتەخەسسىس تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ.

1. لىن گەن (林干)، ئىچكى مۇڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، پۈتۈن ھاياتىنى مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر، جۈملىدىن ھۇنلار، قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (匈奴通史)[218]، «تۈرك تارىخى» (突厥史)[219]، «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى»

[220]، (回纥史)، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (中国古代北方民族通论) [221]، «تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (突厥语回纥史) [222] قاتارلىقلار ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (突厥回纥历史论文选集) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزگەن [223]، ئۇ ھۇنلار، قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن ھەم يۇقىرىقى كىتابلىرىدا بۇ توغرىلىق بايانلارنى كىرگۈزگەن، ئايرىم ماقالىلەرنىمۇ يازغان.

2. گېڭ شىمىن (耿世民)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، يېڭى جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان ئالىم. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئوچېرىكى» [224]، «دۇنخۇاڭدىكى تۈرك، ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىگە مۇقەددىمە» [225]، «شىنجاڭنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» [226]، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى» [227]، «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى تەتقىقاتى» [228]، «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى ئوقۇشلۇقى» [229] قاتارلىق كىتابلىرى ۋە مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا 180 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

3. لاڭ يىڭ (郎樱). جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى، تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇنداق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «رىۋايەت-ھېكايىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۆتېمىغا چوقۇنۇشىغا نەزەر» [230]، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى ‹ئوغۇزنامە› ھەققىدە» [231]، «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك ئەدەبىياتى ۋە شامان دىنى» [232]، «شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ شۇڭقار ئەپسانىسى ۋە شامان دىنى» [233]، «تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ غەيرىي تۇغۇلۇش مۇتىفىدىكى شامان مەدەنىيىتى ئامىللىرى» [234]، «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى» [235]، «غەربىي شىمالدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى قالدۇق ئادەتلىرى» [236].

4. ياڭ شېڭمىن (杨圣敏)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىلىق ئىزدىنىپ كەلگەن. ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆزگەرگەن مانى دىنى» [237]، «قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىنىڭ ئالمىشىشى» [238] قاتارلىق ماقالىلارنى، «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى» ‹回纥史› [216]،ناملىق كىتابنى ئېلان قىلغان.

5. خې شىڭلياڭ (何星亮). جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى. پروفېسسور خې شىڭلياڭ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئېتىقادى» (维吾尔族早期信仰) ناملىق تىرەن مەزمۇنلۇق ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆتېم قارىشىدىكى كۆپ خىللىق مەسىلىسى تەكىتلەنگەن، يەنە شامان دىنى مەسىلىسىمۇ خېلى ئەتراپلىق تىلغا ئېلىنغان [240].

6. ياڭ فۇشۆ (杨富学). جۇڭگو دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى. ئۇيغۇرشۇناس، دوكتور ياڭفۇشۆ ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەتقىقات يۆنىلىشىنى جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىقىغا قاراتقان ھەم بۇ ساھەدە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى» [241]، «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئەدەبىياتى توغرىسىدا» [242]، «خىتانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە» [243]، «قەدىمكى ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرىدىكى بۆرە، شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى

توغرىسىدا بايانچە»[244]، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تارىخىدىكى شامان پىرىخۇنلىقى»[245] قاتارلىق يۈز نەچچە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرى» (沙洲回鹘及其文献)[246]، «غەربىي يۇرت، دۇنخۇاڭدىكى دىنلار ھەققىدە» (西域敦煌宗教论稿)[247]، «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» (回鹘之佛教)[248]، «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (回鹘文献与回鹘文化)[249]، «ھىندىستان دىن مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (印度宗教文化与回鹘民间文学)[250] قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا جاڭ شىڭلاڭ (张星烺)[251]، خەن رۇلىن (韩儒林)[252]، سېن جۇڭميەن (岑仲勉)[253]، ماچاڭشۇۋ (马长寿)[254]، فېڭ جياشېڭ (冯家升)[255]، ليۇيىتاڭ (刘义堂)[256]، چېڭ سۇلو (程溯洛)[257]، دۇەن ليەنچىن (段连勤)[258]، ليۇجىشاۋ (刘志霄)[259]، سۇبېيخەي (苏北海)[260]، ۋاڭ بىڭخۇا (王炳华)[261]، لى گوشياڭ (李国香)[262]، گۇباۋ (古苞)[263]، بى چاڭپۇ (毕长朴)[264]، جۇجىڭباۋ (周菁葆)[265]، لى جىنشىن (李进新)[266]، شۆزوڭجېڭ (薛宗正)[267]، گاۋيۇڭجيۇ (高永久)[268]، يۈتەيشەن (余太山)[269]، چيەن بوچۈەن (钱伯泉)[270]، ۋۇ جىڭشەن (吴景山)[271]، لى يىڭپىن (李吟屏)[272]، تيەن ۋېيجياڭ (田卫疆)[273]، لىن مېيسۇن (林梅村)[274]، لوۋاڭخاۋ (楼望皓)[275]، يۈەن جىگۇاڭ (袁志广)[276]، رۇي چۈەنمىڭ (芮传明)[277]، رەيھان قادىر (热依汗·卡德尔)[278]، دىلمۇرات ئۆمەر[279]، نيۇرۇجى (牛汝极)[280]، ۋاڭ جيەنشىن (王建新)[281]، جاڭ تيېشەن (张铁山)[282]، ھەدىيە مۇھەممەد (艾娣雅·买买提)[283]، خې گۇاڭيۆ (何光岳)[284]، ۋاڭ شۇكەي (王树凯)[285]، لى شۇخۇي (李树辉)[286]، جوڭ گاۋ (仲高)[287]، تاڭ شىمىن (唐世民)[288]، ساڭ رۇڭ (桑荣)[289]، گۈلباھار (古丽巴哈尔)[290]، سۇن كۇي (孙岿)[291]، دەي فېڭلى (戴佩丽)[292]، خې لىڭ (贺灵)[293]، ليۇ جېنۋېي (刘振伟)[294] قاتارلىقلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق يوسۇندا ئىزدىنىشتە بولغان. بۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە دائىر بەزى ماتېرىيال ئۇچۇرلىرى مەزكۇر كىتاب ئاخىرىغا بېرىلگەن. «بىبلوگرافىيە» دە يەنە ئايرىم كۆرسىتىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئايرىم ئۇچۇرلار تەكرار تىلغا ئېلىنمىدى.

## 2. چەتئەللەردىكى ئىزدىنىشلەر

يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە چەتئەللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە دائىر ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىنى توپلاش ۋە ئۇچۇر خاراكتېرلىك تەكشۈرۈشتىن باشقا، مەخسۇس ئىزدىنىشلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئەھمىيەتلىك بولغان خىزمەتلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىشلەنگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىپ ئۆتۈلىدۇ.

رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا. ۋ.ۋ.رادلوف (1837-1918)، ن.ن.پانتاسۇف (1849-1909). ن.ف.كاتانوف (1862-1922)، س.يې.مالوف (1879-1957)، س.ف.ئولدىنبورگ (1863-1934)، ق.ق.يۇداخىن قاتارلىقلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى مۇئەييەن ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. ۋ.ۋ.رادلوف «شىمالىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» نىڭ توققۇزىنچى تومىغا يازغان «كىرىش سۆز» ىدە ئۇيغۇر فولكلورى، ژانىرلىرى، مەزمۇنى ۋە ئىجراسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ باي مىراسنى توپلاش، نەشر قىلىش كۆپ جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ توپلىغان ناخشا- قوشاق، ماقال-تەمسىل، چۆچەك-ھېكايىلەر ۋە ئۇيغۇر فىلولوگىيىسى، فولكلورى ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرى ۋە قالدۇرغان مىراسى ئىلىم-پەن ئۈچۈن زور

ئەھمىيەتكە ئىگە.

ن.ن.فانتاسوۇفنىڭ «تارانچى باقشىلىرىنىڭ پىرە ئويۇنى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى دىنىي غەزەللەردىن ئىبارەت بولۇپ، توپلامدا شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەلگە داۋا بەرگىن دەپ خۇداغا، پەيغەم بەرگە، چاھاريارلارغا سېغىنىپ ئېيتقان قوشاق تېكىستلىرى نوتا بىلەن بېرىلگەن، ئايرىم تېكىستلەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ن.ف.كاتانوفنىڭ «شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان قارىشى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى توغرىسىدا غەرب ئاپتورلىرى يازغان دەسلەپكى ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «شىنجاڭ ھۆججەتلىرىدىكى فولكلور ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 2-تومى 1944-يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان. ن.ئا.بېرنىشتامنىڭ «يەتتەسۇدا ئۇيغۇر ئېپىگرافىكىسى»، س.ئې.مالوفنىڭ «سېرىق ئۇيغۇرلاردا شامانىزم قالدۇقلىرى»، س.ف.ئولدىنبۇرگنىڭ «كۇچادىكى پىرىخۇنلار، داخانلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» قاتارلىقلاردىكى مۇلاھىزە پىكىرلەر پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شەرقشۇناسلاردىن ن.ئا. بېرنىشتام (1910-1956) «يەتتەسۇدا ئۇيغۇر ئېپىگرافىكىسى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە پىكىرلەرنى بايان قىلغان ۋە بەزى فولكلور ژانىرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. س.گ.كلياشتورنىي (1928-) نىڭ «قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» (1964) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلاردىكى دىنىي تۈسلەر ۋە قەدىمكى «تۈرك رىۋايەتلىرى» توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان. ئۇيغۇر فولكلورشۇناس ماھىنۇر ئەلىيېۋا رۇس تىلىدا يورۇقلۇققا چىقارغان «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى» (1975) نىڭ ئىككىنچى بابىدا سېھىرىگەرلىك چۆچەكلەر ھەققىدە، بولۇپمۇ ئېپتىدائىي تۇرمۇش ئىزلىرى توغرىلىق مەخسۇس توختالغان. 1984-يىلى موسكۋادىكى نائۇكا (پەن) نەشرىياتى «ئۇيغۇر تېكىستلىرى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 500 پارچىغا يېقىن فولكلور ماتېرىيال توپلانغان بولۇپ، بۇلار قوشاق، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، رىۋايەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ توپلامنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسى ئەدھەم رەھىموۋىچ تېنىشېۋ نەشرگە تەييارلىغان. ئۇ كىشى ئەسلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1956-يىلى بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭغا كېلىپ، تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەنە شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ جاي-جايلىرىغا بېرىپ تىل ماتېرىيال قاتارىدا باي فولكلور ماتېرىيالىنى توپلىغان [295].

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى يېنىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىدىكى ئىلمىي خادىملار ئۇزۇن يىل ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق تەييارلانغان يىرىك ماناگرافىيىلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەتكە باي مىراسلىرىنى ئىزچىللىق بىلەن تەكشۈرۈش يولىدىكى دەسلەپكى نەتىجىلەر يورۇتۇلغان [296].

شۋېتسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناسلار شىنجاڭغا قىلغان سەپەرلىرىدە يالغۇز خام ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەش ۋە ئېلان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە تەھلىل-تەتقىق قىلىش بىلەن ھەم شۇغۇللانغان. مەسىلەن سۋېن ھېدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە خۇلقى-مىجەزلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، گۇننار يارىڭ ئۇيغۇر مازارلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئېتنوگرافىيىگە ئائىت «تەكلىماكاننىڭ غەربىي، شەرقىدىكى مۇقەددەس قەبرىلەر توغرىسىدا تەتقىقات»،

«مەركىزى ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەن ـ تامغا بەلگىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر» دېگەن ئەسەرلىرى يورۇق كۆرگەن. بۇلاردىن ئىلگىرى ك. دوسسون (1780 ـ 1855) داڭلىق شەرقشۇناس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ «موڭغۇل تارىخى» (دوسسون موڭغۇل تارىخى، 1855 ـ 1924) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ كىتابىنىڭ «ئۇيغۇر» ماددىسىدا پارسچە، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «قوچو ئۇيغۇرلىرى» نىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك، يەنى دەرەخ ۋە نۇردىن ئادەم تۇغۇلىدىغانلىقىغا ئالاقىدار بولغان «بۆگۈخان رىۋايىتى» نى مەخسۇس تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇنىڭ غەرب شەرقشۇناسلىرى ئارىسىدا تەسىرى چوڭ بولغان.

فىنلاندىيىدە، ئۇنو خارۋانىڭ «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ دىنى چۈشەنچىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئېتىقادلىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن[297].

فرانسىيىدە، ئېدوۋئارد چاۋاننېس (1864 ـ 1918) قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدەنگەن بولۇپ «غەربىي تۈرك تارىخى ماتېرىياللىرى» (1903) ناملىق كىتابىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ج.ر.خاملتون يازغان «بەش دەۋردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» (1955) ناملىق كىتابىدا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بەزى ناملىرىنىڭ تۈتېم بىلەن بولغان ئالاقىسى توغرىلىق پىكىرلەر ئېيتىلغان بولسا، جېئان پائۇل رووش ( Jean ـ Paul Roux) «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كۆك تەڭرىسى ھەققىدە»[298]، «ئالتاي جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر»[299]، «تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ دىنلىرى»[300]، ناملىق خاس سەرلەۋھىلىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. لوئىس بازىن (1921 ـ) «قەدىمكى تۈرك كالىندارى تەتقىقاتى» (1972) ناملىق ئەسىرىدە كالىندارچىلىقنىڭ مەزمۇنىدىكى ئېتىقاد ۋە دىنى تەركىبلەر توغرىسىدا كەڭ توختالغان.

ياپونىيىدە، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بويىچە مۇتەخەسسىس خانېدا تورۇ (يۈتيەنخېڭ 羽田亨، 1882 ـ 1955) «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى ئوچېرىكى» (西域文化史概论، 1931) ۋە «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (西域文化史 1936) ناملىق كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرتتىكى دىنلار»، «غەربىي يۇرتقا تارقالغان دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى» نامىدا مەخسۇس باب ئاجراتقان بولسا، «غەربىي يۇرتتىكى دىنلار» ناملىق خاس ماقالىسىدا غەربىي يۇرتتىكى دىنلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان[301]. يەنە بىر ئۇيغۇرشۇناس ئابىتاكۇ (ئەن بۇ جيەنفۇ ـ 安部健夫) «غەربىي ئۇيغۇرىيە خانلىقلىرى تارىخى تەتقىقاتى» (西回鹘国史的研究، 1953) ناملىق كىتابىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» نىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرى، ئۇنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تەركىبلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتكەن.

تۈركىيىدە، پروفېسسور ئابدۇقادىر ئىنان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە دىنىي چۈشەنچىلىرى توغرىسىدا بىر قەدەر چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «شامانىزمنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»[302]، «ئەسكى تۈرك دىنى»[303] ناملىق ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققان.

قىرغىزىستاندا، بۇ يەردە پەلسەپە پەنلىرى دوكتۇرى، پروفېسسور ئەزىز ئىساجان ئوغلى نارىنبايېۋ (1924 ـ) نىڭ ئەللىك يىل ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئۇ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي چۈشەنچىلىرى، ئېتىكىلىق ئەخلاق ۋە پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە ئىزدەنگەن، جۈملىدىن قەدىمكى ئېتىقاد، دىنى چۈشەنچىلەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى مۇئەييەن چوڭقۇرلۇققا يەتكەن. ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە ئىدىيىسى قاتارلىق كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك ئەسىرى ـ

«تاللانغان ئەسەرلەر» ناملىق كىتابى 2004-يىلى بىشكەكتە پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئون نەچچە پارچە كىتابى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى.

قازاقىستاندا، داۋۇت ئىسىيېۋ «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي ئوبرازلار»[304]، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرى»[305] ناملىق خاس سەرلەۋھىلىك ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى غەربىي يۇرت، شىنجاڭ، قەدىمكى تۈركلەر، يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدەنگەندە خەلق ئېتىقادى، دىنىي چۈشەنچىلەر توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان نۇقتا ۋە سەۋىيىدە تۇرۇپ، بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق يوسۇندا ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان.

ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەرقايسى تۈر، ساھەلەر بويىچە چوڭقۇر ۋە قىزغىن تەتقىقات يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ساھە بولۇپ، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئۇتۇقلۇق ھەم مول بولۇپ، چوڭ تۈرنى تىكلەش ۋە سىستېمىلىق، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلانغان دېيىشكە بولىدۇ ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قولغا ئېلىنمىغان، ئىزدىنىلمىگەن ساھەلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، پەقەت ئۇلارنى رەتلەپ، كىرىشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش، بىر خىل سەۋىيىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىشلا ئالدىمىزدىكى ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالغان.

خۇلاسە قىلغاندا: ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دەپنە ئادەتلىرىدە، قىياتاش سۈرەتلىرىدە، جۇڭگودا يېزىق ئىشلىتىلگەندىن باشلاپلا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە، دەسلەپ خەنزۇچە، ئۇنىڭدىن كېيىن، قەدىمكى تۈركچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلار ۋە ساك، توخرى، كارۇشتى، سوغد، مانى يېزىقلىرىدا ئالامەتلىرى ۋە ئىپادىسى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئەڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدا ئۈنۈملۈك جارى بولۇپ تۇرۇۋاتماقتا. قەدىمكى زامان ئاپتورلىرى دەسلەپ بۇ ھەقتە ئىستىخىيلىك يوسۇندا خاتىرە قالدۇرغان بولسا، كېيىنچە مۇئەييەن مەقسەتنى كۆزلەپ قەلەم تەۋرەتكەن، ئىلمىي يوسۇندا ئىزدىنىشمۇ خېلى بۇرۇن قولغا ئېلىنغان. دۆلەت ئىچىدىكى مۇھاكىمىمۇ بۇرۇن باشلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ توغرىلىق خاتىرە قالدۇرۇلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەر ھەممىدىن بۇرۇن بولۇپ، ئىنچىللىقتا ئىگە ھەم بىر قەدەر مول ماتېرىياللارنى ساقلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى بولغان. تىگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ بۆشۈكى جۇڭگو دېيىشكە ئاساسلار تولۇق، مۇبادا جۇڭگو تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما خاتىرىلەرسىز بۇ توغرىلىق پىكىر بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، مەقسەت - نىشان بىرقەدەر ئېنىق، ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە ھەم بىر قەدەر ئىلمىي بولغان خىزمەتنى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكى ۋە 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى، بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئىشلىگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق، ئەلۋەتتە.

مەملىكىتىمىزدە بولسا بۇ خىزمەت مىنگو يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى خەن رۇلىن ئەپەندى 1944-يىلى ئېلان قىلغان «تۈرك، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر» (突厥蒙古祖先传说) ناملىق يىرىك ماقالىسىدىن كېيىن رەسمىي باشلانغان دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش

مۇمكىنچىلىكى بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش خېلى چوڭقۇر قانات يايدى. جۈملىدىن بۇ ساھەدە چوڭ بىر قوشۇن يېتىلىپ چىقتى ياكى چىقىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مەملىكىتىمىزدە نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى، چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ نەتىجىلەر بىلەن ئېلىمىز جۇڭگو ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىقات مەركىزى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۇزۇن يىللار شۇنداق بولىشىغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئېتىقادى ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. قاتلاملىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سوزۇلۇشچانلىقى ئۇزۇن. بۇ تۈر توغرىسىدا ۋاستىلىك يوسۇندا ئىزدىنىشلەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. قەدىمكى زاماندىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىزدىنىشلەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرغان ھەمدە ئوخشىمىغان ھەجىمدە ۋە سەۋىيىدە نەتىجىلەر قولغا كېلىپ تۇرغان. بۇ خىل ئىزدىنىشلەر بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە بىر ھادىسە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت بىۋاستە تەتقىقات تۈرىنى پۇختا ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ توغرىلىق ئىزدىنىشنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. چالا قالغان جايلىرى داۋاملىق تولۇقلىنىدۇ. تولۇقلاش پىكىرلىرى ۋە تەنقىدى ـ تەكلىپ پىكىرلەر قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

## ئىزاھاتلار

پېڭ شىدەي «دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئېتىقادنىڭ سىياسىي قىممىتى ھەققىدە تەتقىقات» (彭时代《宗教信仰与民族信仰的政治价值研究》) 20 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 77 ـ بەت، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان) دا مۇنداق يېزىلغان: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا ئاسىملاتسىيە بولۇپ كەتكەنلەر يالغۇز موڭغۇللارلا ئەمەس. بىرگە مەلۇمكى، بۇرۇن شىنجاڭدا، بولۇپمۇ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا قۇمۇلدا يەنە خۇيخۇي، موڭغۇل، قارا خۇيلار بار ئىدى، دېيىلىدۇ، بۇ خەلقلەر ۋە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسىملاتسىيە قىلىنىپ كېتىلگەن.» (شۇ كىتاب، 1 ـ قىسىم، 329 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى)

بۇ خىل قاراش ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىش پرىنسىپلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ بىر بۆلەك قەبىلە ـ ئايماقلىرى ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدە بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى تەۋەسىدە جوڭشەن بەگلىكى دېگەن خېلى تەرەققىي قىلغان بەگلىك قۇرۇپ، نەچچە يۈز يىل دەۋران سۈرگەن، جۈملىدىن سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگىمۇ قاتناشقان، كېيىنچە باشقا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ كېتىلگەن. ئاندىن خەنزۇ مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 ـ، 1981 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان.

دۆلەت مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل مەجمۇئەنىڭ بىرىنچىسى، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى مەجمۇئەسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى مەجمۇئەسىنىڭ بىرىنچىسى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[7] بۇ كىتاب نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[8] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[9] بۇ كىتاب جۇڭخۇا نەشرىياتى (中华书局) تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[10] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى.

[11] بۇ كىتاب جۇڭخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[12] بۇ كىتاب بېيجىڭدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (文物出版社) نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[13] بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[14] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[15] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[16] بۇ كىتاب تيەنجىن تۇڭسۇ (通俗) نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[17] بۇ كىتاب تۇڭسۇدۇۋۇ (通俗读物) نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[18] بۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى توپلاپ رەتلىگەن، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى تەھرىرلىگەن، بېيجىڭدىكى تۇڭسۇ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1958 - يىلى نەشر قىلغان.

[20] بۇ كىتاب بېيجىڭدا جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[21] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1962 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[22] بۇ كىتاب شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[23] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[24] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1963 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[25] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىيات تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىغان.

[26] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[27] بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[28] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[29] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[30] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[31] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[32] بۇ كىتاب سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[33] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[34] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[35] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[36] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[37] بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[38] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[39] بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[40] بۇ كىتاب مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[41] بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[42] «شىنجاڭ ئىنسىكلوپېدىيىسى»، «شىنجاڭ ئىنسىكلوپېدىيىسى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى، 76 - بەت، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

[43] مەسىلەن، هىندى - ياۋرۇپا تىللىرىنىڭ غەربىي قىسمى Centum تىلى دىئالېكتىغا ئايرىلغان بولۇپ، «يۈز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز توخرى تىلىنىڭ A دىئالېكتىدا B، kant دىئالېكتىدا kante شەكلىدە دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان (لىن مېيسۇن «خەن، تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 66 - بەت، خەنزۇچە، بېيجىڭ). 11 - ئەسىردە يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «Kant » نىڭ شەھەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «كاشغەر» نىڭ «ئوردۇكەنت»، يەنى ئاستانە دېگەن مەنىسىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتكەن. [43] بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «Kant » يەنىلا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان بىر سۆز بولۇپ، ئۇ يېزىلاردا مەھەللىدىن چوڭراق، يېزىدىن كىچىك بولغان ئاھالىلار رايونىنى كۆرسىتىدۇ. 1980 - يىللاردىن ئىلگىرى خەنزۇچە «چوڭ ئەترەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «دادۈي» (大队)، 1980 - يىللاردىن كېيىن «سۈن - سۇڭ» (村) دېگەن سۆز

بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئىلى ئۇيغۇرلىرى 1949 ـ يىللىرىغىچە، «كەنت» بىلەن «يۇز» نى ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىپ كەلگەن. مەسىلەن، «جىلىلىيۇزى»، يەنى «جىلىلكەنتى»، «توختىيۇزى» ، يەنى «توختىكەنتى» دېگەندەك. بارلىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بولسا 1949 ـ يىلغىچە، كەنت باشلىقىنى «يۇز بېشى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. دېمەك، «كەنت» سۆزى «يۇز» مەنىسىنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆكۈز (okuz) ، پۇل (pul ـ mul)، بەش (bis) قاتارلىق سۆزلەر ھەم ئەڭ دەسلەپ توخار تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە يازما شەكىلدە كۆرۈلگەن بولۇپ، توخرىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارلاشقاندىن كېيىن توخرى تىلى ئىستېمالىدا يوقۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

[44] خې شىڭلياڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» (民族研究) 1995 ـ يىلى 6 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

[45] لىن مېيسۇن «توخارلار ۋە ئەجدىها قەبىلىسى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1997 ـ يىلى، 1 ـ سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى. «توخار تەگرىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «دۆلەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» (国学研究)، 5 ـ قىسىم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

[45] تارىخچى جۇۋ ۋېيجۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ساكلار بولىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ساكلار (ياكى بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقانلار) نىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاخىرى يەنە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىتنىك مەنبەئەلىرىدىن بىرى.» («ئۇيغۇرلار قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى»، فېڭ داجېن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، 138 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى، خەنزۇچە.)

[47] «شىنجاڭ ئىنسىكلوپېدىيىسى»، «شىنجاڭ ئىنسىكلوپېدىيىسى» نى تۈزۈش گورۇپپىسى تۈزگەن، جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 76 ـ بەت، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

[48] يى ۋېيشيەن «ئۇيغۇرلار بىلەن زاڭزۇلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات» (伊伟先著《维吾尔族与藏族历史关系研究》) 324 ـ بەت ، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، خەنزۇچە، لەنجۇ.

[49] بۇ كىتابلار ئەسلى ئۇدۇن ساك تىلىدا يېزىلغان، كېيىنچە تۈبۈت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

[50] بۇ كىتاب نىمۇتۇللانىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[51] بۇ كىتاب مۇھەممەد ئوسماننىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[52] بۇ كىتاب ق. تۇردى. ئا. ئىبراھىم .، ئا. رېشىتلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[53] بۇنىڭ ئىچىدىكى «لەيلى ـ مەجنۇن»، «شاھزادە دىلدار ـ مەلىكە مېھرىلقا» قاتارلىقلار ياسىن زىلالنىڭ تەييارلىشى بىلەن دەسلەپ «مىراس» ژۇرنىلىدا، كېيىنچە «مەلىكە نۇرجامال»، «شاھزادە دىلدار ـ مەلىكە مېھرىلقا» قاتارلىق توپلاملار تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. «ھېكايەتلەر» دېگەن ماۋزۇ بۇ ئورۇندا ۋاقىتلىق قويۇلدى.

[54] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[55] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[56] بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1962 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[57] بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ 1991 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان.

[58] بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[59] بۇ كىتاب قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1993 ـ يىلى بېسىلغان.

[60] بۇ كىتاب قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1990 ـ يىلى بېسىلغان «كونا شەھەر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 2 ـ قىسمىدىن ئىبارەت.

[61] بۇ كىتاب ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1992 ـ يىلى بېسىلغان.

[62] بۇ كىتاب قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1990 ـ يىلى بېسىلغان.

[63] بۇ كىتاب كۇچا ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[64] بۇ كىتاب لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1992 ـ يىلى

بېسىلغان.

(65) بۇ كىتاب تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(66) بۇ كىتاب قومۇل شەھەر خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1993 - يىلى بېسىلغان.

(67) بۇ كىتاب ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونى خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى بېسىلغان.

(68) بۇ كىتابلار ياسىن زىلالنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(69) «ئۈچ توپلام» چۆچەكلەر، قوشاقلار ۋە ماقال - تەمسىللەر توپلىمىنى كۆرسىتىدۇ.

(70) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1951 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(71) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(72) بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1960 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(73) بۇ كىتابلار سەلەي قاسىم، مەھمۇد زەيدى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - 1986 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

(74) بۇ كىتاب ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(75) بۇ كىتاب ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(76) بۇ كىتاب مۇھەممەد زۇنۇن قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - 1986 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

(77) بۇ كىتابنى جۇڭگو مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى مۇزىكا تەتقىقات ئورنى تۈزگەن بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(78) بۇ كىتابنى ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(79) بۇ كىتاب ئۇچقۇنجان ئۆمەرنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(80) بۇ كىتاب قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى بېسىلغان.

(81) بۇنى ئېلى ئىسمائىل تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(82) بۇ كىتابنى تۇنىياز مەتتىنىياز تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(83) بۇنى مۇھەممەت زەيدى تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(84) بۇنى زۇنۇن قادىرى، مۇھەممەت رەھىم تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(85) بۇنى مۇھەممەد رەھىم تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(86) بۇنى مەمتىلى سايىت تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(87) بۇلار ئابدۇكېرىم راخمان، ئەرشىدىن تاتلىق، ئەھمەد ھېمىت، ياسىن زىلال، يۈسۈپ ئىسھاق قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - ، 1986 - ، 1991 - ، 1993 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

(88) بۇنى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شۆبىسى تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(89) بۇ كىتاب غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1991 - يىلى بېسىلغان.

(90) بۇ كىتاب قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 1992 - يىلى بېسىلغان.

(91) بۇنى مەمتىمىن تۇردى تەييارلىغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(92) بۇنى مويدىن سايىت تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(93) بۇنى مامۇت قاسىم توپلاپ رەتلىگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(94) بۇلارنى ئەخمەت ھاشىم، مۇھەممەد سىدىق تۆمۈرى، ھاجى ئەھمەد قاتارلىقلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - 1983 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

[95] بۇلارنى ئەخمەت ھاشىم تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

[96] بۇنى ئابدۇكېرىم راخمان تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[97] بۇلارنى ئوسمان ئىسمائىل ، يۈسۈپ ئىساق، غەيرەتجان ئوسمانلار تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[98] بۇنى تۇردىئاخۇن ئاكا (1881 - 1956) 1954 - يىللىرى ئېيتىپ، نىمشېھىت خاتىرىلىگەن، 1964 - يىلى رەخمىتۇللا جارى بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۇردىلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇزىكانتلار جەمئىيىتى پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە باستۇرغان. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى رەسمىي نەشر قىلىنغان.

[99] بۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دېگەن نام بىلەن گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[100] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - ، 1982 - ، 1984 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

[101] بۇ كىتاب ت.ئېلىيوف، ر. جارىلار مەسئۇللىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[102] بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[103] بۇنى ئا.خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[104] بۇنى ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[105] بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[106] بۇ توختى ئايىخان قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[107] بۇنى ئا. ئىسلامى، ت. ئېلىيوفلار نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[108] بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن (12 توم) 1994 - يىلى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن ( 13 توم) 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[109] غەيرەتجان ئوسمان،ئوسمان ئىسمائىل، تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004 - ، 2005 - يىللىرى نەشرى.

[110] بۇ كىتاب 1920 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان. بۇ ياۋروپادا يېزىلغان خوتەنگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئا.ستەيىن «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.

[111] گابرىيېل بونۋالوت (1853 - 1933) 1883 - يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى جەنزۇچىغا «ئادىمزاتسىز رايوننى باتۇرلۇق بىلەن كېزىپ چىقىش» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[112] بۇ كىتابنىڭ گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى يۈننەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[113] بۇ كىتابنىڭ گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بېيجىڭدا جۇڭخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[114] بۇ كىتابنىڭ گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بېيجىڭدا جۇڭخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[115] ياكى «مانجۇرىيە تەۋەلىكىدىكى جەنۇبىي ئالتە شەھەر ياكى كىچىك بۇخارا ئالتە شەھەرنىڭ ھال - ئەھۋالى» (1858 - 1859).

[116] بۇ كىتاب 1879 - يىلى پېتىربورگدا نەشر قىلىنغان.

[117] بۇ 2384 بەتلىك ئەسەر بولۇپ، 1933 - يىلى بېرلىندا نېمىس تىلىدا بېسىلغان. ئۇنىڭدا تۇرپان ۋە قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، چۆچەك ۋە تېپىشماقلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

[118] ئۈچ توملۇق بۇ كىتاب 1896 - 1899 - يىللىرى سانكىت - پېتىربورگدا نەشر قىلىنغان.

[119] بۇ كىتاب س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان. موسكۋا - لېنىنگراد.

[120] س .ۋ. كىسلىيېفنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېزىلغان بۇ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1945 - يىلى) 1949 - ، 1951 - يىللىرى ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى ئىككى قىسىم بولۇپ بېسىپ ئاددىي

باسما شەكىلدە تارقىتىلغان.

(121) «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى»، ئۆزبېكچە ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن.

(122) بۇ كىتاب 1984 ـ يىلى موسكۋا پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇسچە نەشر قىلىنغان.

(123) بۇ كىتاب 1951 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(124) بۇ كىتاب 1975 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(125) ھېنرى يۇلى (1820 ـ 1889) نىڭ 1866 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتابى (ئەسلى نامى «خىتان خاتىرىلىرى»، قوشۇمچە نامى «ئوتتۇرا ئەسىردە جۇڭگودا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلاردىن خاتىرە» بولۇپ، ئۇنىڭ جاڭ شۇشەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى يۈننەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(126) بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نامى « isis High Tartry Yarkand and Kashghar Formerly Chinesi Tartary and Rturn Over the Karakoram» (تاتار ئېگىزلىكىدىن ياركەنت ـ كاشغەرگە سەپەر خاتىرىسى) بولۇپ 1871 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

(127) ئېلاسكېس 1914 ـ يىلدىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ كاشغەردە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن باش كونسۇلىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئاكىسى بۇ كىتابقا كاشغەر رايونىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مىللىي ئۆرپ ئادىتىگە دائىر قوشۇمچە بىر قانچە باب يېزىپ بەرگەن، ماك مىللان نەشرىياتى 1920 ـ يىلى نەشر قىلغان. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى پېتر خوبكىرنىڭ «كاشغەرنى ئەسلەيمەن» (كاتارىن ماكارتنېي) ناملىق كىتابقا يازغان «كىرىش سۆز» دىن كۆرۈڭ.

(128) كىلارمونت پرسۋال سكېرىن (1888 ـ 1874) 1922 ـ 1926 ـ يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ كاشغەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل بولغان.

(129) كاتارىن ماكارتنېينىڭ بۇ كىتابى 1930 ـ يىلى يېزىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان.

(130) بۇ كىتاب خەنزۇچىغا «ماداخەننىڭ غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» (马达汉西域考察日记) دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگو مىللىي فوتو سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

(131) بۇ كىتاب 1933 ـ ، 1943 ـ يىللىرى بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

(132) ئا.ۋ. گاباتىن خانىمنىڭ بۇ كىتابى، بۇ ماۋزۇدا تىلغا ئېلىنغان باشقا غەرب ئاپتورلىرىنىڭ كىتابىدەك ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، جۈملىدىن يازما ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان.

(133) بۇ كىتاب «亚洲腹地旅行记» (ئاسىيانىڭ كىندىكىگە ساياھەت خاتىرىسى) دېگەن نام بىلەن شاڭخەي كىتابخانىسى (上海书店) تەرىپىدىن 1984 ـ خەنزۇچە قايتا نەشر قىلىنغان.

(134) بۇ تۆت توملۇق كىتاب بولۇپ، 1946 ـ ،1948 ـ ، 1951 ـ يىللىرى لوندوندا نەشر قىلىنغان، بۇنىڭ تاللانمىسى «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» (م. يۈسۈپ، ب. زەپەر تەييارلىغان) دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

(135) بۇ ھەقتە نيۈرۇجىنىڭ « ‹مۇئمىننىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمى› غا باھا » ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئۇچۇرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)نىڭ 1986 ـ يىللىق 8 ـ يىللىق سانى.

(136) بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(137) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(138) نۇشىرۋان ياۋشېفنىڭ شىنجاڭغا سەپەر خاتىرىلىرى «شىنجاڭ» (1917)، «ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرى ھاياتىدىن» (1925 ـ يىلى)، «ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىق ماۋزۇلاردا قازاندا چىقىدىغان «شورا» ، «ۋاقىت» گېزىتلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

(139) بۇ كىتاب موسكۋادا بېسىلغان.

(140) بۇ كىتاب قازاندا بېسىلغان.

(141) بۇنى ن.ن.پانتاسوۋ 1910 ـ يىلى قازاندا چاغاتاي تىلىدا نەشر قىلدۇرغان.

(142) بۇ كىتاب 1924 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(143) بۇ كىتاب 1925 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(144) بۇ كىتاب 1934 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(145) بۇ كىتاب 1936 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(146) بۇ كىتاب 1949 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(147) بۇ كىتاب 1948 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(148) بۇ كىتاب 1950 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(149) بۇ كىتاب 1958 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(150) بۇ كىتاب 1960 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(151) بۇ كىتاب 1960 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(152) بۇ كىتاب 1961 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(153) بۇ كىتاب 1963 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

(154) بۇ كىتاب 1976 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(155) بۇ كىتاب 1924 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(156) بۇ كىتاب 1977 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(157) بۇ كىتاب 1977 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(158) بۇ كىتاب 1978 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(159) بۇ كىتاب 1980 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

(160) «روسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار» ، «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى» ، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، («بۇلاق» ژۇرنال 2005 - يىلى 3 - سان 59 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.)

(161) نيۇرۇجى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە» 248 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

(162) ئابدۇشۇكۇر ئىمىن باھاۋۇدۇن «تارىخ مەرىپەتنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر» ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 5 - سانى، ئۈرۈمچى.

(163) بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى» (جۇگدېغۇ قاتارلىقلار تۈزگەن)، خۇانەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجېن، 2004 - يىلى.

(164) بۇ ماقالە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1986 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(165) بۇ ماقالە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانى ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(166) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(167) بۇ ماقالە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(168) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(169) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(170) بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇ) نىڭ 1990 - يىلى 27 - فېۋرال سانى ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(171) بۇ رىسالە «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (中国少数民族哲学史) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

(172) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(173) بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(174) «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(175) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1987 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(176) «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

(177) «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى 1994 - يىلى 4 - سان.

(178) «قومۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

(179) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 - يىلى 1 - سان.

(180) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1997 - يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(181) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى.

(182) بۇ كىتاب شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللالار بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(183) بۇ «جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان. 1985 - يىلى 4 - اي، بېيجىڭ .

(184) «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1986 - يىلى 2 - سان، ئۈرۈمچى.

(185) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىلى 1 - سان؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1997 ـ يىلى 2 ـ سان.

[186] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[187] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[188] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق قوشۇمچە 2 ـ سان.

[189] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىلى 2 ـ سان.

[190] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

[191] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 4 ـ سان.

[192] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 ـ يىللىق قوشۇمچە سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[193] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىلى 1 ـ سان.

[194] «مىراس» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 1 ـ سان.

[195] «مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى جەمئىيەت خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان، 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

[196] «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىلى 6 ـ سان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى.

[197] «مىراس» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 5 ـ سان: «دىنشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىلى 4 ـ سان، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى.

[198] «شامان مەدەنىيىتى تەلقىنلىرى» (萨满文化辩证) ـ خەلقئارا شامان ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلىرى توپلىمى، 2 ـ قىسىم، داجوڭ (大众) ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي، خەنزۇچە.

[199] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2006 ـ يىللىق 6 ـ سان، خەنزۇچە.

[200] بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى تۈر قىلىنىپ تەستىقلىنىپ تاماملانغان.

[201] بۇ ھەقتىكى 30 ماددا «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلار قامۇسى» (中国各民族宗教与神话大辞典) غا كىرگۈزۈلۈپ بېيجىڭدىكى شۆيۈەن (学苑) نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[202] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان.

[203] «مىراس» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى 1 ـ سان.

[204] بۇ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[205] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[206] بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[207] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[208] «مىراس» ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 1 ـ سان: «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى» (جۇڭگودىكى قاتارلىقلار تۈزگەن)، خۋانەن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجېن، 2004 ـ يىلى.

[209] بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

[210] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 2 ـ سان.

[211] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ سانلار.

[212] «مىراس» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 1 ـ سان.

[213] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

[214] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

[215] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[216] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[217] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[218] بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ) تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە (تۇرسۇنجان ھېزىم تەرجىمىسى) نەشر قىلىنغان.

[219] بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى (كۆكخوت) تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە(يۇنۇسجان ئېلى تەرجىمىسى) نەشر قىلىنغان.

[220] بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى (كۆكخوت) تەرىپىدىن 1994 - يىلى خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە ( ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى) نەشر قىلىنغان.

[221] بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى (كۆكخوت) تەرىپىدىن 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[222] بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[223] بۇ كىتاب جۇڭخۇا نەشرىياتى (بېيجىڭ) تەرىپىدىن 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[224] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[225] بۇ تەيۋەندىكى شىنخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[226] بۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[227] بۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[228] بۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[229] بۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[230] «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1984 - يىلى 3 - سان، بېيجىڭ.

[231] «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1984 - يىلى 3 - سان، بېيجىڭ.

[232] «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1988 - يىلى 4 - سان، بېيجىڭ.

[233] بۇ ماقالە شاڭ شىجىن بىلەن بىرلىشىپ يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[234] «خەلق ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى» (民间文学论坛) 1989 - يىلى 2 - سان، بېيجىڭ.

[235] بۇ خەنزۇچە «شىمالدىكى مىللەتلەر» (چاڭ چۈن) ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[236] بۇ خەنزۇچە «شىمالدىكى مىللەتلەر» (چاڭ چۈن) ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «يايلاق يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» (草原丝绸之路与中亚文明)، (جاڭ جىياۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تەييارلىنغان، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت ، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

[237] بۇ خەنزۇچە «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» (西北史批) ناملىق ژۇرنالنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[238] بۇ خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىرىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[239] بۇ جىلىن مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[240] بۇ «مىللەتلەر تەتقىقاتى» (民族研究) ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىلى 6 - سان ۋە «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى» (新疆民族传统社会与文化) ناملىق كىتاب تەركىبىدە بېيجىڭدىكى شاڭۇۋ (سودا) نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[241] بۇ «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[242] بۇ «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئونىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2004 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[243] بۇ خەنزۇچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا، تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[244] بۇ «پروفېسسور لىيۇيىتاڭنىڭ يەتمىش ياشقا كىرگەنلىكى ۋە شەرەب بىلەن ئارامغا چىققانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان ئالاھىدە سان» («دۆلەتلىك سىياسىي ئونىۋېرستېتى مىللەتلەر ژۇرنىلى» نىڭ 23 - سانى، 1998 - يىلى، تەيۋەن) دا ئېلان قىلىنغان.

[245] بۇ خەنزۇچە «دۇنيادىكى دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات» (بېيجىڭ، ناملىق ژۇرنالنىڭ 2004 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[246] بۇنى نيۇرۇجى بىلەن بىرلىشىپ يازغان بولۇپ، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[247] بۇ كىتاب گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[248] بۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[249] بۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[250] بۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[251] ئۇنىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى» ناملىق ئالتە قىسىملىق كىتابى بار بولۇپ، 1930 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[252] ئۇنىڭ بۇ ھەقتە «تۈرك، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر» ناملىق ماقالىسى بار. بۇ «بېيجىڭ ئاسپىرانتورىيىسىنىڭ تارىخشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى توپلىمى» نىڭ 1940 - يىللىق 4 - جىلتىدە ئېلان قىلىنغان.

[253] ئۇنىڭ بۇ ھەقتە «تۈركلەرنىڭ توپلاملىق تارىخى» (突厥集史) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. بۇ جۇڭخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[254] ئۇنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» (بېيجىڭدىكى سەنلىيەن نەشرىياتى 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

[255] ئۇنىڭ چىلىڭ سۇلو، موگۇاگۇۋېنلار بىلەن بىرلىشىپ تەييارلىغان «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن توپلامچە» ناملىق كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە تەرىپىدىن 1958 ـ ۋە 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[256] ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (维吾尔研究، 1975 ـ يىلى تەيۋەندىكى جېڭجۇڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان)، «تۈرك ، ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (突回研究، تەيۋەن: جىڭشى نەشرىياتى 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

[257] ئۇنىڭ «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابى بار بولۇپ، خەلق نەشرىياتى (بېيجىڭ) تەرىپىدىن 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[258] ئۇنىڭ «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» (خېبېي خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى) ۋە «دىڭلىڭلار، تېلېلار ۋە ئېگىز قاڭقىلىقلار» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

[259] ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ 1 ـ قىسمى مىللەتلەر نەشرىياتى تارىخىدىن 1985 ـ 1986 ـ يىللىرى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. 2 ـ قىسمى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[260] ئۇنىڭ «قازاق مەدەنىيەت تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ، «شىنجاڭنىڭ قىياتاش رەسىملىرى» (شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «يىپەك يولى ۋە كۇسەننىڭ تارىخ مەدەنىيىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

[262] ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «لى گوشياڭ ماقالىلىرى» (李国香文集، ئۈچ قىسىم، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

[263] ئۇنىڭ «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» (古代新疆的音乐舞蹈与古代社会، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى)، «مىللەتلەر تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن تاللانما» (民族研究文集، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

[264] ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار» (回纥与维吾尔، تەيۋەندىكى شىنۋېنفېڭ (新文丰) نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابى بار.

[265] ئۇنىڭ چيۇلىڭ (邱陵) بىلەن بىرگە يازغان «يىپەك يولىدىكى دىنىي مەدەنىيەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە نۇرغۇن ماقالىلىرى بار.

[266] ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[267] ئۇنىڭ «تۈرك تارىخى» (突厥史 ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر)، «تۈركلەرنىڭ ئاز كۆرۈلىدىغان تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ ئىزاھلىق توپلىمى» (突厥稀见史料辑成، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

[268] ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ)، «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئىسلام دىنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

[269] ئۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى» (جۇڭجۇۋ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى ‹جېڭجۇ› 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، « غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (جۇڭگو دوستلۇق كىتاب نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇ چە نەشرى)قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىنغان؛ ئۆزىنىڭ «ئىككى خەن، ۋېي جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلارنىڭ رەسمىي تارىخىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسىگە مۇھىم ئىزاھات» (两汉魏晋南北朝正史西域传要注، جۇڭخۇا نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە نەچچە ئون پارچە ماقالىلىرى بار.

[270] ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابى ۋە مۇناسىۋەتلىك نەچچە ئون پارچە ماقالىسى بار.

[271] ئۇنىڭ «تۈركلەرنىڭ شەرقنى قەدىرلەپ كۈنگە چوقۇنۇش ئادىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» («لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان)، ھەققىدە «تۈركلەرنىڭ تۆتىم ئېتىقادى» (غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (لەنجۇ) نىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

[272] ئۇنىڭ «شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پىرە ئۇسۇلى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان،

خەنزۇچە) «قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سان، خەنزۇچە)، «مەملىكەتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇشى ھەققىدە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچە) قاتارلىق ماقالىلىرى، «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

(273) ئۇنىڭ «مۇگخۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تورمۇشى» (شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو - سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «قوچو ئۇيغۇر تارىخى تىزىسى» (高昌回鹘史稿، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) كىتابلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرى بار.

(274) ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» (西域文明، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «خەن، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەجۇڭگو مەدەنىيىتى» (汉唐西域与中国文明، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «قەدىمكى يولدىكى غەرب شامىلى» (古道西风، سەنلىيەن نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسىدىن 50 لېكسىيە» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق بىرقاتار كىتابلىرى ۋە نۇرغۇن ماقالىلىرى بار.

(275) ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - ، 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابى بار.

(276) ئۇنىڭ ليۇ لىن بىلەن بىرلىكتە يازغان «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە ساياھەتچىلىك» (天山南北的民俗与旅游، ساياھەت، مائارىپ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرى بار.

(277) ئۇنىڭ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە» («گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - ،4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ۋە «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى تەتقىقاتى» (شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ماقالە، ئەسەرلىرى بار.

(278) ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق تۆتېمغا چوقۇنىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» («مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانىدا)، «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ماقالە ۋە كىتابى بار.

(279) ئۇنىڭ «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابى ۋە ماقالىلىرى بار.

(280) ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە» (维吾尔古文字与古文献导论، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزم ھۆججەتلىرى» (回鹘佛教文献، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە نۇرغۇن ماقالىلىرى بار.

(281) ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى بىلەن ياپونلاردىكى شامان دىنىنىڭ پەرقى ۋە چەتئەللەردىكى شامان دىنى تەتقىقاتىغا دائىر بىر مەسىلە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1994 - يىللىق 3 - سان) قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

(282) ئۇنىڭ «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەتشۇناسلىقى» (突厥语族文献学، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە بىر قاتار ماقالىلىرى بار.

(283) ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكىنومىيە ئېتىكىسى تەتقىقاتى» (文化与自然：维吾尔传统生态理论研究، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشر)، «ئانتروپولوگىنىڭ نەزىرىدىكى مەشرەپ» (一位人类学者视野的麦西莱甫، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

(284) ئۇنىڭ «شىمالىي دىلارنىڭ مەنبەئە - ئېقىنلىرى تارىخى» (北狄源流史، جياڭشى مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابى بار.

(285) ئۇنىڭ «قەدىمكى دەۋردە شىمالىي يايلاقتىكى كۆچمەن مىللەتلەر ۋە شامان دىنى» («دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 2 - سان، بېيجىڭ) قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

(286) ئۇنىڭ «تۈركلەرنىڭ بۆرە تۆتېم مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» («غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانى، لەنجۇ) قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

(287) ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت سەنئەت تارىخىدىكى ئومۇمىي بايان» (西域艺术通论 ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتاب ۋە ماقالىلىرى بار.

(288) ئۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە تارىخى» («جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادىغا دائىر» («جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلۈپ، شۈييۈەن (بېيجىڭ) نەشرىياتى تەرىپىدىن

1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق كىتابلارنى پېرىشقا قاتناشقان. «شىنجاڭدىكى دىنلار ھەققىدە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى 15 ـ سان) قاتارلىق ماقالىلەرنى يازغان.

(289) ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (مەجمۇئەسى) 1998 ـ يىلى 1 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى )قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

(290) ئۇ «ئۇيغۇرلار» (维吾尔族، چې چىڭشۇن بىلەن بىرلىكتە يازغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى» (维吾尔民俗文化، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان.

(291) ئۇنىڭ «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تەتقىقاتى» (中国突厥语族诸民族文化发展研究، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابى بار.

(292) ئۇنىڭ «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابى ۋە ماقالىلىرى بار.

(293) ئۇ «شىنجاڭدىكى دىنلارغا دائىر قەدىمكى ئەسەرلەردىكى ماتېرىياللارغا ئىزاھات» (新疆宗教古籍资料？注، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىققان.

(294) ئۇنىڭ «بۆرە ۋەقەلىكى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر» (狼叙事与西域诸民族، «غەربىي يۇرت تارىخ مەدەنىيىتى» (西域文史) 1 ـ توپلام، پەن نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ماقالىلىرى بار.

(295) قادىر ئەكبەر «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان (49 ـ بەت) دا ئېلان قىلدۇرغان «ئۇيغۇر فولكلورى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار نەزىرىدە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ توغرىلىق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن.

(296) بۇ قازاقىستان س س ر «ناۋكا» (پەن) نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(297) بۇ ئەسەر «ئىلمىي دوكلات» نىڭ 125 ـ سانىغا كىرگۈزۈلۈپ، خېلسىنكىدا 1938 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(298) بۇ «دىن تارىخى ژۇرنىلى» نىڭ 149 ـ ، 150 ـ سانلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ 1958 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان.

(299) بۇ 1966 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان.

(300) بۇ 1984 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان.

(301) بۇ ماقالىنى سۇلى نىيەنسى تەرجىمە قىلىپ «چېگرا رايون مۇھاكىمىسى» (边政公论، تەيۋەن) ژۇرنىلىنىڭ 1967 ـ يىللىق 18 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرغان.

(302) بۇ ئەسەر 1972 ـ يىلى ئەنقەرەدە تۈركىيە تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(303) بۇ كىتاب 1980 ـ يىلى ئەنقەرەدە كۇلتۇر باقانلىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(304) بۇنىڭ ئالمۇتادا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

(305) بۇ ئالمۇتادا نەشر قىلىنىدىغان «پەرۋاز» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇرپان

ئەمەل ئەسىن (تۈركىيە)

ئەمەل ئەسىن 1911 - يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. ئاتىسى ئەھمەت فەرىتتەك 2 - مەشرۇتىيەت دەۋرىدە ئىتتىھات (بىرلىك) تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە مىنىستىر ۋە دىپلومات بولغان. ئانىسى مۇفىدە فەرىتتەك فەجرىئاتى دەۋرىدىكى ئايال يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئەمەل ئەسىن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى پارىژدىكى سىياسەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ بۆلۈمىدە تاماملىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پارىژ ۋە ۋېنادىكى گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيىسىدە مىمارلىق، رەسساملىق، بېزەكچىلىك، ئەينەكچىلىك، لەۋھەچىلىك كەسپىدە ئوقۇغان. «تۈرك ئىكونوگرافىيىسىدە ئەجدەرھا» نامىدا دىسسىرتاتسىيە ياقلاپ پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت تارىخى كەسپى بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، گېرمانچە بىر مۇنچە ياۋروپا تىللىرىنى بىلگەندىن سىرت، يەنە نەجاتى لۇغالدىن ئەرەب ۋە پارس تىلىنى ئۆگەنگەن، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە، ھاربېرت ژانسكىيدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركچە ھۆججەتلەر ھەققىدە دەرس ئالغان. كۆپ خىل تىل بىلىدىغان، غەرب ۋە شەرق مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلغان ئەمەل ئەسىن تۈرك سەنئىتى، تۈرك ئارخېئولوگىيىسى ۋە تۈرك تارىخى ھەققىدىكى تېمىلاردا نۇرغۇن ماقالىلارنى يازغان. ئۇنىڭ «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك كۇلتۇر تارىخى ۋە ئىسلامغا كىرىش» (1978 - يىلى)، «تۈرك كوزمولوگىيىسىگە كىرىش» (2001 - يىلى)، «تۈرك سەنئىتىدە ئىكونوگرافىك موتىفلەر» (2004 - يىلى) قاتارلىق كىتابلىرىدىن باشقا، 1948 - يىلىدىن 1989 - يىلغا قەدەر تۈركىيىدە ھەمدە ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، دانىيە، بېلگىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىتالىيە، ھۇنگېرىيە، پاكىستان، ئىران ۋە تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 378 پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنىغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر سەنئىتى»، «تۇرپان»، «تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى»، «قاراخانىيلار سەنئىتى»، «دۇنخۇاڭ» قاتارلىق 40 پارچىدىن كۆپرەك ماقالىسى «تۈرك ئېنسكلوپېدىيىسى»، «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» ۋە «تۈركىيە دىيانەت ۋەھپى ئىسلام ئېنسكلوپېدىسى» قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەمەل ئەسىن 1987 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

— تەرجىماندىن

«تۇرپان» دېگەن نامنىڭ ئادەتتىكى يېزىلىشى تۇرفان، يەرلىك تەلەپپۇزدا تۇرپان شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. بۇ شىنجاڭدا شىمالىي كەڭلىك 42 گىرادۇس بىلەن شەرقىي مېردىئان 89 گرادۇس ئارىسىغا جايلاشقان قەدىمىي بىر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ 15 - ئەسىردىن بۇيانقى نامى. تۇرپان بوستانلىقىنىڭ ئەڭ ئويمان يېرى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. تۇرپاننىڭ شىمالىدا تەڭرىتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوغدا چوققىسى بىلەن قىزىل تاغ تىزمىلىرى بار. تاغلاردىن ئېقىپ

كەلگەن سۇ تۇرپان بوستانلىقىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

جۇڭگودا خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206-يىلىدىن مىلادىيە 220-يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە تۇرپان بوستانلىقى غۇز (车师) قەبىلىسى قۇرغان بىر دۆلەت تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان ئىدى. غۇز دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي مەركەزلىرى تۇرپان بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى يارغول بىلەن شىمالدىكى بېشبالىق (جىمسار) تا ئىدى[1]. تۇرپان بوستانلىقى جۇڭگودىن غەربكە بارىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدىكى دەسلەپكى مەنزىللەردىن بىرى سۈپىتىدە «غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

تۇرپان بوستانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا باشقا قەبىلىلەرمۇ ياشايتتى. تۇرپاننىڭ 300 كىلومېتر شەرقىي شىمالدىكى قومۇل رايونىدا تۆلۆس تۈركلىرىنىڭ جايلاشقانلىقى خەن دەۋرىدىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مەلۇم.[3] جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا «دىڭلىڭ» (丁灵)، «دىلى» (狄历)، «چىلې» (赤勒) ۋە «تېلې» (铁勒-تۆلۆس ياكى تۈركۈت سۆزىنىڭ تەرجىمىسى) دېگەن ناملاردا خاتىرىلەنگەن. بۇ تۈرك قەبىلىلىرى ئۈستىگە چېدىر قۇرۇلغان ھارۋىلاردا كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن قاڭقالىقلار دېگەن مەنىدە «گاۋچې» (高车) دەپ ئاتالغان ئىدى. مىلادىيە 460-يىلى تۆلۆسلەرنىڭ بېشبالىقنى ئۆزىگە ھەربىي بازا قىلغانلىقى ۋە بىر سەركەدىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقى جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مەلۇم. مىلادىيە 485-، 492-يىللاردا تۇرپان رايونىنىمۇ قولغا كىرگۈزگەن تۆلۆسلەرنىڭ كۆكتۈرك قاغانى بۇمىن تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغانغا قەدەر تۇرپاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىمىز.[4] تۆلۆسلەرنىڭ 5-ئەسىردىن بېرى تۇرپاندا مۇستەقىل بىر ھالەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى بۇ رايوندىكى تۈرك تەركىبىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۇنلار غەربكە سۈرۈلگەن قەۋملەرنىڭ بەزىلىرىمۇ تۇرپاندا تۇرۇپ قالغان. غەربكە كۆچكەن قەۋملەرنىڭ «كۆك كۆز ۋە سېرىق چاچلىق» ئىكەنلىكى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان ئۇيسۇنلارنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. «ئۇيسۇن» دېگەن ناممۇ بەلكىم تۈركچە.[5] «ياۋچى» دېگەن قەۋممۇ سېرىق دەريا بويىدىن سۈرۈلۈپ تۇرپان ئارقىلىق توخارىستانغا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن.[6] ئىككىنچى، تۈرك دەۋرىدە (مىلادىيە 6-ئەسىردىن كېيىن) تۇرپاندا «توخرى» (توخار) دەپ ئاتالغان قەۋمگە مەنسۇپ ھىندى-ياۋروپا تىلىدا يېزىلغان يازمىلاردا ۋە رەسىملەردە ياۋروپاچە كۆرۈنۈشتىكى سېرىق چاچلىق ۋە ئاق تەنلىك كىشىلەرنى تەسۋىرلەش داۋاملاشقان.[7] تۈرلۈك قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان ۋە بىر قىسمى موڭغۇلوئىد. ئىرقىغا مەنسۇپلىقى مەلۇم بولغان ھۇنلارمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە بۈگۈنكى تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا) غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بىر قىسمى تۇرپان بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى قومۇل رايونى ۋە باركۆل ئەتراپلىرىدا يەرلىكلەشكەن.[8] مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە ھۇنلار بىلەن جۇڭگو خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا جۇڭگو تۇرپان بوستانلىقىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەرنىڭ شەرقىدە «قوچو قەلئەسى» (高昌壁) قۇرغان[9]. «قوچو» دېگەن نام جۇڭگو مەنبەلىرىدە پۈتۈن تۇرپان بوستانلىقىغا بېرىلگەن نام ئىدى. بۇ يەر تۈركچە ھۆججەتلەردە «قوچۇ» ياكى «قوچو» دەپ ئاتالغان[10]. قوچو شەھىرى كېيىن «قارا خوجا» ۋە ئىدىقۇت ئۇنۋانىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىغا بېغىشلىنىپ «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپمۇ ئاتالدى[11]. گرۇنۋېدېل 10-ئەسىردىكى ئىسلام مەنبەلىرىدە «كۇشان» دېگەن نامدا ئاتالغان شەھەرنىڭ «گاۋچاڭ» (قوچو) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بار.

مىلادىيە 439-460-يىللاردا تۇرپان بوستانلىقىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەبىلىلەر خەنزۇلار تەرىپىدىن سېرىق دەريا بويىدىن

سۇرۇلگەن سۇكۇ هۇنلىرى (قۇتقۇ هۇنلىرى) ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كەلگەن كۆكتۈركلەرنىڭ قاغان ئۇرۇغى ئاشىنا قەبىلىسى ئىدى [12]. كلياشتورنىينىڭ قارىشىچە، كۆكتۈركلەرنىڭ تۆرلىش ئەپسانىسىدىكى توتېمىستىك ئانا-بۆرىنىڭ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغدا بىر غارغا يوشۇرۇنىشى كۆكتۈركلەرنىڭ مىلادىيە 439-يىلى سىرىق دەريا بويىدىن تۇرپان بوستانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشىنىڭ بىر خاتىرىسى ئىدى[13]. تۇرپان بوستانلىقىدا كۆكتۈركلەر يەرلىكلەر (توخرىلار) ئارىسىغا قوشۇلغان. قوچودا تېپىلغان خارابىلەر ئىچىدىكى «ئىبادەتخانا » دەپ ئاتالغان ئابىدە سۇكۇ-قۇتقۇ هۇنلىرىنىڭ هۆكۈمدارى تەرىپىدىن مىلادىيە 439-460-يىللار ئارىسىدا بۇ يەردە بۇرقان (بۇددا) دىنىنى تارقىتىش مەقسىتى بىلەن ياسالغان[14]. مىلادىيە 460-يىلى قوچو شەهىرى ئاۋارلار قەۋمىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەن.

مىلادىيە 550-يىلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان كۆكتۈرك خانلىقى ۋە مىلادىيە 568-، 580-يىللاردا هۆكۈم سۈرگەن غەربىي تۈرك خانلىقى تۇرپان بوستانلىقىغىمۇ هۆكۈمرانلىق قىلغاندا، بۇ رايون تېخىمۇ تېز تۈركلىشىشكە باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەر تۇرپان بوستانلىقىدا غەربىي يۇرتقا تارقالغان بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ماسلاشقان ئىدى[15]. مىلادىيە 630-يىلى ئۆپچۆرىسىدە چۇيۇ (چومۇل) تۈركلىرىنىڭ رايونى بولغان بېشبالىق «قاغان ستۇپا» دېگەن نامدا بىر بۇددىست تۈرك هۆكۈمدارىنىڭ شەهىرى ئىدى[16]. غەربىي تۈركلەرگە ئائىت سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرپان بوستانلىقىدا بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان[17]. غەربىي تۈرك قاغانلىقى زاۋاللىقا يۈزلەنگەندىن كېيىن تۇرپان بوستانلىقى ئانا تەرەپ خەنزۇلاشقان تۈركلەردىن تۆلۈس تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن[18]. مىلادىيە 646-يىلى يەنە غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى شېكۈي (يابغۇ قاغان-ت) بەشبالىقتا هەربىي بازا قۇرغان. مىلادىيە 670-يىلى تىبەتلەر قوچوغا قەدەر بولغان رايونلارنى قولغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، تۈركەشلەر تىبەتلەرنى قوچودىن قوغلاپ چىقارغان. 692-يىلى تۇرپاندا غەربىي ۋىلايەت هاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، قوچودا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان. شۇنداقتىمۇ مىلادىيە 693-يىلى كۆكتۈركلەرنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر هۆكۈمدارنىڭ قوچو بىلەن بېشبالىقتا هۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم. [19] مىلادىيە 704-يىلى تۈركەشلەر قوچونى يەنە قولغا كىرگۈزگەن[20]. تۇرپاندىكى مانى دىنىغا ئائىت «ئىبادەتخانا» دە تۈركەش تەڭگىلىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ تۈركەشلەر بىلەن باسمىل تۈركلىرىنىڭ تۇرپان رايونىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 720-يىلى باسمىللار بېشبالىقتا مانى دىنىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئىدىقۇت ئۇنۋانىدا ئاتالغان بىر كۆكتۈرك بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ئىدى [21]. تۇرپانغا هۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن تۈركەشلەر، قارلۇقلار، تىبەتلەر ۋە خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن كېيىن يۈز بەرگەن مىلادىيە 751-يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، خەنزۇلار غەربىي يۇرتتىن چېكىندۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولدى ۋە تامامەن تۈركلەشتى. تۇرپاندا 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىت يېنىدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلار بار تام رەسىملىرى ئۇچرايدۇ. «ئىبادەتخانا» دىكى رەسىمدە تۈركچە «توشقان يىلى» يېزىلغان. بۇنىڭ مىلادىيە 717-يىلىدىن بۇرۇن ئىشلەنگەنلىكى بۇ يەرنى مۇشۇ ۋاقىتتا زىيارەت قىلغان بىر خەنزۇ سەيياهنىڭ خاتىرىسىدىن مەلۇم [22]. مىلادىيە 767-يىلى ئەتراپىدا قوچو ئۆتۈكەن ئۇيغۇر قاغانلىقىغا قاراشلىق بىر ۋالىي تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغاندا، بۇ يەردىكى ۋە بۇ يەرنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت ئابىدىلەر تۈرك قاتۇن ۋە تېكىنلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تۈرك سەنئەتكارلىرىغا ياسىتىلغان. بۇ خۇسۇس تارشىلارنىڭ

ئۆستىگە يېزىلىپ ئۆلنىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەنلىكى ئابىدە ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولىدى[23]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا قوچو، بېشبالىق، يارخوتونىڭ ۋە بۇ مەركەزلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاستانە، بېزەكلىك، مۇرتۇق، تويۇق قاتارلىق سەنئەت ۋە دىن مەركەزلىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن ۋە نۇرغۇن ئابىدىلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى[24].

مىلادىيە 850 - يىلى ئەتراپىدا «غەربىي ۋىلايەت» دەپ ئاتىلغان بىر ئۇيغۇر خاقانلىقى غەربتە غەربىي ۋىلايەت ۋە شەرقتە قوچونى مەركەز قىلىپ قۇرۇلىدى[25]. تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر خاقانى مانى دىنىدىكى باسمىل ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن ئىلگىرى قوللىنىلغان «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىدىمۇ ئاتالغان ئىدى.

6 - ئەسىردىن بېرى تۈركلەشكەن تۇرپان بوستانلىقى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مۇھىم تۈرك مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. مىلادىيە 982 - يىلى تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئارسلانخاننىڭ قىشلىق پايتەختى قوچو، يازلىق پايتەختى بولسا بېشبالىق ئىدى[26]. ھەر ئىككى شەھەر مەدەنىيەت مەركەزلەر ئىدى. بېشبالىقتىكى 50 كە يېقىن ئىبادەتخانا ۋە نۇرغۇنلىغان مۇنارلار دىققەتنى تارتاتتى. باغنىڭ ئىچىدە كۆللەر، ئېرىق بويلىرىدا ساراي ۋە راۋاقلار بار ئىدى. ئۇيغۇرلار ئاق كىگىز تىكىشكە، گۈللۈك رەخت توقۇشقا، قاشتېشى ئويمىچىلىقىغا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنى، سېپىغا ئېسىل تاشلار قىقىلغان قىلىچلارنى ياساشقا ماھىر ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت مۇزىكا ئىشتىياقىمۇ بولغان ئۇيغۇرلار غوڭقا بىلەن قالۇنغا ئوخشاش چالغۇلارنى چالاتتى. دىنىي ماھىيەتتىكى ئويۇنلارنى ئويۇشتۇراتتى.

تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى بەزىدە كۈچار، بەزىدە كەڭسۇ (گەنسۇ) دىكى ئۇيغۇر قاغانلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ مىلادىيە 1209 - يىلىغا قەدەر مۇستەقىللىقىنى ساقلىدى. مىلادىيە 1209 - يىلىدىن كېيىن بولسا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قارام ھالەتتە 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر 300 يىل داۋاملاشتى. يازمىلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن نۇرغۇن مۇزېيلارنى تولدۇرغان بۇ تۈرك مەدەنىيەت مەركىزى بۇددا ۋە مانى دىنى مەدەنىيىتى ئاستىدا قالغىنىغا قارىماي، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مۇھىتىغا ھەم مۇسۇلمان تۈرك مەركەزلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بىر ئىسلام رىۋايىتىگە قارىغاندا، قەغەز ياساشنى ماۋارەئۇننەھرى مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلىرىدىن ئۆگەنگەن[27]. ھەتتا جۇڭگو ئۇسۇلىدىكى ياغاچ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان تۈركچە بۇغۇملۇق ھەرپلەردىن تەشكىل تاپقان بىر خىل ھەرىكەتچان مەتبەئەمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان[28].

10 - ئەسىردە ياشىغان ئىبنى ئەل-نەدىمنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خاقانىنىڭ مەملىكىتىدە 9 - ئەسىردىلا مۇسۇلمان جامائىتى ۋە مەسچىتلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇسۇلمان تۈرك مەركەزلىرى 10 - ، 11 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خېلىلا كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تارىخچىلار قاراخانىيلارنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دەپ قارايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرىدىكى مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بەزىسى ئۇيغۇر مۇھىتىغا ئائىت ئىدى.

ئېھتىمال غەزنەگە تۇرپاندىن مانى دىنىدىكى بەزى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇسۇستا غەزنەدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب ئوخشاشلىقىدىن مەلۇم بولماقتا[29]. ئەبۇل ئەل-مەئالىنىڭ مانىنىڭ «ئارژاڭ» دېگەن رەسىملىك كىتابىنىڭ مىلادىيە 1056 - يىلى غەزنەدە تارقالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايىتى بۇ ئۇسلۇب ئوخشاشلىقىنى دەلىللىمەكتە[30]. ئا. ۋون. لېكوكنىڭ تۇرپان رەسىم مەكتىپى تەسىرىنىڭ

دېھلى تۈرك سۇلتانلىقى دەۋرىدە ھىندىستانغا قەدەر تارقالغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيىسى (31) كېيىنكى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىققان بىر تارىخىي خاتىرە ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاندى. (32) دېھلىدە ئۇل تۇتمۇش دەۋرىدە خەنزۇ ئۇسلۇبىدا سىزىلغان رەسىملەردىن سۆز ئېچىلىدۇ.

12-ئەسىردە تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئىدىقۇتلار قاراختانلارنىڭ بىر ۋالىيسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 1209-يىلى چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بارچۇق ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى بولغان ئوغۇللىرى كەسمەس بىلەن ساراندى موڭغۇللارنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ئايلانغان. تۇرپان بوستانلىقىدىن ئاتلانغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى موڭغۇللار بىلەن بىرلىكتە قاراختانلار ۋە خارازىمشاھلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوغۇز رايونى بولغان ئوترارغا، مۇ دەرياسى بويلىرىغا، ھەتتا بىر رىۋايەتكە قارىغاندا نىشاپورغا قەدەر يۈرۈش قىلىپ بارغان. مىلادىيە 1252-يىلى ئىدىقۇت ساراندى بېشبالىقتا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. بېشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى سەيفىددىننىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن موڭغۇللار ساراندىنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا قېرىندىشى ئۆگۈنگۈچنى تەختكە چىقارغان(33). ئىدىقۇتلار موڭغۇل سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى تارمىقىغا تەۋە ئۈچىنچى ياكى ئىككىنچى دەرىجىدىكى بەگلەر سۈپىتىدە بۇغرا (تۆگە) رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تامغا ئىشلىتەتتى. مىلادىيە 1286-يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا قوچقار تېگىن ئىسىملىك ئىدىقۇتنى ئۆزىگە قارام قىلىش ئۈچۈن قوچونى مۇھاسىرىگە ئالغان. دۇۋا ئىدىقۇتنىڭ قىزىنى سېپىلنىڭ تېمىدىن ئارغامچا ئارقىلىق پەسكە ساڭگىلىتىپ چۈشۈرۈپ تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن قوچودىن ۋاز كەچكەن. ئىدىقۇتلار بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇغى كۆپ قېتىم قۇدىلاشقان. جۇڭگودا يۇقىرى مەمۇرىيەتكە تەيىنلەنگەن ئىدىقۇت نەسلىدىكى بەگلەر بارغانسېرى ۋەتىنىدىن يىراقلاشقان. 14-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ساڭگا ۋە بۇدلاشىرى تەختكە چىققان. بۇداشىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان كېيىنكى شاڭ دەۋرىدە ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر سۇلالىسى ئاخىرلاشقان (34).

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق مەركەزلىرىدىكىگە ئوخشاش تۇرپاندىمۇ موڭغۇللار تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تۇرپاندىن تېپىلغان موڭغۇل دەۋرىگە ئائىت يازما ۋە باسما (مەتبەئە) ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى ھەمدە دەسلەپتە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە تۈرك تىلىنى قوللانغان(35). تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ رايوندىكى زىيالىيلارنىڭ موڭغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە ياردەمچى بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئەمەلىيەتتىمۇ س .ۋ. مالوفنىڭ «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» (موسكۋا، 1961-يىلى، 202-بەت) دە ئېلان قىلغان قانۇنىي ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇر تويىنلىرى-بۇددا راھىپلىرىنىڭ مۇئەللىملىك ۋە كاتىپلىق ۋەزىپىلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ(36).

بۇددا ۋە مانى دىنلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تۇرپان بوستانلىقى كېيىنكى ئىدىقۇتلار دەۋرىدە خەنزۇ ۋە تاڭغۇتلارنىڭمۇ تەسىرى كۆرۈلگەن پارلاق بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار يالغۇز ئۆز يۇرتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە باشقا مەركەزلەردىمۇ مەشھۇر ئىدى. 14-ئەسىردىكى تۇرپان رەسىم مەكتىپىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇبى بار ئىدى(37). ئىدىقۇتلاردىن بايان بۇقا تېگىن ھۆكۈمدارلىق سىمۋولى بولغان ئەجدەر موتىفىنى ئەڭ ياخشى سىزىدىغان كىشىلەردىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى(38).

ئىدىقۇتلاردىن كېيىن تۇرپان بوستانلىقىنىڭ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنلىكى مەلۇم. بۇ يەردە پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، يىپەك رەختلەر توقۇلاتتى ۋە قاشتېشى قېزىلىپ

سېپىلاتتى[39].

جۇڭگو تارىخنامىلىرى مىلادىيە 1377-يىلىدىن كېيىن يارخوتونىڭ (يارغولىنىڭ) 10 كىلومېتىر شەرقىدە ۋە قارا خوجانىڭ 45 كىلومېتىردەك غەربىدە يېڭىدىن بىنا قىلىنغان تۇرپان شەھىرى ۋە تۇرپان بەگلىكىدىن سۆز ئاچىدۇ. قەشقەر چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىدىن خىزىر خوجا (1389-1399) قارا خوجا بىلەن تۇرپاننى قولغا كىرگۈزۈپ، خەلققە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغان ۋە بۇ يەرنى ئىككىنچى پايتەخت قىلغان[40]. يەنە جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1406-يىلى جۇڭگو خانى بېشبالىق ۋە تۇرپان خانىغا سوۋغات يوللىغان. تۇرپانلىق سايىن تەمۇر دېگەن بىر ئەلچى جۇڭگوغا قاشتېشى ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 1408-يىلى جۇڭگوغا بارغان تۇرپان ئەلچىلىرى بۇددىست راھىپلار ئىدى. مىلادىيە 1419-1420-يىللاردا تۇرپاننى زىيارەت قىلغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىلىرى بۇ شەھەردە تامامەن بۇددىزم تەسىرى ئاستىدىكى يېڭى ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋە بۇرقان ھەيكەللىرىنىڭ ياسالغانلىقىنى كۆرگەن. شۇنداقتىمۇ تىرمىزلىق خوجىلارنىڭ تاغلاردا، خانىقالاردا ياشىغانلىقىغا، تۇرپاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇمۇلدا بولسا بىر توپ بۇددىزم ماناستىرلىرىنىڭ يېنىدا يېڭى بىر جامەنىڭ سېلىنغانلىقىغا شاھىد بولغان[41]. غەربتىن كەلگەن ئىسلامىيەت بىلەن شەرققە سۈرۈلگەن بۇددىزم ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئىسلامىيەتكە پايدىلىق ھالەتتە داۋام قىلغان. مىلادىيە 1422-يىلى تۇرپان بېگى خىزىرخان In-ghi-rh-chan (بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە 尹吉尔查 دەپ يېزىلغان) بېشبالىقتىكى مۇسۇلمان چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ئۇۋەيسخان تەرىپىدىن قوغلانغان، بۇنىڭ بىلەن تۇرپان بېگى خەنزۇلارنى ياردەمگە چاقىردى. مىلادىيە 1428-يىلى بۇنىڭ ئوغلى مەڭگۈ تېمۇر، 1441-يىلى باشقا بىرسى تۇرپان بېگى بولدى. 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگودا ئىمىن خوجا دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان تۇرپان بېگى قارا خوجىنىمۇ ئىشغال قىلىپ، «خوجا» (خەنزۇچە ‹خان› دېگەنلىكتۇر) دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1469-يىلى بېيجىڭغا بارغان تۇرپان ئەلچىلىرى ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ «سۇلتان» ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

مىلادىيە 1473-يىلىدىكى تۇرپان سۇلتانى ئەلىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئىسمىدىنمۇ مەلۇم. بۇ زات قۇمۇل ۋە كوسەننى ئىشغال قىلغان، دۈشمىنى بولغان ئويراتلارنىمۇ مەغلۇپ قىلغان. تۇرپان سۇلتانىنىڭ قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكى نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشقان ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان. مىلادىيە 1478-يىلى ئەلىنىڭ ئوغلى ئەھمەد ئاقسۇ ۋە تۇرپانغا سۇلتان بولدى. «ئالاچا» (ئۆلتۈرگۈچى) ئۇنۋانىنى ئالغان سۇلتان ئەھمەد ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان بابۇرنىڭ تاغىسى ئىدى. بۇ زات جۇڭگو پادىشاھىغا سوۋغات سۈپىتىدە ئارسلان ئەۋەتكەن. مىلادىيە 1504-يىلى بولسا شاھ بەگ شەيبانى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئەلەم ئىچىدە ئۆلگەن. ئەھمەدنىڭ ئوغلى مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھ خان تۇرپانغا سۇلتان بولغان.

15-ئەسىردە تانتىرىك بۇددىزم مەزھىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر مەملىكىتىدىكى نامرات دەرۋىشلىك تەرىقىتىنى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن دوست مۇھەممەد خان قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى «شەمسى ئابدال» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. «دىنىدىن ۋاز كەچكەن» لىكى سۆزلىنىدىغان بۇ چاغاتاي خانىنىڭ ئوغلى كەپەكنىڭ پايتەختى تۇرپان ئىدى[42].

18-ئەسىردىمۇ تۇرپان خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى[43]. مىلادىيە 1731-يىلى تۇرپان مۇسۇلمانلىرى نامىدىن ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. تۇرپاندىكى ئابىدە ھېسابلىنىدىغان ئېگىز مۇنارلىق بىر مەسچىت بۇ زات تەرىپىدىن ياسىتىلغان دەپ قارىلىدۇ[44]. موڭغۇللار ئىستىلاسى ۋە غەربىي رايوننىڭ مىلادىيە 1754-1758 يىللار

ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن تۇرپان بىر مەزگىل مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. مىلادىيە 1756 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى ئۈچ شەھىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، جازا سۈپىتىدە بۇ شەھەر كۆيدۈرۈلدى، خەلقى قىرىپ تاشلاندى. يېڭىدىن بىر شەھەر بىنا قىلىش ئۈچۈن تۇرپانلىقلار ئۇچقا كۆچۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ نامى ئۇچتۇرپان دەپ ئاتالدى. ئەسلىدىكى تۇرپان بولسا كونا تۇرپان دەپ ئاتالدى. ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سۇلايمان مىلادىيە 1760 ـ يىلى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ چاغدا غەربىي يۇرتتا چىڭ سۇلالىسى مەمۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان بىردىن بىر يەر تۇرپان ئىدى. مىلادىيە 1820 ـ يىلى تۇرپان بېگى ئەبۇل ئەھمەد مانجۇ پادىشاھىغا سوۋغا ئەۋەتكەن[45]. ياقۇپ بەگ غەربىي يۇرتتا دۆلەت قۇرۇپ، قوشۇن تەشكىل قىلغان. كونا تۇرپان ياقۇپ بەگكە قاراشلىق مەملىكەتنىڭ شەرقتىكى چېگرىسىنى تەشكىل قىلغان. كونا تۇرپان ۋە قارا خوجا قەلئەلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ياسىتىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. چىڭ قوشۇنى 1877 ـ يىلى كونا تۇرپاننى ئىشال قىلغان. مىلادىيە 1879 ـ 1898 يىللاردا بۇ يەرنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. كونا تۇرپاننىڭ بىر قىسمىغا بۇددىست ئۇيغۇرلار دەۋرىدىن قالغان مىلادىيە 1419 ـ يىلى تۇرپاننى زىيارەت قىلغان تۆمۈرىيلەر ئەلچىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدىن مەلۇم. چىڭ قوشۇنلىرى شەھەرنى كۆيدۈرگەن چاغدا كونا تۇرپان گۈزەل ئىسلام ئابىدىلىرى، مەسچىدلىرى، مۇنارلىرى بار بىر شەھەر ئىدى. چىڭ قوشۇنلىرى كونا تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا قۇرۇپ چىققان يېڭى شەھەرگە خەنزۇچە نام بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يېڭى شەھەرنىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان تۈركلەر قۇرغان مەھەللىلەر يەنىلا تۇرپان دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

ئىزاھاتلار:

(1) 0. Franke, Geschichte des chinesischen Reiches, Berlin, 1961, I, 255; E. Chavannes, Documents sur les Turcs Occidentaux et notes additionnelles, Paris, 1903, s. II.

(2) O. Franke, Geschichte des chinesischen Reiches, Berlin, 1961, I, 255.

(3) E. Chavannes, Documents sur les Turcs Occidentaux et notes additionnelles, Paris, 1903, s. 11.

(4) A. Kollautz_H. Miyakava, Die Jou_Jan der Monggelei und die Awaren in Mitteleuropa, Klagenfurt, 1970, s. 108, 126_128.

(5) K. Shiratori, Memoirs of the Toyo Bunko, V, II; W. Krause, Tocharissch; Iranistik, 4/3, Handbuch der orentalistik, Leiden, 1955, s. 8)

(6) W. Krause, Tocharissch; Iranistik, 4/3, Handbuch der orentalistik, Leiden, 1955, s. 8.

(7) W. Krause, Tocharissch; Iranistik, 4/3, Handbuch der orentalistik, Leiden, 1955, s. 8.

(8) O. Franke, Geschichte des chinesischen Reiches, Berlin, 1961, I, 396.

(9) O. Franke, Geschichte des chinesischen Reiches, Berlin, 1961, I, 347, 355, 397.

(10) A. caferoglu, Uygur sozlugu, Istanbul, 1934. drevneturskiy slovar, Leningrad, 1969.

(11) A. Grunwedel, Bericht uber archaeologische Arbeiten in Idikut_shahri. Abh. d. Bayer. Ak. D. Wiss. X X IV/1, 9.

(12) Liu Mau_Tsai, Die chinesischen Nachrichten zur Geschicchte der Ost_Turken,

Wiesbaden, 1958, s. 40.

(13) Klyaxtorniy, problemi ranney istorii plemeni Turk, Novoe v Sovietskoy arheologii, Moskova, 1959.

(14) A. Grunwedel, Bericht uber archaeologische Arbeiten in Idikut - shahri. Abh. d. Bayer. Ak. d. Wiss. X X IV/1, 27. O. Franke, Eine Tempelin schrift aus Idikut - shahri, Berlin, 1907, s. 5. 17, 23.

(15) F. W. K. Wuller, SITZUNGBER. Preuss. Ak. Wiss. 1920/1922.

(16) S. Julien, La vie de Hiouen - thsang, s. 32. E. Chavannes, Documents sur les Turcs occidentaux et notes additionnelles, Paris, 1903, s. II v. d., 31, not 3.

(17) Emel Esin, Islamiyetten evvel Orta Asya Turk resim sanati, Turk Kulturu el kitabi, II /1, not 102.

(18) E. Chavannes, Documents sur les Turcs Occidentaux et notes additionnelles, Paris, 1903, s. II v. d., s. 89, not 3. O. Franke, Geschichte des chinesischen Reiches, Berlin, 1961, II, 360.

(19) E. Chavannes, Documents sur les Turcs Occidentaux et notes additionnelles, Paris, 1903, s. II v. d., s. 175.

(20) E. Chavannes, Documents sur les Turcs Occidentaux et notes additionnelles, Paris. 1903, s. II v. d., s. 78, not 3.

(21) A. von Gabain, Das Uigurische Konigreich Chotscho, Berlin, 1961, s. 20, not 24-26.

(22) A. von Le Coq, Chotscho, Berlin, 1913, Lev. 8.

(23) F. W. K. Muller, Pfahlinschriften aus den Turfan Tunden, Abh. D. Preuss, ak. d. Wiss., 1915.

(24) A. von Le Coq , Chotscho, Berlin, 1913, Lev. 8. A. Grunwedel, Bericht uber archaeologische Arbeiten in Idikut - shahri. Abh. d. Bayer. Ak. D. Wiss. X X IV/1, 27. A. Grunwedel, Altbuddhistische Kultstaetten in chinesische Turkestan, Berlin, 1912, A. stein, Innermost Asia, Oxford, 1928. B. V. Dolbejeb, V poisah razvalin Bisbalika, zapiski vostocnago otdeleniya russkago arheologiceskago obscestva, Petersburg, 1915, X X III.

(25) A. von Gabain, Das Uigurische Konigreich Chotscho, Berlin, 1961, s. 20, not 24-26. E. Pinks, Die Uiguren von kanchou, Wiesbaden, 1968, s. 61-65, 70, 73-79.

(26) S. Julien, Les Oigours, J A, Kanun I, 1847.

(27) V. mInorsky, Tamim Ibn Bahrs Journey to the Uighurs Bull. School Orient. Afric. Studies, London, 1948, X II/3-4/.

(28) A. von Gabain, Die Drucke der Turfan Sammlung, stizber. Deutschen Akad, Wiss, Berlin, 1969.

(29) Schlumberger, Le palais ghanewide de Lashkari-bazar, Paris, 1952, s. 266.

(30) G. M. Meredith -Owens, Orta Asya Turklerinde Manihailik, Turk kulturu el kitabi, II /1, 156.

(31) A. von Le cok, Buddhistische Spatantike in Mittelasien, Berlin, 1925, II, 15, not 3.

(32) Tabakat-I Nasiri, Calcutta, 1864, s. 234. A. Chaghai, Paiting during the Sultanate period, Lahore, 1963, s. 46.

(33) J. Boyle, Jubainis history of the World - Conquerror, Manchester, 1958, I, 44-53; B. Ogel, Sino - Turcics, Taipei, 1964, s. 14-27.

(34) B. Ogel, Sino-Turcica, Taipei, 1964, s. 20. L. Hambis Le Chapitre CVIII du Yuan -che,

Leiden, 1934, I, 130-137.

(35) Gabain, Drucke, s. 31.

(36) R. Arat. Eski Turk siiri, eski Turk hukuk vesikalari, Turk kulturu arastirmalari, I/1, 1964.

(37) F. Hirth, Uber Fremde Einflusse in der chinesischen Kunst, Munih, 1896, s. II, 33.

(38) Chen Yuan, Western and Central Asians in China under Mongols, Los Angeles, 1960, s. 17, 191, 204, 216.

(39) E. Bretschneide, Mediaevel researches from Eastern Asiatic sources, London, 1967, s. 189-202./

(40) E. Bretschneider, Mediaevel researches from Eastern Asiatic sources, London, 1967, II s. 199. Tarih-I rasidi, trc, Ross, s. 52.

(41) Kucuk Celebi-zade asim effendi, Acaib al-Lataif, Istanbul, 1331, s. 12.

(42) E. Bretschneider, Mediaevel researches from Eastern Asiatic sources, London, 1967, II s. 200.

(43) E. Bretschneider, Mediaevel researches from Eastern Asiatic sources, London, 1967, II s. 200.

(44) A. Von Le cok, Auf Hellas spuren in Ost - Turkistano Leipzig, 1926, lev, 2.

(45) E. Bretschneider, Mediaevel researches from Eastern Asiatic sources, London, 1967, II s. 202.

1988-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» 12-توم 2-قىسمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(تەرجىمان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن )
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش تارىخى توغرىسىدا

ماھنۇر غوپۇر

ھەممەيلەنگە مەلۇم، يىپەك مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ مىڭ سۇلالىسىگىچە بولغان بولغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقە ئىشلىرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر يىپەك يولىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارغان ۋە ئەتراپتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. بىراق مۇشۇنداق ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يىپەك يولى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي پائالىيەت ۋە باشقا تەبىئىي ئۆزگىرىش تۈپەيلى ئۆزىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن يىپەك يولى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان يۆلىنىش ۋە تارماقلار ئارقىلىق شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان.

يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئاۋۋال ئېچىلغان يول يايلاق يولىدۇر① شۈبھىسىزكى، بۇ قاتناش لىنىيىسىنى سۇ، ئوت-چۆپ قوغلىشىپ ياشايدىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئەڭ دەسلەپ ئاچقان② دېمەك، ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان يول يايلاق يولى بولۇپ، بۇ يولنى ئوت، سۇ قوغلىشىپ ياشايدىغان چارۋىچى مىللەتلەر. بۇ يولنىڭ تارىخى ۋە يۆلىنىش ئۆزگەرتىشى يايلاق مىللەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يايلاق مىللەتلىرى كۈچەيگەندە جانلىنىپ، ئۇلار ئاجىزلىغاندا خارابلىشىپ تۇرغان. مەسىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەردە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلگەن ھۇنلار ھەمدە ئۇلاردىن كېيىنكى سىيانپى، جۇرجان، ئىفتالىت، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كىرگۈزگەن ۋە شۇ ئارقىلىق شەرق-غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان.③ دېمەك، يايلاق يىپەك يولى ئېچىلغاندىن تارتىپ مۇشۇ يايلاق مىللەتلىرى تارىخىنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ھەرخىل تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن.

## 1. يايلاق يىپەك يولى ۋە ساكلار

بىر قىسىم ئالىملار يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردىكى ساكلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

ھىرودوت: «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گرېك شائىرى ئارىستىياس سىكىف سودا يولىنى بويلاپ قارا دېڭىز بويىدىكى تانايىسدىن شەرققە قاراپ يۈرۈپ ئورال تېغىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە يېتىپ بارغان»④ لىقىنى قەيت قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پازىرىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى رىتسارلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ گىلەملەر ۋە سىكىف

ئۇسلۇبىدا سىزىپ بېزەلگەن ھەرخىل ئات جابدۇقلىرى، چىن ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك ۋە ھەرخىل ئات جابدۇقلىرى، چىن ئۇسلۇبىدىكى ئەينەك ۋە ھەرخىل قۇش رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى تېپىلغانىدى [1] . مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردە ساك - سكىف قاتارلىق يايلاق مىللەتلىرى يايلاق يولىدا دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، شەرق - غەرب ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئەڭ دەسلەپ ئىشقا ئاشۇرغان. ھىرودوتنىڭ يۇقىرىقى بايانىدىكى گرېك شائىرىنىڭ «سكىف سودا يولى» نى بويلاپ ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە كەلگەنلىكىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن بۇرۇنلا سكىفلار مۇشۇ يولدا سودا پائالىيىتى ئېلىپ بارغان ۋە شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردە «سكىف سودا يولى» دەپ ئاتىلىشى ئۈچۈن بۇ يول ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىللىرى ياكى بولمىسا ئۇنىڭدىن يەنىمۇ بۇرۇنراق ئېچىلغان بولۇشى كېرەك.

سكىف ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن ئالتۇن ياكى مىستىن ياسالغان ھايۋانات جابدۇقلىرى غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىدىن تارتىپ شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكى، سىۋىيون رايونلىرىغىچە بولغان يايلاق لىنىيىلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىشىدىنمۇ ئەينى چاغدىكى يايلاق يىپەك يولىنىڭ شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى ئورنى شۇنداقلا چارۋىچىلىق مىللەتلىرىدىكى ھايۋانات جابدۇق بېزەكچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆمۈر، مىس، بىرونزا، گۈللۈك ساپال قاتارلىق بۇيۇملىرىنىڭ يايلاق يولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ تارقالغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ [2] .

ئارخېئولوگلار يەنە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېجىناچ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى [3] . ئۇنىڭدىن باشقا ئالتايدىن تېپىلغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەرگە تەۋە قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ جۇڭگو يىپەكلىرى بايقالدى، بۇنىڭدىن ئەڭ ئاز دېگەندە ئەمىنىيە يېغىلىق دەۋردىلا مەملىكىتىمىز يىپەكلىرى چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ [4] . بۇ مەلۇماتلاردىن بىز مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە يايلاق يىپەك يولى سكىف - ساكدىن ئىبارەت كۆچمەن چارۋىچى مىللەت تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 700 - يىللار ئەتراپىدا ئۆزلىرى ئاچقان سودا يولىنى بويلاپ قارا دېڭىز بويىدىن ئىلى دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كىرگەن ۋە بۇ جايدا شەرقى قىسمىدىكى جۇڭگو ۋە غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئويناپ، شەرق - غەرب قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوغدىغان.

## 2. يايلاق يىپەك يولى ۋە ھۇنلار

بىر قىسىم ئالىملار يايلاق يىپەك يولى ئەمىنىيە - يېغىلىق دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ھۇنلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

چاڭزىنخېجۇن ئەپەندى: «يىپەك يولى ياۋروپا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان شىمالىي يايلاق دالادىكى شىمالىي يول، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقىدىن ئۆتىدىغان بوستانلىق يولى ۋە جەنۇبىي دېڭىز يولىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدىكى يايلاقنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئورقۇن دەريا ۋادىسى بىلەن چاڭئەندىكى بوۋجۇ ئايمىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول پەقەت شىمالدىكى

چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك ئات سودىسىنى ئېلىپ بېرىش سورۇنى بولۇپلا قالماي، يەنە جەنۇپ شىمال مىللەتلىرىنىڭ ئۆزئارا قارشىلىشىش سورۇنىدۇر» [8]. دېيىش ئارقىلىق يايلاق يىپەك يولى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان بولسا، ليۇ شىگەن ئەپەندى: «يىپەك يولى شىمالى يول، جەنۇبىي يول ۋە ئوتتۇرا يول دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن، شىمالىي يولنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغاچقا بۇنىڭ ئۈستىدىن تالاش-تارتىش كۆپ، ئىسىملىرىمۇ «يايلاق يولى»، «ئورمانلىق يولى»، «چۆللۈك يولى»، «سۇياپ يولى»، «يېڭى شىمالىي يول»، «ئۇيغۇر يولى» دېگەندەك ھەرخىل ئاتىلىشلاردا ئاتالغان» [9] دېگەن پىكىر ئارقىلىق شىمالىي يولنىڭ يايلاق يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەر ئاستىدا: ھۇن بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدا تولا ئۇرۇش-تالاش بولاتتى، بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى كۆپلەپ ئاشلىق ۋە يىپەك رەختلەرگە ئېرىشىش بولۇپ، ھۇنلار ئېرىشكەن ئاشلىقنى ئۆزلىرى يەپ تۈگەتكەن بىلەن يىپەكلەرنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىنى ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئىستېمال قىلاتتى كۆپ قىسمى يايلاق سودىگەرلىرى تەرىپىدىن شىمالىي يولنى بويلاپ غەربكە توشۇلۇپ سېتىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ سودىگەرلەر ئەڭ دەسلەپ شىمالىي يولنى بويلاپ مېڭىپ بۇ يولنى ئاچقان، بۇ يول دەسلەپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرگەن، كېيىن ھۇنلارنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ قاشقۇۋۇ، ياڭگۇۋەنلەردىن تارتىپ ئۈۋىرغولغا بارىدىغان يولنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. دېمەك، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ھۇنلار مودۇن تەڭرىقۇت دەۋرىدە ئاچقان» [10] دېگەندەك پىكىرلەر ئارقىلىق ئەمىنىيە يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ چىن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ھۇنلار كۆچىيىپ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكى بولغان يايلاق يىپەك يولى دېگەن پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇنىڭدىن سىرت ئېلىمىز يىپەك بۇيۇملىرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-4 ئەسىرلەردە چارۋىچى مىللەتلەردىن بولغان ھۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسى بىلەن ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا كىرگەنلىكى، شۇڭلاشقا ئەينى چاغدا دۆلىتىمىزنىڭ SERS «سىرس» (يىپەك) دۆلىتى دەپ ئاتالغانلىقىنىمۇ ھۇنلارنىڭ كۆچىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىمۇ بىر قىسىم ماتېرىياللاردا نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى چاغدا يايلاق يىپەك يولى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا قەدىمكى زاماننىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە بوستانلىق يولى ئاساس قىلىندى، يېقىنقى زامانلاردا بولسا دېڭىز يىپەك يولىنىڭ ئورنى شىددەت بىلەن ئۆرلىدى [11] ئەڭ دەسلەپكى چاغدا شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر بەشبالىقتىن (بۈگۈنكى جىمسار) موڭغۇلىيىگىچە بولغان يايلاق يولىنى ئاچتى [12] دېگەندەك پاكىتلار ئارقىلىق ئالىملار يايلاق يىپەك يولىنىڭ شەرق-غەرب قاتنىشىدا ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان ۋە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا يىپەك يولى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە ئېچىلغان [13] ياكى چاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن يىپەك يولى ئاندىن ئېچىلغان دەيدىغان خاتىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

بۇلار يىپەك يولىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى لىنىيىسى بولغان يايلاق يىپەك يولىنىڭ بوستانلىق يىپەك يولى ۋە دېڭىز يوللىرىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، مەلۇم دەۋرلەرگە كەلگەندە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ۋاقىتلىق خارابلىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن يەنە مەلۇم دەۋردە ئۆزى قايتىدىن رول ئويناشقا باشلىغانلىقىدەك

پاكىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەمەلىيەتتە، جاڭ چيەن كېلىشتىن بەش ئەسىر ھاتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق مەزگىللەردە يىپەك يولىنىڭ يايلاق لىنىيىسى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان. ھەمدە بۇ لىنىيىدە ساك، تۇخرى، ھۇن قاتارلىق كۆچمەن خەلقلەر شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 117 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۇنلارنىڭ ئوك قول بېلگە خاقانى غەربكە يۈرۈش قىلىپ توخرى، ئۇيسۇن، كىروران، ئوغۇز قاتارلىق 26 ئەلنى بويسۇندۇرۇپ تەسىر كۈچىنى غەربىي رايونغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن شەكىللەنگەن بوستانلىق يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان ياڭگۇەن، قاشقۇۋۇقلارنى ئىگىلەپ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى (يايلاق يىپەك يولى) گە قوشۇپ جەنۇب ۋە ئوتتۇرا يوللىرىنىمۇ تەڭ ئىشلىتىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ جەنۇبىي يولدىمۇ يىپەك بويۇملار كۆپلەپ توشۇلىدىغان بولغان.

كېيىنكى بەزى جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى شىمالىي يول ئاستا ـ ئاستا خارابلىشىپ جەنۇبىي يول (بوستانلىق يىپەك يولى) ئاستا ـ ئاستا گۈللىنىشكە باشلىغان بۇ خىل ئەھۋال تاكى تاڭ سۇلالىسىگىچە داۋام قىلغان.

## 3. يايلاق يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار

مىلادىيە 618 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرىكى بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ غەرب شىمال چېگرىلىرىنى كېڭەيتىپ بۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي چۆللۈك بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى ئالاقىسى بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە شىمالى ۋە غەرب يايلاقلاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان مىللەتلەر تۈرك، ئۇيغۇر ۋە چىگىخەي، تىبەت رايونىدىكى تۇبۇتلەر ئىدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۈركلەر شىمالىي چۆللۈك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا تاڭ سۇلالىسى، ھىندىستان، مىسىر، شەرقىي رىم قاتارلىق تۆت چوڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى شەرق، غەرب قاتناش لىنىيىسى بولغان يايلاق يىپەك يولىنى كونترول قىلىپ كەلدى.

تۈركلەرگە ئەگىشىپ باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 100 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يايلاق يولىدا ھەرخىل سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ يولنىڭ «ئالتۇن دەۋرىنى» [15] ئاچتى.

ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە «ئۆتكۈلۈك سۆيگۈن توپىلىڭى» پارتلىغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرت چېگرىسىدىكى تۆت قورغاننى ساقلاۋاتقان قوشۇننى ۋاقىتلىق توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن چاقىرىۋالغانغا يۆتكەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، غەربتىكى تۆت قورغاننىڭ بىكار قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇبۇتلەر بۇ رايونلارغا بېسىپ كىرىدۇ. ئەينى چاغدا مۇشۇ جايلاردىن ئۆتۈپ داۋاملىشىۋاتقان بوستانلىق يىپەك يولى توسۇلۇپ قېلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قىيىنلىشىدۇ. تۇبۇتلەر شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىرىچىل بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر قىسىم زېمىنلىرىغا تەھدىت سالىدۇ، ئۇيغۇرلارمۇ تۇبۇتلەرنىڭ بۇ زېمىنلاردا داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالتاي تاغلىرىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن ماۋرەئۇننەھىر رايونىغا بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتىدۇ. مۇشۇنداق بىرقانچە خىل

تەھدىتىنىڭ تەگلا يۈز بېرىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئامالسىز غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك - ئات سودىسى قانۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن بۇ يىپەكلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۈبۈتلەر ئىگىلىۋالغان بوستانلىق يولى بىلەن ئەمەس بەلكى، ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى ئىچىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ئىلى ۋە چۇ دەريالىرى ۋادىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە كىرىدىغان «ئۇيغۇر يولى» ئارقىلىق غەربكە توشۇپ ساتقان ئىدى. بۇ «ئۇيغۇر يولى» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى يايلاق يىپەك يولىنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر.

ئۇيغۇر يولى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىقتىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئۆتەتتى. بۇ يول ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا بار بولۇپ، شىمالىي چۆللۈك يايلاق مىللەتلىرىنىڭ جەنۇبقا سۈرۈلۈپ غەربىي رايونغا كىرىدىغان مۇھىم يولى ئىدى، پەقەت تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە بۇ يول شىمالدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى پايتەختى بىلەن تۇتۇشۇپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا «ئۇيغۇر يولى» دەپ ئاتالغان.[16] دېمەك، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۈبۈتلەرنىڭ پاتپاراقچىلىقى بىلەن، نورمال داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوستانلىق يولى پۈتۈنلەي دېگۈدەك توسۇلۇپ قالغان بولغاچقا «ئۇيغۇر يولى» دەپ ئاتالغان يىپەك يولى مۇھىم رول ئويناپ يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلغان ئىدى.

### 4. يايلاق يىپەك يولى ۋە موڭغۇللار

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى بەش دەۋر 10 پادىشاھلىقنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىدە، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يايلاق يىپەك يولى بىر مەزگىللىك چېكىنىش باسقۇچىدا تۇردى. بۇنداق ۋەزىيەت تاكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت گەۋدىسى بارلىققا كەلگىچە داۋاملىشىپ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپ ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە يەنە بىر مەزگىل جانلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىراق ئۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىستېمال ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتكەچكە بۇ يول يەنە بەكمۇ گۈللىنىپ كېتەلمىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ خارابلىششقا باشلىغان بۇ يول پەقەت موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندىلا يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. چىڭگىزخاننىڭ تۆھپىسى بىلەن قايتا روناق تاپتى.

13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان تاتار، نايمان، كىرەي قاتارلىق قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تەدرىجىي ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىغا سىلجىپ موڭغۇل يايلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى ئەتراپىنى بويلاپ، قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئاچقان يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئىزىنى بېسىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خارابلىشىپ قالغان بۇ يولنى قايتىدىن جانلاندۇردى.

بۇ توغرىسىدا ليۇژىشاۋ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخان 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئىزى بىلەن غەربكە قاراپ كېڭىيىپ يېڭى قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئاساسىغا ئۇل سالدى، ئۇ «يىپەك يولى» نىڭ بىر قېتىملىق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرەتتى»[17]. چىڭگىزخان موڭغۇل يايلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان چاغدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلار يولىنى بويلاپ غەرب دۇنياسى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا بىردىن بىر كاشىلا بولىدىغان كۈچ پەقەت قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىلا ئىدى.

بۇ چاغدا قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى،

غەربىي لياۋ بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشىدە چوقۇم ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول ئىدى. شۇڭا چىڭگىزخان بۇنى ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايتتى. دەل مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى غەربىي لياۋغا قارام بولۇپ، ئالىقاچان غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىقىدىن بىزار بولۇپ تۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1210 - يىلى ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارتتېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىڭگىزخانغا ئۆزلىكىدىن بەيئەت قىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشىدىكى بىر مۇھىم پۇتلىكاشاڭنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. چىڭگىزخان بىر تەرەپتىن بۇ كونا دۈشمەننى يوقىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن غەربكە يۈرۈشىدىكى بۇ توسالغۇ ھاكىمىيەتنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 1218 - يىلى جەبە باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل قوشۇننى غەربكە ئاتلاندۇردى. بۇ قوشۇن كۈچلۈكنى قوغلاپ بالقاش كۆلىدىن چىقىپ، ئىلى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلدى ھەمدە كۈچلۈكنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى، بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئەمەلىيەتتە يايلاقنى ئاساس قىلغان قاتناش لىنىيىسىنى راۋانلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچ دائىرىسى كېڭىيىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ قىرغىقىچە يېتىپ باردى[8]. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى كاۋكاز تاغلىرى، ۋولگا بويلىرى ۋە دون دەرياسى ئەتراپلىرىغىچە يەتكەندى. چىڭگىزخان پۈتكۈل ئاسىيا يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قاتناش لىنىيىسىدە ھايالداي (لەنگەر) تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، بۇ يايلاق يىپەك يولى ئۈچۈن يېڭىچە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى ھازىرلاپ بەردى.

بۇ توغرىسىدا موڭغۇللار دەۋرىدە غەربىي ياۋروپادىن موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ئىككى نەپەر چەتئەللىكنىڭ مۇنداق تەسۋىرى بار.

1246 - يىلى رىم پاپاسى (ئىننازىن V) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە كەلگەن پورتۇگالىيىلىك فىلانگېرىن ئۆزىنىڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرگەنلىكى، ئۇ يەردىن ئالتاي تاغلىرىنى بويلاپ كۆيۈكنىڭ چوڭ بارگاھىغا يېتىپ بارغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىش ئارقىلىق ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى چاغدىكى يىپەك يولىنىڭ كەڭ دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

1249 - يىلى ۋىزانتىيە پادىشاھى لۇئى IX نىڭ بۇيرۇقى بىلەن موڭغۇلىيىگە كەلگەن ئەلچىمۇ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ كىچىك ئاسىيادىن ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا يېتىپ بارغانلىقى، ئاندىن شىمالغا ئۆرلەپ بالقاش كۆلى ئەتراپىنى بويلاپ يايلاق رايونىغا كېلىپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىمپېرىيە ئوردىسىغا بارغانلىقىنى يازغان.

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىقمۇ چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنىڭ ھەقىقەتەن راۋاجلانغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس.

موڭغۇللارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى يايلاق يىپەك يولىدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى: چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ شىددەتلىك رەۋىشتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكلىرىگە كېڭىيىپ بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تاجى بولغان «مۇقام» مۇ جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى بىلەن شۇ جايلارغىمۇ يېتىپ بارغان[9] بۇنىڭدىن سىرت، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 300 ئۆيلۈكتىن كۆپ ئۇيغۇر كىمخاپ ئۇستىلىرىنى گەنسۇغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ شۇ يەردە كىمخاپ توقۇمىچىلىقىغا سالغان. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىمخاپچىلىق سەنئىتىنىڭ تارقىلىش تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق

شارائىت هازىرلاپ بەرگەن[illegible].

**خۇلاسە**

يايلاق يىپەك يولى ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، بۇ يولنى بويلاپ سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى ۋە تېزگىنلەپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ كەلدى ھەمدە بۇ يولدا بارلىققا كەلگەن. ساك، ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن ئەللەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بويلاپ غەربكە كۆچىشىگە يۈلىنىش ھازىرلاش بىلەن بىرگە، شۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىق شاھىدى سۈپىتىدە تارىختا ھەرخىل نام بىلەن ئۇلۇغلىنىپ يەرلىك يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ۋە شۇ جايدا كېيىن پەيدا بولغان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى، بىراق چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل ئامىللار تۈپەيلى يايلاق يىپەك يولى ئۆزىنىڭ تارىخى رولىنى دېڭىز يىپەك يولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.

## ئىزاھاتلار

[illegible] چاڭزىخېجۇن «يىپەك يولى ۋە قەدىمكى ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلىقىدىكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالمىشىشى»

[illegible] ليۇژىشياۋ «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ژۇرنىلى 1980 ـ يىللىق بىرىنچى سانى

[illegible] ھىرودۇت «تارىخ» 4 ـ قىسىم

[illegible] سۇبېخەي «خەن تاڭ دەۋرىدىكى يايلاق يىپەك يولى»

[illegible] ليۇ شىگەن «غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ يىپەك يولىدىكى تۆھپىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

[illegible] تيەن ۋېيجاڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تىزىسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. كلىمكېت (گېرمانىيە) يازغان، يا فۇشۆ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر» ، مىللەتلەر تەرجىمە ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 6 ـ سان

2. جيا تىڭجۇما (ياپونىيە) قاتارلىقلار يازغان «يايلاق يىپەك يولىدىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى» مىللەتلەر تەرجىمە ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان

3. چېن جۇنمۇ «ئۇيغۇر يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى» مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

4. دىنىس سىنور (ئەنگلىيە) «ئۇيغۇرلار»

5. قازاقىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرلار تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي

6. لۇۋېي «تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى يىپەك يولىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى» گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان.


**(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

# كارىز كولاش تەشمە قېزىشتا چىراق نۇرىنىڭ رولى

ئابلىم قېيۇم

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كارىز دېگەن بۇ ئاتالغۇ ناتونۇش ئەمەس. شىنجاڭلىقلار بۇ ئاتالغۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. بولۇپمۇ تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قومۇل ۋىلايىتىدىكى كەڭ يېزىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن قومۇل ۋىلايىتىدىكى يېزىلارنىڭ 90% دىن كۆپرەكى پەقەت كارىز سۇيىگە تايىنىپ، بارلىق ھاياتلىقنى ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇھىتنى قوغداپ كەلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن كارىز بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە، شەرەپ بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ھەم ئۆزىنىڭ كەشپىياتچىلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىش شەرىپىگە ئىگە بولدى.

1957 - يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى كارىزلار 1237 يول بولۇپ، ئەينى چاغدىكى 1237 يول كارىزنىڭ ھەممىسىدىلا سۇ بار ئىدى. 2003 - يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، سۇيى بار كارىز پەقەت 404 يوللا قېپ قالغان[1] .

كارىز تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆرجاي بازىرىدا بىر پارچە قىيا تاش رەسمى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 60 - 70 كۋادراتمېتىر كېلىدۇ. قىياتاش رەسىمگە ئوخشىتىپ سىزىلغان ئارقار رەسىملىرىدىن باشقا يەنە، ئېرىق - ئۆستەڭ، كارىز قۇدۇقى، دېھقانچىلىق ئېتىزى ۋە مەھەللە قاتارلىق رەسىملەر ئويۇلغان. بۇ قىياتاش رەسىمنى تەتقىق قىلىش يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرلىرىگە مەنسۇپ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى چاغلارغا تەۋە بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرلەردىكى قەدىمكى تۈرك - ھۇن قاغانلىقى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ[2] .

يۇقىرىقى ئەھۋاللار شۇنداق بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇكى، تۇرپان خەلقى كۈندىلىك تۇرمۇش داۋامىدا كارىزدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرمۇش تەۋسىيىسىنى ئۆستۈرگەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنىڭدا كارىزدىن ئىبارەن بۇخاس ئالاھىدە سۇغۇرۇش سىستېمىسى ئاجايىپ مۇھىم رولىلارنى ئوينىغان.

كارىز ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار:

1947 - يىللىرى، يىل ئاخىرى، پىچان ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى دىغار يېزىسىدىكى دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئەۋەت ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئاسمارىخان، ئۇكىسى ئەمەت قارى ۋە توختىنىياز، پىچان ناھىيە بازىرىدىن مەمەت سېيىت قاتارلىق بەش كىشىدىن تەشكىللىنىپ ھەجگە بارغان، ئۇلار ھەج تاۋاپ رەسمىيەتلىرىنى ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ئۈچۈن،

ئىرانغا كەلگەن، ئىرانغا كەلگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىدىغان يولنىڭ تېخى ئېچىلمىغانلىقىنى بىلىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ يول ئېچىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەۋەت ھاجى، ئاسمارىخان ھاجى، ئەمەت ھاجى قاتارلىقلار بىرنەچچە يىل ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. 1950-يىلى يول ئېچىلىپ، ئاندىن قايتىپ كېلىپتۇ. ھەج تاۋاپتىن قايتىپ كەلگەن ئەمەت ھاجى مۇنداق بىر ئىشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىراندا تۇرۇپ قالغان مەزگىلدە، بىر كۈنى يېزىلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ يەر-بۇ يەرنى كۆرۈپ يۈرۈپ، كارىز كولاۋاتقان بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇلار كارىز كولىغاندا ئارغامچا ئىشلەتكەن بولۇپ، ئارغامچىنىڭ ھەممە يېرىگە تۈگۈم تۈگۈۋېتىلگەن ئىكەن. ئەمەت ھاجى بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن بەكلا ئەجەبلىنىپتۇ، ئەمەت ھاجى قول ئىشارىسى ئارقىلىق كارىز كولاۋاتقانلارغا بىر قىسىم ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر دانە چىغرىق ياساپ چىقىپتۇ، ئەمەت ھاجى ياساپ پۈتتۈرگەن چىغرىقنى ئۇلارغا ئىشلىتىشكە بېرىپتۇ، ئىرانلىق كارىز كولاۋاتقان كىشىلەر ئەمەت ھاجى ياساپ پۈتكۈزگەن چىغرىقنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپتۇ، ئىرانلىق كارىز كولىغۇچىلارنىڭ كارىزدىن توپا تارتىش ئىشلىرى بەكلا قۇلايلىق بولۇپتۇ، ھەم كارىز كولىغۇچىلار ئەمەت ھاجىغا ئۆزىنىڭ يۇرت ئادرېسىنى يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئەمەت ھاجى ۋەتىنىدىكى ئادرېسىنى، ئىسىم فامىلىسىنى يېزىپ بېرىپتۇ. دەرۋەقە 1985-يىلى ئەتىياز پەسلى گوۋۇيۈەن سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن ئىككى ئادەم كېلىپتۇ. ئۇلار پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تەرجىمان، تارىخچى خايۇنچاڭ (خۇيزۇ) ئەپەندى ۋە سىدىق يۈسۈپ ئىككى يولداشتىن مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلەپتۇ، ئۇلار ھەم بۇ ئىككى كىشىنى دىغار يېزىسىغا بىللە بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ، دىغار يېزىسىغا بېرىپ 1947-يىلى مەككىگە ھەج تاۋاپقا بارغان ھەم ئىرانلىقلارغا چىغرىق ياساپ بەرگەن ئەمەت ھاجىنى ئىزدەپتۇ، بۇ ئىككىيلەن سۆھبەت يىغىنى ئويۇشتۇرۇپتۇ، سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار، ئەمەت ھاجىنىڭ 1979-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن خايۇنچاڭ بىلەن سىدىق يۈسۈپ، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن ئىككى يولداشتىن نېمە ئۈچۈن ئەمەت ھاجىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، نېمە ئىش بولسا بۇ ئىككى كىشىگە ئېيتىشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن بۇ ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىس، دۆلىتىمىز ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئىراندا ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىنى، مۇزېيغا بىردانە مەخسۇس كارىز كولاش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان چىغرىق قويۇلغانلىقىنى، مۇزېيخانە تونۇشتۇرغۇچىسى تونۇشتۇرغاندا، بۇ چىغرىقنى جۇڭگو شىنجاڭ تۇرپاننىڭ دىغار يېزىسىدىكى ئەمەت ھاجى بىزگە ياساپ بەرگەن، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئۇلار ھەم ئەمەت ھاجى ئۆزى يېزىپ ئۇلارغا قالدۇرغان ئادرېسىنى جۇڭگولۇق ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى كىشىلەرگە كۆرسەتكەن[1]. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىسنى شىنجاڭ تۇرپان ۋىلايىتى

ۋىلايىتى پىچان ناھىيىسى دىغار يېزىسىغا بېرىپ، ئەمەت ھاجىنى ئىزدەپ شۇ كىشىدىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ كارىزچىلارنىڭ ئىرانىدا ئەمەس تۇرپاندا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كارىز كولاشتا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلاردىن، چىغرىق، ئارغامچا، سۈۋەت، توپا قازغۇچ، كەتمەن، چىراق قاتارلىقلار بولىدۇ. كارىز كولايدىغان چاغدا بۇ جابدۇقلارنىڭ بىرسى كام بولسا بولمايدۇ، بولۇپمۇ چىراققا كەلسەك، ئۇنىڭ رولى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، پۈتكۈل بىر يول كارىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قېزىلىشى ۋە-ۋېيىپ كېتىشىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى بىر يول كارىزدا كۆپ بولغاندا، 100 دىن ئارتۇق، ئاز بولغانلىرىدىمۇ نەچچە ئونلىغان تىك قۇدۇق ۋە تەشمە بولۇپ، بۇلار مۇكەممەل بىر يول كارىزنى تەشكىل قىلىدۇ، كارىز كولاشتا ئالدى بىلەن ئىككى باشتىكى تىك قۇدۇقتىن باشلاپ، بىرلا ۋاقىتتا كولىنىدۇ. ئىككى تىك قۇدۇق كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، تەشمە تۇتاشتۇرۇلىدۇ، تەشمە قېزىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ چىراق ئىشلىتىلىدۇ، چىراقنىڭ رولى پەقەت كارىزنىڭ تېگىدىكى تەشمىنى يورۇتۇش، تەشمە قېزىشقا قولايلىق يارىتىش بولۇپلا قالماستىن، تەشمىنىڭ تۈز ياكى ئەگرى قېزىلىشىنى بەلگىلەشتە نىشان كۆرسەتكۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كارىزنىڭ ئاستىدىكى تەشمە ئىككى تەرەپتىكى تىك قۇدۇقتىن باشلاپ قېزىلىپ بىر-بىرى بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا، چىراق ئىشلىتىشتىن مەقسەت كارىز تەشمىسىنىڭ بىرىنچىدىن، تۈز بولۇش، ئىككىنچىدىن چوقۇم تەشمىسىنى بىر-بىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان. شۇنداقلا يېڭى كولانغان كارىزنىڭ تەشمىلىرىنىڭ تۈز بولۇشى، سۇلىرىنىڭ راۋان ئېقىشى، توسالغۇغا ئۇچرىماسلىقى ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان، ئەگەر كارىزنى ياخشى كولاپ، تەشمە قېزىشتا قارا كۆلەڭگە بايقالسا، بۇ بىر يول كارىزنىڭ تەشمىسىنىڭ قىيسىق قېزىلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر ھېچقانداق قارا كۆلەڭگە بايقالمىسا تۈزلىكىنى كۆرسىتىدۇ، تەشمە قىيسىق قېزىلىپ قالسا كارىز تەشمىسى ئاسان ئۆرۈلىدۇ، كارىز تەشمىسى تۈز قېزىلىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇدۇل تۇتاشتۇرۇلسا، سۈيى راۋان ئاقىدۇ، ھېچقانداق خەۋپ كۆرۈلمەيدۇ. يەنە چىراق نۇرى، كارىزدىكى خەۋپ-خەتەردىنمۇ خەۋەر بېرىدۇ، ئەگەر كارىزنىڭ بىرەر يېرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بولسا چىراق نۇرى توختىماستىن لىپىلدايدۇ. ھېچقانداق خەۋپ بولمىسا چىراق نۇرى تىنىك، ھەم يورۇق پېتى كۆيىدۇ. ھەربىر يول كارىزنى كولاش ۋە قېزىشتا چىراق نۇرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا كارىز كولاش ۋە تەشمە قېزىشتا چىراق نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ.

**(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى، تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، تارىختا غۇز، ئالدى غۇز ۋە ئارقا غۇز، قوچو، قارا قوچو ناملىرى بىلەن ئاتالغان دەۋرلەردە تۇرپان ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، يىپەك يولىنىڭ بۇ مۇھىم تۈگۈنىنى بويلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، باشقا خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە قىممەتلىك، مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان. ئەسلىدە مىلادىيە 9- ئەسىردىن يەنى قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، بۇ يەردە ئوتتۇرا ئىقلىم، ھىندىستان، گرېك، پارس مەدەنىيىتى بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى، ئورال-ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا - سېتىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى، تۆت چوڭ ئىگىلىك ئۆزئارا ئۇچراشقان ھەم ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىپ، باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان. مىلادىيە 9- ئەسىردىن كېيىن قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ رايوندا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى، يىپەك يولى سودىسى تېخىمۇ جانلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىدا زور يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئۆزگۈرىشلەر تەبىئىيكى بۇ رايوندىكى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى شەكىللەر بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى تەقازا قىلدى. نەتىجىدە قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرگە كىردى.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي - زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىمىز ۋە چەتئەللەرگە تونۇلغان، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتقان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق كۆزەتسەك ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى بىلىمىز.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىلىككە ئىگە، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت.

تۇرپان ۋە بەشبالىقنى نۇقتا قىلىپ ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىگە بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلار ۋە تۇرپاندا ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، يارغول (يارقۇت) قەدىمكى شەھىرى، قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرى، چۈنچە قۇرۇلۇشى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى رەسىملىرى، لەمجىن، توقسۇندىكى قىيا تاشلار. توقسۇن كۆكجايدىكى تاش خەرىتە، كارىز - سۇ قۇرۇلۇشى، رەڭلىك ساپال بۇيۇملار، تۆرلۈك دەپنە بۇيۇملىرى، تاشقا ئايلانغان ئۈزۈم تاللىرى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بۇيۇملىرى، قەبرىلەردىن تېپىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،

باغۋەنچىلىك، تۆگمەنچىلىك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

ئېلىمىزدە ۋە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملار، كۆپلىگەن قوليازما ۋەسىقىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى — قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەينى دەۋر تارىخىي شارائىتى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالى، تۇرمۇش - ئادەتلىرى، كىشىلىك، ئىگىلىك مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ماتېرىيال بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

تۇرپان، بەشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار، تۈرلۈك يازما ماتېرىياللار، خىلمۇخىل ئۆرپ-ئادەت بۇيۇملىرى، ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرى قوچو-ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى دۇنيا قارىشى، جەمئىيىتى، تارىخى، قائىدە-تۈزۈملىرى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى بىلىشىمىزدە بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان تامغىلار، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئېلان قىلىنغان ھۆججەت ۋەسىقىلەر، ھازىرقى تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ماددىي بۇيۇملار، چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ماددىي بۇيۇملار ۋە قولىيازمىلار، لېكوكنىڭ «قوچو» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلگەن بۇيۇملار، ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ماددىي بۇيۇم ۋە قول يازمىلار، يارغول، قوچو، كۇچا (كۇسەن)، بەشبالىق (جىمسار)، سۇلمى (قارا شەھەر) قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەر، مونىك مايارنىڭ «قەدىمكى قوچو خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان ماتېرىياللارمۇ — قەدىمكى تۇرپاننىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدىن مەلۇمات بېرىدىغان مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەت - ۋەسىقىلىرىدىكى تۈرلۈك تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن، جەمئىيەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان گۇۋاھلىق بېرىش، مۆكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بەرسە، ئۆلچەم، (ئېغىرلىق، ئۇزۇنلۇق، ھەجىم) بىرلىكلىرىدىن، ئاتىلىۋاتقان ھەر خىل پۇل ناملىرىدىن پۇل - مۇئامىلە تۈزۈمىدىن يەنە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىدىن، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدىن، كىشى ئىسىملىرىدىن قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم قويۇش مەدەنىيىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۈرلۈك دىنىي - ئېتىقاد مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز تارىخىدا، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، تۆتېم ئېتىقادى، ئەجداتلارغا تېۋىنىش، شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا دىنى ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئېچىۋېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كىرگۈزگەن. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى قوبۇل قىلغان. تۈرلۈك ئېتىقاد مەدەنىيىتى، ئۇلار بەرپا قىلغان مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، ئىجادىي ئېتىقادلىرىدىن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، تۆتېم ئېتىقادى، شامان ئېتىقادىغا ئالاقىدار تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە «ئوغۇزنامە»، «ئىرق بىتىگ» كە ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئۆرپ - ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىغا ئالاقىدار مەدەنىيەتلەر «خۇئاستۇ ئانىفت»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تىگىن ھېكايىسى»،

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» قاتارلىق مەشھۇر ھېكايىلەردە، تام رەسىملىرىدە، تويى - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئادەتلىرىدە، تۇرمۇشىدا روشەن ئىپادىلەنىدى. مەسىلەن، قىز تويى قىلىپ، ئېغىر - ئاياغ بولۇپ يەڭگىگەندىن كېيىن ئۇ تۇرغان تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىگە قىزىل لاتىنى ئېسىپ قويۇش، تۇغۇت سوراپ كەلگەن مېھمان ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال ئىسرىق سېلىش، قىز تويىدا قىزنى ئوت ئۈستىدىن ئاتلىتىش قاتارلىق ئادەتلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئولتۇراق ئۆي، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. قۇرۇلۇشلارنىڭ چوڭ قۇۋۇقنى چوقۇم شەرققە - قۇياشقا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بۇنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر.

قوچو — ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى «ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدىغان، ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

مىلادىيە 9 - ئەسىردىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئالدى بىلەن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇردى. ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش - تەمىنلەش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتتى. شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى قوچو - ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ مال ئالماشتۇرۇش بازىرىغا جەلپ قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنىڭ بازىرىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش جانلىنىپ قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، ئىگىلىكى گۈللەندى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

تەبىئىيكى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدە كۈچلۈك ئىپادىلىنىپ ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بۇ خىل ئەھۋال قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل - يېزىق، بىلىم - مائارىپ، سەنئەت - رەسىم، ھەيكەلتاراشلىق، ناخشا - مۇزىكا، سىپتا نەقىشلەر، گۈل نۇسخىلىرى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، مەتبەئەچىلىك، كالىندارچىلىق، پەلسەپە، ئەدەبىيات، لوغەتچىلىك، تەرجىمىچىلىك، كىتابلارنى كۆچۈرۈپ ساقلاش، كۇتۇپخانىچىلىق، تارقىتىشتەك جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا كۆرۈلدى.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول، تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىۋېرسال بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تارىختا تۇرپان ۋە بەشبالىق شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىپ، ماددىي مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتتى. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلىم تۈرى كۆپ ھەم ئاكتىۋال بولۇپ، قەدىمكى تۇرپاننىڭ تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، پەلسەپە، ئېتىكا، فولكلور پەنلىرىنى، يېزا ئىگىلىك ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈرلۈك ئېتنوگرافىك بىلىملەرنى، كەشپىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلانغان شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

19 - ئەسىردىن باشلاپ ئېلىمىز ئالىملىرى ۋە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ

بېرىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار يۇقىرىقى قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە ئىلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرىنى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۆلىكىدە زور تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كېلىپ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىۋېرسال يېڭى پەن تۇرپانشۇناسلىق بارلىققا كەلدى. بۇ ئىلىمنىڭ ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇشىدا قەدىمكى قورىغار رايونىنىڭ بولۇپمۇ تۇرپان رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بەلگىلەنگەن.

قەدىمكى قوچو دەۋرىدە ھەم 9 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ئىدىقۇت دەۋرىدە قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ چوڭ تۈرى بويىچە مول مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى «يەر ئاستى مەدەنىيەت موزېيى» غا ئايلاندۇرغانىدى.

بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب، قەدىمكى مەرىپەت يولى دەپ ئاتالغان قاشتېشى يولى بىلەن بوستانلىق يولى — يىپەك يولى مانا مۇشۇ تۇرپاندىن كېسىپ ئۆتۈپ، تۇرپاندا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت، يىپەك يولى سودىسىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىقتىساد بازىسىنى تۇرغۇزغانىدى. بۇ ھەقتە گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس Klimkeyt - كلىمكېيت «يىپەك يولى» («شەرق بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا يولى ۋە مەدەنىيەت كۆۋرۈكى») دېگەن كىتابىدا: «ھاۋا، دېڭىز يوللىرى ئېچىلمىغان ۋاقىتلاردا ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ۋە دۇنيانىڭ شەرق - غەربىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» (قەدىمكى كارۋان يولى) شەكىللىنىپ دەل شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتكەن. تۇرپان شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان...» بۇ جايدا كلىمكېيت يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسى بىلەن باغلاپ، تۇرپاننى دۇنياۋى مەدەنىيەت كېسىشىش نۇقتىسى دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقارغان. بۇنىڭدىن كلىمكېيتنىڭ تۇرپاننىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بويىچە گۈللەنگەنلىكىنىڭ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئارقا كۆرۈنۈشىنى دەلىللەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىغا ئىگە بولۇشى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ ساھەلەرگە چېتىشلىق بولغان رەڭدار مەدەنىيەت بولغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

چۈنكى قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى غۇز - قۇس — قاڭقىل، ئىدىقۇت ناملىرى بىلەن ئاتالغان دەۋرلىرىدىن تارتىپ 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجتىھات بىلەن مېھنەت قىلىپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق ئۆي، شەھەر قۇرۇلۇشى، ھۈنەر - سەنئەت، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش، كانچىلىق، مېتالچىلىق، زەرگەرچىلىك، ساپالچىلىق، يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، بوياقچىلىق، ئەينەكچىلىك، تېبابەتچىلىك، قاتناش قورالى، كارىز، تۈگمەن مەدەنىيەتلىرىنى ياراتتى. يەنە تۈرلۈك ئىلغار تۈزۈم - ئادەت خاراكتېرلىك تۈزۈملەر، ئىدىقۇت، بەگ - تېگىنلەر، ئۆلىمالار، پۇقرالار ئەمەل قىلىدىغان ھەرىكەت ئۆلچەملەر، مۇراسىم ئادەتلىرى، يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق تۈزۈملىرى، لەشكىرى تۈزۈملەر، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئادەتلىرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى توختام، ئالاقە ئادەتلىرى، دەپنە ئادەتلىرى، ئاممىۋىي پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى ئادەتلەر، باج، پۇل - مۇئامىلە تۈزۈملىرىنى، ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇلاردىن باشقا روھىي مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ زېھنى كۈچ سەرپ قىلىپ، تىل - ئەدەبىيات، ئىلىم

ـ پەن، مائارىپ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، گۈزەل ـ سەنئەت، لوغەتچىلىك، كالىندارچىلىق، تەقۋىم، ھۆججەت ـ ۋەسىقە يېزىقچىلىقى، ھەيكەلتاراشلىق، بېزەكچىلىك، مەتبەئە ـ نەشرىياتچىلىق، رەسساملىق، قىيا تاش رەسىملىرى، مىڭئۆي رەسىملىرى، خۇش خەتچىلىك، ئەل كۈيلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، تۈرلۈك ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ـــ نازىركوم، مەشرەپ قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى.

مانا بۇ نەتىجىلەر قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى.

قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ـــ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەت.

تۇرپانشۇناس، ئالىم جى شيەنلىن «تۇخار تىلى ۋە نىيە تىلى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ بىر گۆھەر جاي ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. بۇنداق جاي جۇڭگودا بىر، دۇنيادىمۇ بىر، شىنجاڭنى نېمە ئۈچۈن گۆھەر جاي دەيمىز؟ دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى يۇناننىڭ ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ئۈچ چوڭ دۇنياۋىي مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. شىنجاڭ بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقا، قوشۇلغان جايى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار باشقا نۇرغۇن تىللار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدا تاپقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دىن جەھەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. دۇنيادىكى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دىنمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ».

بۇ پىكىرنى خۇلاسىلاپ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇق)» دېگەن كىتابتا: «جى شيەنلىن ئەپەندى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئۈچ خىل مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، ئۈچ چوڭ دىننىڭ شىنجاڭدا ئۇچرىشىشىنى زامان، ماكان شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىشتە تۇرپان ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان» دەپ كۆرسىتىلگەن.

تۇرپان ۋە بەشبالىقتىن تېپىلغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار، قەدىمكى قۇرۇلۇشلار، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن شۇ نەرسە بىلىنىدۇكى، قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۇيغۇر تۈركىي مەدەنىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش بىلەن ئۇنىڭدا شەرق، غەرب مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ يۇغۇرۇلغان ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى ئاتەشپەرەسلىك مەدەنىيىتى، زارا ئاستىر مەدەنىيىتى، مانى مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى ھەتتا خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان دىنى مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما ھەيران قالارلىقى شۇ يەردىكى، بۇ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى، قوچو ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ قوبۇل قىلىنغان ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ بېيىتقانىدى. بۇ خىل ئەھۋال مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلەنگەنىدى. بۇ ھەقتە رۇسىيە شەرقشۇناسى بارتولد: «ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان بۇ رايون قەدىمكى زامانلاردىلا غەربىي رايون قورىغار مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئىقلىم مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ ناھايىتى گۈللەنگەن جاي ئىدى. ئۇلار تۇرپانغا كېلىپ ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، غەربىي رايون تارىخىدىكى يېڭى بىر ۋەزىيەتنى بەرپا قىلدى.... شۇڭلاشقا ئۇلار غەربىي رايوننىڭ بۇ جايىدا ئەنە شۇنداق ھەر

خىل مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ئۆستۈرۈپ تېخىمۇ چېچەكلەتتى. شۇڭلاشقان بۇ جايدىكى بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ تەرەققىي قىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئارىلاش يېڭى مەدەنىيەت بولۇپ راۋاجلاندى» [1] دەپ كۆرسىتىپ، قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

دۇنيانىڭ شەرق تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى — يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى شىنجاڭ دېگەندە گېرمانىيىلىك كلىمكېيت يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭدىكى كېسىشىش نۇقتىسى تۇرپان دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادى بىلەن باغلاپ، تۇرپاننى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقارغان. بۇنىڭدىن كلىمكېيتنىڭ قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى كۆپ خىل بويىچە گۈللەنگەنلىكىنىڭ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۇقتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن قوچو - ئىدىقۇت ھاكىمىيەتلىرى تارىختا بولۇپمۇ مىلادىيە 9- ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن خانلىق ئىچىۋېتىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئۇنى ئىجابىي، ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرق مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ ئۇنى ئىجابىي قوبۇل قىلىپ، ئىجادىي ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار ھەر خىل دىن ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەركىن پائالىيەتلىرىگە يول قويۇپ، خۇراپاتلىق، قاتماللىق، مۇتەئەسسىپلىك قىلمىشلىرىغا يول قويمىدى، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى زامانغا ماس ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، ئۆتۈشى ۋە يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى، ئىقتىسادنىڭ يەنى يىپەك يولى سودىسىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئۆزەك قىلغان يېڭىچە مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن نادىر ھېكايىلەردىن «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ھېكايىلىرىنىڭ ۋەقەلىكى گەرچە ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن ياكى بۇددا نوملىرىدىكى ھېكايىلەردىن كەلسىمۇ، ئەمما بۇ ھېكايىلەر قوچو - ئىدىقۇت ئاپتورلىرى، تەرجىمانلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئىجادىي يوسۇندا يېزىپ چىقىلغان. مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ۋەقەلىك بايانى ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوبرازلىرىنىڭ خاراكتېر ۋە قىياپەت تەسۋىرلىرىنى ئۇيغۇر ھېكايىلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە بېرىلگەن. ھېكايىلەرنىڭ تىلى، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشىمۇ ھەم شۇنداق. ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىدىمۇ مۇشۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى كۆرۈلگەن. مانا بۇ مىساللار ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى دەلىللەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دەۋر ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن مىلادىيە 9- ئەسىردىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ۋە 9- ئەسىردىن كېيىنكى مەدەنىيەت دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە ،مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مەدەنىيەت دېگەن بولەككە ئايرىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار تارىخى ماتېرىياللار ۋە ئۆرپ-ئادەت مىراسلىرى، شۇنىڭدەك ھۆججەت-ۋەسىقىلەر

يازما يادىكارلىقلار (ئەدەبىي - ئەسەرلەر) غا ئاساسلانغاندا قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، غوز - قاڭقىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەم قوچو - ئىدىقۇت مەدەنىيەت - مىراسلىرىنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ بىر پۈتۈن قوچو - ئىدىقۇت مەدەنىيىتى دېگەن نام ئاستىدا ئۇمۇملاشتۇرۇلۇپ ئىلىمىزدە ۋە چەتئەللەردىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قوللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، قوچو - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىرى مول، تۈرى كۆپ، شەكلى رەڭگارەڭ، ماتېرىيال قىممىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى، تارىخى ئۇزۇن، ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئىقتىساد، تۇرمۇش بىلەن باغلانغان ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دىنىي - ئېتىقاد مەدەنىيەتلىرى، شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىجابىي ئىلغار تەرىپىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. مەزمۇن تېماتىكىسى بىلەن ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە قىلىنغان. ھەم ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى.
2. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق قاتارلىقلار: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى.
3. لى جىڭبې: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى.
5. م. سايىت، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى.
6. ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى.
7. لىكوك: « قوچو » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى (خەنزۇچە) نەشرى.
8. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 1 - كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىل نەشرى.
9. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىل نەشرى.
10. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.
11. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق: « قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىغا نەزەر»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 - يىل 2 - سان
12. «مەدەنىيەتشۇناسلىق» شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى كۇتۇپخانىچىلىقى

مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان

كۇتۇپخانا ـ ئىنسانىيەت، مەدىنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە، شۇنداقلا ئىلىم ـ پەن دۇردانىلىرى مەركەزلەشكەن بىلىم خەزىنىسى، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بەخت ـ سائادىتىنى يارىتىشىدا، زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە قەدەم قويۇشىدا، مىليۇنلىغان كەشپىيات ـ ئىجادىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىدا ئەنە شۇ كۇتۇپخانىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن.

كۇتۇپخانا ـ مىللەت، دىن، ئىرىق، جىنىس ۋە دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىمايدۇ، ئۇ پەن ـ تېخنىكا، كەشپىيات ۋە ئالەمنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قادىر بولالايدىغان جاسارەتلىك، چىداملىق كىشىلەرگە ھېكمەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ھەدىيە قىلىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن كىتاب ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى، دىللارنى يورۇتقۇچى مەشئەل دېيىلسە، كۇتۇپخانا ئەنە شۇنداق كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت ۋە ھەرخىل ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ، ساقلاپ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىلىم بېرىدىغان خەزىنىسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلدى.

كۇتۇپخانا تارىخىدىن سۆز ئاچقاندا، دۇنيادا تۇنجى كۇتۇپخانىنىڭ مىسىردا ئەڭ دەسلەپ ئاپىرىدە بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. قەدىمكى مىسىرلىقلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1237 ـ 1307 ـ يىللىرىدىكى فىرئەۋن دەۋرىنىڭ لامشېس ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى كۇتۇپخانىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىكەن. شۇ چاغدا مىسىر كۇتۇپخانىسى مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىغا ئوخشاشلا ناھايىتى مەشھۇر سانالغان .گرېك مەدەنىيىتى دەۋرىگە كەلگەندە ئىسكەندىرىيە كۇتۇپخانىسى گرېتسىيىنىڭ جۇملىدىن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. ئەرەب ئىسلام گۈللىنىش دەۋرلىرىدە قاھىرەنىڭ دىنىي كۇتۇپخانىلىرى دۇنياۋىي ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىشنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى.

دىيارىمىزدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە بۇددىزم نوم ـ سوترالىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئوردا ـ قەسىر ۋە مىڭئۆي ـ ئىبادەتخانىلاردا مەخسۇس نوم ساقلاش خانىلىرى (يەنى ئىپتىدائى كۇتۇپخانا) نى تەسىس قىلىپ بۇددىزم ـ نوم سوترالىرنى شۇجايدا ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ پايدىلىنىپ كەلگەن. ئارخېئولوگلار شىنجاڭدىكى قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم، بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىن مەخسۇس ياسالغان ئىبادەتخانا، دەرىسخانا، ئېتكاپخانا ۋە نوم ـ سوترا ساقلاش خانىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇددىزمغا دائىر خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوردا ـ سارايلار ۋە ئەڭ يۇقىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلانغان مىڭئۆيلەر نوپ ـ سۇترا ساقلاش خانىلىرى يەنە بۇددىزم دەۋرىنىڭ كۇتۇپخانىسى قىلىپ مەخسۇس لايىھىلەپ ياسالغان ۋە كىتاب تىزىش جاھازلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، نوم كىتاپلار جاھازىسى ئۈستىگە شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئېسىل رەختلىرىدىن سېلىنىپ ئاندىن رەخت ئۈستىگە نوم ـ سوترا، كىتاب دەستۇرلار تۈرگە ئايرىلىپ رەتلىك تىزىلغان، بۇددىزم

دەۋردىكى كۇتۇپخانا ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ مۇھىم ۋە ئالاھىدە قوغدىلىدىغان مۇقەددەس جاي دەپ قارالغاچقا، مەخسۇس ئادەم قارىغان ۋە باشقۇرغان، راھىبلار قايسى نوم-سۇتراغا ئېھتىياجلىق بولسا ئۇنى كۇتۇپخانىنى باشقۇرغۇچىغا ئېيتقان ۋە باشقۇرغۇچى كىشى (يەنى شۇ زاماننىڭ كۇتۇپخانا خادىمى) نىڭ ئارىيەت ئېلىش، بېرىش قائىدىسى بويىچە بېرىش-ئېلىش ئىشلىرى بىجىرىلگەن. شۇ ئارقىلىق نوم-سوترا ۋە كىتاپ دەستۇرلارنىڭ يوقاپ كېتىش، يىرتىلىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ساقلاش، ئارىيەت بېرىش ۋە قايتۇرۇۋېلىش،ئىشلىرى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلغان. بۇددىزمنىڭ ئىنسان بەدىنى، ئىنسان قەلبى، ئىنسان ئېغىزى قەتئىي پاك بولۇشتەك قاتتىق تەلىپى بويىچە ھەتتا نوم-سوترالارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇماقچى بولغان راھىبلار چوقۇم بويىنى سۇغا سېلىپ يۇيۇنۇپ پاكلىنىپ ئاندىن ئۇنى قولغا ئېلىپ ئوقۇشنى شەرت قىلغان. مىڭئۆي-ئىبادەتخانىلاردىكى كۇتۇپخانا، قىرائەتخانىلاردا ساقلىنىدىغان نوم-بىتىگ، سۇترا-دەستۇرلار ئىنتايىن ئاۋايلىنىپ، قەدىرلىنىپ ساقلانغان. ئۇنىڭغا تىل تەككۈزۈش ۋە پاكلانماي تۇرۇپ قولغا ئېلىش ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ھېساپلانغان. مانا بۇلار دىيارىمىزنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئېپتىدائى كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقى ۋە پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى.

ئۆز دەۋردە بۇددىزمنىڭ مۇقەددەس قارارگاھى ھېساپلانغان مىڭئۆيلەر شۇ زاماننىڭ بىلىم يۇرتلىرى-بەلكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئىدى.بۇ مىڭئۆيلەردە نەچچە مىڭلاپ راھىبلار، مۇدەررىس ئاچارى-ئۇستازلار، نەچچە ئونلاپ تەرجىمە تەپسىرچىلەر ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. بولۇپمۇ تەرجىمەشۇناسلار ھىندىستاندىن ئېلىپ كىرىلگەن سانسكرىت يېزىقىدىكى نوم-سۇترالارنى تەرجىمە قىلىش ئىزاھلاش بىلەن مەشغۇل بولسا، نۇرغۇنلىغان خەتتاتلار ئۇنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقاتتى، ئەينى ۋاقىتتا بۇددا سۇترا-دەستۇرلىرىغا ھەرخىل مەزمۇندىكى نوم-بىتىگلەرگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا نۇرغۇن تەرجىمشۇناسلار بىلەن ئاچارى-ئۇستازلار ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى، بۇھال كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلاردا ساقلىنىدىغان ھەرخىل مەزمۇندىكى بۇددىزم ئەسەرلىرىنى زور دەرىجىدە موللاشتۇرغان ۋە خىلمۇ خىللاشتۇرغان. نەتىجىدە ھەربىر مۇڭئۆيدە بىر قانچە كىتاپ ساقلاش خانىلىرى (يەنى كۇتۇپخانىلار) مەخسۇس تەسىس قىلىنىپ، بۇددىزم ئەسەرلىرى تۈرلەرگە ئايرىلىپ ئەتۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان بولغان.

بۇددا دىنى دۇنيادا ئەڭ مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ۋە سېستىمىلىق، مەزمۇنغا باي سۇنئىي دىنلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئۆزى ئېيتقان گەپ-سۆز،ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان سۇترالار، بۇ سۆزنىڭ شەرھى -تەپسىرى بولغان ئابىدارما ياكى شاستىرالار،بۇددا ئەۋلىيانىڭ خەلققە ياخشىلىق قىلىش يولىدا بىر ئۆمۈر چەككەن ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى بايان قىلىنىدىغان يارالمىش قىسسىلىرى (جاتاكا)، بۇددا راھىپلىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمىر-مەرۇپ قائىدە-يوسۇن قاتارلىقلارنى ئۆز-ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەقىقى تەقۋادار ۋە ئىخلاسمەن بۇددا مۇرتى بولۇشقا بەل باغلىغان ئادەم چوقۇم يۇقىرىدىكى نوم-سۇترا ئەقىدە-مەرۇپلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ئۆگىنىش مۇتالىئە- تەھسىل قىلىش پەرھىز ھېسابلانغان. تارىخ-ماتېرىيالى بىلەن ئارخېئولوگىيلىك ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇددا-نوم سۇترالىرى دەسلەپكى چاغلاردا دەرەخ قوۋزاقلىرى، يوپۇرماقلىرى، تاش ۋە مېتال بۇيۇملارغا يېزىلغان، ئەڭ دەسلەپتە دىيارىمىزغا كەلتۈرۈلگەنلىرىمۇ شۇخىل شەكىلدىكى نوم-سوترالار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز-كام 2000 يىللىق تارىخنى باشتىن

كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى داۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى بار، قەدىمكى تارىملىقلار نوم-سوتراللىرىدىن پايدىلانغاندا ئۇلاردىن بىر قېتىمدىلا ئەمەس بەلكى تەكرار-تەكرار، شۇنداقلا ئەۋلاتمۇ ئەۋلاتقا، زاماندىن-زامانغىچە كۇتۇپخانا-قىرائەتخانىلاردا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ، پايدىلىنىپ ۋە مەنىۋى-نەپكە ئېرىشىپ كەلگەن. بۇنىڭدا كۇتۇپخانا-قىرائەتخانىلارنىڭ رولى مۆلچەرلىگۈسىز زور بولغان. بولۇپمۇ مىلادىيە 5-6-ئەسىرلەردە دىيارىمىزدا قەغەزنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى، بۇددىزىم ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ كۇتۇپخانىلارنىڭ ساقلاش زاپىسى ئېشىپ، تۈرى كۆپىيىپ بارغان. مەسىلەن، قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم بېزەكلىك مىڭئۆيلەردىكى كۇتۇپخانا يەنى نوم-سۇترا ساقلاش خانىلىرىدىن تېپىلغان باغلام-باغلام نوم-سوتراالاردىن يازمىلار، كىتاب تىزغان ياغاچ جاھازلار، تامغا ياسالغان كىتاب قويۇش ئويۇقلىرى قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

قەدىمكى كۇسەن خانلىقى تەۋەسىدىكى توغراقدەك قىزىل، تېتى توغراقىيلان، دۇلدۇلئوقۇر، قۇمتۇرا، قىزىل قاغا، سىمسىم، مازار باغ، كىرىش قاتارلىق مىڭئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە نوم ساقلاش مەخسۇس خانىلىرى يەنى كۇتۇپخانىلار قىلىنغانلىقىنى ستەيىن، لىكوك، گرۇنۋېدېل، بارتوس، پېللئوت قاتارلىق چەتئەل ئارخېئولوگلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى. چۈنكى ئۇلار مىڭئۆيلەردىكى كۇتۇپخانىلار سانسكرىت يېزىقى، براھمى يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، توخرى يېزىقى، ئۇدۇن ساك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل تىل-يېزىقلاردا نەچچە يۈز ساندۇق، كىتاب ۋە رەسىملەرنى دەل مۇشۇ مىڭئۆيلەردىكى كۇتۇپخانا - قىرائەتخانىلاردىن ئېلىپ-چىقىپ كېتىشكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، دىيارىمىزدا قوللىنىلغان يېزىقلار ئىچىدە كاروشتى يېزىقى، براھمى يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قوللىنىلغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخي جەرياندا ئەجدادلار ھەرخىل كىتاب، ماتېرىيال، ھۆججەت ۋە رەسىملەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ھەم ئۇلارنى كۇتۇپخانىلاردا ساقلاپ ئۇنىڭدىن قىممەتلىك ماددى ۋە مەنىۋى يازما مىراس-يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەجدادلىرىمىز مانا شۇ ئىپتىدائى كۇتۇپخانىلىرى ئارقىلىق ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا، زاماندىن-زامانغىچە كۆڭۈل قويۇپ ساقلاپ پايدىلىنىپ كەلگەن نەچچە مىڭ باغلام كىتاب-ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولسا، ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى دىيارىمىزدىكى ھەر قايسى مۇزېيلار بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئەزەلدىن كىتاب خۇمار، ئىلىمسۆيەر، تەرەققىيپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ كىتاب-دەستۇر، ھۆججەت-ۋەسىقىلەرنى ئاگلىق رەۋىشتە ئەتىۋارلاپ كۆچۈرۈش، يېزىش، ساقلاشقا ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى زامان شارائىتىدا بۇددا مىڭئۆي - ئىبادەتخانىلىرى پەقەت ئېتىقاد، تېۋىنىش سورۇنى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئىلىم-ھېكمەت دەرگاھى-كۇتۇپخانىلىق ۋە مەكتەپلىك رولىنىمۇ ئوينىغان. دىيارىمىز ئاھالىلىرى مەيلى سانسكرىت يېزىقى، براھمي يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى بولسۇن، مەيلى يەرلىك تىل يېزىق-توخرى يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولسۇن، ئومۇمەن مىڭئۆي-ئىبادەتخانىلاردىن ئىبارەت مۇشۇ دىنىي مەكتەپتە ساۋات چىقارغان، بىلىم-ھېكمەت ئىگىلىگەن، بۇ جايدىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ

رولىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. خۇددى بۈيۈك بۇددا ئالىمى، تەرجىمە شەرھىي ئۇستازى، داڭلىق نوم تەپسىرچىسى كۇمراجىۋادەك مىڭلارچە ئالىم-ئەدىب ئۇستاز-ئۆلىمالار يۇقىرىقىدەك بۇددىزم مائارىپ شارائىتىدا ئوقۇپ ساۋادلىق بولۇپ كۇتۇپخانىنىڭ بىلىم خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ كاتتا شۆھرەت قازانغان ئىدى. ئۇلار ئۆز زامانىسىدىكى كۇتۇپخانىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلگەن، كۇتۇپخانىدىن پايدىلانغان، كۇتۇپخانىدىكى ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان نەچچە مىڭ پارچە كىتاپ-دەستۇرلاردىن مول ئوزۇق ئېلىپ ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرگەنلىكى بىر تارىخي ھەقىقەت. شۇنداق بىر ئۇقۇم ناھايىتى ئېنىقكى، مەيلى بۇددىزم دەۋرىدىكى كۇتۇپخانا بولسۇن، ياكى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى كۇتۇپخانا بولسۇن، ھامان كۇتۇپخانا جۇغلانمىسى (ساقلىنىۋاتقان كىتاپ-دەستۇرە، ھۆججەت ۋەسىقە) لار بولىدىكەن ئۇ قايسى دەۋر ياكى قايسى زاماندا بولىشىدىن قەتئىنەزەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ھەرخىل تىل-يېزىقتىكى كىتاپ، دەستۇرە، ھۆججەت ۋەسىقىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بىلىم بايلىقى مەنبەسى ھەم ئۇچۇر-ئاخبارات (ئىنفورماتسىيە) مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلا جۇغلانما ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن ئۇزۇن زامانلار مۇقىم ساقلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ دەۋرمۇ دەۋر ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد جۇغلىنىپ، كۆپىيىپ، مۇكەممەللىشىپ ھەقىقىي ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىلىم-ھېكمەت خەزىنىسى، ئىلىم-پەن تارقىتىش ئامبىرىغا ئايلانغان، ھەمدە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى دەپ قارالغان. بۇددىزم دەۋرىدىكى مىڭئۆي-ئىبادەتخانا كۇتۇپخانىلاردىكى نەچچە مىڭ پارچە نوم-سۇترالار بىلەن دەستۇر - كالاملار ئەسىرلەردىن بۇيان تەكرار-تەكرار پايدىلىنىلغان، شۇنىڭدەك ئومۇمىي بىلىم بايلىقى ئورنىدا ھەرخىل كەسىپتىكى ئوقۇرمەنلەر ئورتاق بەھرىمان بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مىلادىيە 10-ئەسىردىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنى پەن-مائارىپىغا سەھنە بوشىتىشقا مەجبۇرلاندى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئورقۇن ئۇيغۇرخانلىقى مىلادىيە 840-يىلى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزالار ئۈستىگە قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى سەۋەبلىك يىمىرىلدى. قالغان ئۇيغۇرلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچىدۇ. «ئۈچىنچى قىسىم ئۇيغۇرلار، يەنى سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار غەربكە تۇرپانغا كۆچۈپ بارىدۇ»[1]. «مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرپان، كۇچار ۋادىلىرىدا ئۆتكەن قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىمىز تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار كەمرەك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ رايوننىڭ شۇ چاغدىكى تارىخى بىلەن تولۇق تونۇشىشىمىز ئۈچۈن زور قىيىنچىلىق تۇغۇلدى»[2].

دەرۋەقە، تەخمىنەن 400 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن، ئېلىمىز ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق مەدەنىيەتنى ياراتقان قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە ئەينى دەۋردە ئىنچىكىلىكقا ئىگە بولغان بىرەر ئىلمىي ۋە تارىخىي ماتېرىيال دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن بولغاچقا، شۇ دەۋر مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇشتا بەلگىلىك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. شۇنداق بولسىمۇ، قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئالىملار، ئەينى دەۋردىن قالغان مىڭئۆي تام رەسىملىرى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ئېلىمىز ئەدىپلىرى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ماتېرىياللار ئاساسىدا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇنىڭلىق بىلەن قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تولۇق يورۇتۇپ بېرىلدى، دەپ ئېيتالمايمىز. يەنە نۇرغۇن ئەمگەكلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۈستىدە توختىلىۋاتقان قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەجەرىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش، مىلادىيە 848-يىلدىن 1250-يىلىغا قەدەر 400 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ سانى ۋە ناملىرىدا خېلى پەرقلەر بار. سېلىشتۇرمىغىچە پەرقنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئۆزۈم كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغان ماتېرىياللاردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ شەجەرىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا تۆۋەندىكىچە بېرىلگەن:

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى




بۇ ماتېرىيالنىڭ تولۇقلانمىسىدا تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن: 玉古仑赤 ‹ئۈگرۈنچ›، 怯失迈失 ‹كەسمەس›، 撒仑的 ‹سالىندى›، 纽林 ‹نۈلىن›، 察钦台 ‹قىپچاقتاي› دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەم 雪雪的斤 ‹سۆكسۆ تىگىن›، 朵儿的斤 ‹دور تىگىن›، 月鲁帖木儿 ‹يۆلۈ تەمۇر›، 不答失里 ‹بۇ تاشىدى›، 和赏 ‹خارشاڭ› لار ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى قىلىپ كۆرسىتىلگەن③.

«مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار-ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە دېيىلگەن:

مەنبەلەردە ئارسلان خاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى كۆرسىتىلمەيدۇ، ئەمما، بۇ ئادەمنىڭ 981-984-يىللىرى ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى بەك ئېنىق، دەل شۇ يىللاردا، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى كەلگەنىدى.

بىلگە (ئېھتىمال، ئۇ ئۇنىۋان بولۇشىمۇ مۇمكىن) 1121-يىلى ھۆكۈم سۈرگەن. شۇ يىلى خىتانلار خانى يوللىغ تاشىن ئۇنىڭدىن ۋاسساللىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، بۇ تەلەپ شۇ چاغدا قوبۇل قىلىنغان ئىكەن.

ئىلىك قادىر، ئۇنىڭ سەلتەنەت يىللىرى نامەلۇم.

باۋۇرچۇق (巴而术 بارچۇق)، 1209-يىللىرى يۇرت سوراپ تۇرغان. دەل شۇ چاغدا خىتانلارنىڭ قارا خوجىدا تۇرۇشلۇق نائىبى ئۆلتۈرۈلگەن. ئىدىقۇت چىڭگىزخانغا ۋاسساللىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سالىندى (萨仑概)، 1250-يىلى

مۆڭكەخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۆكۈنچى (术古伦赤的斤) سالىندىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، سالىندىدىن كېيىن يۇرت سوراپ تۇرغان. كىشمايىن (怯石迈因) قىسمىش)، ئۇنىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان ۋاقتى نامەلۇم.

نۇيلىنجىن (纽林的斤) يۇلىن تېگىن)، 1312 ـ 1323 ـ يىللىرى يۇرت سورىغان④

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» دا تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

**ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى 回鹘诸亦都护系谱**

| | |
|---|---|
| 1. 庞特勤 (公元) (850 — 866) | 1. پان تېكىن (مەڭلىك تېكىن) |
| 2. 卜骨特勤 (公元) (866 — 871) | 2. بۆكۈتېكىن |
| 3. 颉度明汗 (940 — 948) | 3. ئىردىمىنخان (تىر تېمۇرخان) |
| 4. 阿厮兰汗 (948 — 985) | 4. ئارسلانخان |
| 5. 毗里伽的斤 (1126 —?) | 5. بىلگە تېكىن |
| 6. [illegible] | 6. تېمىن تۆمۈر [illegible] |
| 7. 巴尔术阿而忒的斤 (1208 — 1235) | 7. بارچۇق ئارت تېكىن |
| 8. 怯失迈因 (1235 — 1245) | 8. قىسمايىن |
| 9. 萨伦的斤 (1246 — 1255) | 9. سالۇن تېكىن |
| 10. 玉古伦亦的斤 (1255 — 1265) | 10. ئۈنرۈنچ تېكىن |
| 11. 马木拉剌的斤 (1265 — 1266) | 11. مامۇراق تېكىن |
| 12. 火赤哈儿的斤 (1266 — 1276) | 12. قوچىغار تېكىن |
| 13. 纽林的斤 (1276 — 1318) | 13. نولىن تېكىن |
| 14. 贴木儿补花 (1318 — 1327) | 14. تۆمۈر بۇقا |
| 15. 籛吉的斤 (1327 — 1331) | 15. مەڭگى تېكىن |
| 16. 太平奴 (1331 — 1335) | 16. تايپان |

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

ياغلا قاغان 971 ـ يىلى خوتەنلىك.

چوغاي 1020 ـ يىلى كۇچالىق.

بىلگە قاغان 1241 ـ يىلى تۇرپانلىق.

بارچۇق ئارت تېكىن 1209 ـ يىلى تۇرپانلىق.

تاشمايىن ئىدىقۇت (بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى)

سالىندى تېكىن 1252 ـ يىلى تۇرپانلىق

ئۆگىنچى تېكىن (سالىندىنىڭ ئوغلى)

مامۇل تېكىن (1258 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى) ⑥ .

«ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە ئېلىنغان.

1 . پان تېكىن : 856 ــــ 873 : ( جەمئىي 17 يىل ) [8] .

2 . پان تېكىننىڭ ئوغلى بولغان بۇقۇقاغان .

3 . بىلگە بايىنچۇر قادىر خان .

4 . ئاقخاج ئوغۇلچاق قادىر خان [3] بۇ ئۈچ خان ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقىت : 873 ــــ 940 ( جەمئىي 67 يىل ) .

5 . كۈن ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ـ ئورنانمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىلتۇتمىش ئالىپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان ( 940 ـ 948 )

6 . ئىدىقۇت كۈن ئاي تەڭرىدە كۈسۈنچىغ كۆرتلې يارۇق تەڭرى بۆگۈ تەڭرىكەن .

7 . ئارسلان خان ( 948 ؟ ـ 990 ؟ )

8 . ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ( ؟ ــــ 1235 ـ ) [5]

9 . بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى ( ئۆگرۈنچ ــــ 仑赤 玉古 ) ( 1235 ؟ ــــ 1245 ؟ ـــ = 10 ؟ )

10 . بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ( سالىند ــــ 撒仑的 ) (1245 ؟ ــــ 1255 ؟ ــــ = 10 ؟ )

11 . بارچۇق ئارت تېكىننىڭ كىچىك ئوغلى چۆنەمەس ( 矢迈矢去卜 [6] ) ( 1255 ؟ ــــ 1260 ؟ ــــ يىللار = 5 يىل ؟ ) [7] .

يۇقىرىقى خان ئىسىملىرى تۈركىيىلىك تارىخچى يىلماز ئۆزتۇنانىڭ « بۈيۈك تۈركىيە تارىخى » ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى . بۇنىڭ داۋامى قاھار بارات ، لىيۇ يىڭشېڭلار بىرلىكتە ئېلان قىلغان « ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆمۈر مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات » ناملىق ماقالىدىن [4] پايدىلىنىپ تۈزۈلدى .

12 . ئىدىقۇت ئۆگرەنچىنىڭ ئوغلى مامۇراق ( يىلى مەلۇم ئەمەس ) .

13 . قوجغار تېكىن ( ... ... ... )

14 . سۆكسۆ ( ... ... ... )

15 . نۆلىن ( ... ... ... )

16 . تەمۈر بۇقا ( ... ... ... )

17 . سەڭگى ( ... ... ... )

18 . ئاپىنو ( ... ... ... )

19 . يۆلۈ تەمۈر ( بۇ خاننىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ، تەختتە ئولتۇرغان يىل ۋاقتى نامەلۇم ) .

20 . ساڭگې ( ... ... ... )

21 . بۇ تاشرى ( ... ... ... )

22 . خارشاڭ ( ... ... ... )

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىدىن قولىمىزدا بار ماتېرىيالغا ئاساسەن ، يۇقىرىقى 22 نەپەر خاننىڭ ئىسمىنى كۆرسەتتۇق .

تۇرلـۇك نەسەبنامـىسى بېـرىلگەن. ئـۇلار تۆۋەندىكىچە:







«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە ئېلىنغان:

## قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئىدىقۇتىنىڭ تەسەبنامىسى




بىز «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئىدىقۇتىنىڭ نەسەبنامىسى» غا قارىساق، ئۇنىڭدا، بارچۇق ئارت تېكىندىن ئىلگىرى ئۆتكەن، يەنى ئورقۇن ئۇيغۇرخانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، سان جەھەتتىن كۆپرەك بولغان ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تۇرپان بوستانلىقىغا كەلگەن ئاقساقال پان تېكىنگە قەدەر كۆرسىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. تۆۋەندە باشقا ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نەسەبنامىلىرى» گە قارا باقايلى:

«غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن:

元初阿跌朝亦都护家族世系表



«ئۇيغـۇرلار ھەققىــدە تەتقىقــات» نــاملىق كىتابتا تۆۋەندىكىچە كۆرستىلگەن:




«جۇڭگو تۈركولوگىيــسى» نـاملىق كىتابتـا تۆۋەندىكىچە كۆرستىلگەن:




يــۇقىرىقىلاردىن باشــقا، يەنە ئــابلەت ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتـالغۇلىرى سىلىشتۇرمىسى»
نــۇردۇن قاتــارلىق تــۈزگەن «خەنــزۇچە- ناملىق كىتابتا «قوچو ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ

نەسەبنامىسى - (سەرگەردانلىق باسقۇچى) دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق سەردارى پانتېكىن» نامى بىلەن باشلانغان نەسەبنامە بىلەن «موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» نامى بىلەن نەسەبنامىلەر بېرىلگەن (يۇقىرىدا مەزكۇر كىتابتىن ئېلىنغان «ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» نامى بىلەن بىر نەسەبنامىمۇ بېرىلگەن). بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان نەسەبنامىلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىدىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:







يۇقىرىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەن ئىدىقۇتلارنىڭ نەسەبنامىسى» ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ھەمدە ئۇلار تۈرگۈزغان شەجەرە- نەسەبنامىلەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ شەجەرە- نەسەبنامىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەن ئىدىقۇتلارنىڭ سانىدا، ئىسىم-نامىلىرىدا ۋە يىللىرىدا ناھايىتى زور پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئالالايمىز. مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بىراق، بۇنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارنىڭ كىتابىدىن كۆچۈرۈپ قويۇپتۇغۇ دېگۈچىلەرنىمۇ چىقمايدۇ، - دېگىلى بولمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، سېلىشتۇرمىغىچە پەرقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سېلىشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەجەرە-نەسەبنامىلەردىكى ئادەم ئىسىملىرىنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان بولساق بەكمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە «太平奴» دېيىلىدىغان ئىدىقۇتنىڭ ھەرقايسى شەجەرە-نەسەبنامىلەردە قانداق ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلىدىكى شەجەرىدە

تايپىنو

2. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

يوق

3. «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

تايپان

4. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

يوق

5. «ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

تايپىنو

6. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدىكى شەجەرىدە

تايپىنو

7. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

تېۋنور

8. «جۇڭگو تۈركولوگىيىسى» ناملىق كىتابتىكى شەجەرىدە

تەيپىڭنۇ

بىز يۇقىرىدىكى شەجەرە-نەسەبنامىلەردىكى پەقەت «太平奴» غىلا قارايدىغان بولساق، بەزى شەجەرە-نەسەبنامىلەردە بۇ ئىسىمنىڭ يوقلۇقىنى بايقايمىز. بار بولغانلىرىدىمۇ ئورۇن تەرتىپىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەمدە ھەرخىل ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مۇشۇنىڭدىن قارىغىنىمىزدا، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەجەرە-نەسەبنامىسى» نى ئىنچىكىلىك بىلەن تۇرغۇزۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى شەجەرە-نەسەبنامىلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەسىرى زور ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىراق، ئاۋام خەلق ئىچىدە تەسىرى بىرقەدەر زور بولغىنى خەنزۇچە «太平奴» دېيىلىۋاتقان ئادەم بولسا كېرەك.

تەيپىنۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئادەت سۆزىگە ئايلىنىپ قالغان «تەيپىنەم» دېگەن سۆز ئادەتتە يۈز يىل ۋە نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ۋەقە، ھادىسە، نەرسە-كېرەكلەرگە مىسال قىلىنىدۇ، مەسىلەن، «تەيپىنەم ۋاقتىدىن قالغان نەرسە»، «تەيپىنەم ۋاقتىدىكى ئىشلار» قاتارلىقلار. بۇ «ۋاقتى ناھايىتىمۇ ئۇزاق بولغان ۋەقە»، «ناھايىتىمۇ قەدىمىي نەرسە» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇلاردىن قارىغىنىمىزدا خەنزۇچە «太平奴» دېيىلىۋاتقان ئىدىقۇتنىڭ تەسىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ «تەيپىنەم» ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

### ئىزاھاتلار:

① ئا.ۋ. گابائىن: «قارا قوچو ئۇيغۇرخانلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1980-يىللىق 3-سان، 52-بەت.

② ئا.ۋ. گابائىننىڭ «قارا قوچو ئۇيغۇرخانلىقى» ناملىق ماقالىسىغا يېزىلغان تەھرىر ئىلاۋىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1980-يىللىق 3-سان، 43-بەت.

③ قاھار بارات، ليۇ يىڭشىڭ: «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىغى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى. 1985-يىللىق 1-سان 122-، 123-بەتلەر.

④ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 3-ئاي 1-نەشرى، 237-، 238-بەتلەر.

⑤ ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم: «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى 2-ئاي نەشرى، 879-، 880-بەتلەر.

⑥ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى 11-ئاي نەشرى.

⑦ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى، 1998-يىلى 12-ئاي 1-باسمىسى، 47-، 48-بەتلەر.

⑧ ⑨ چيەن بوچۈەن: «ئىدىقۇت قوچوخانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە تېكىستى ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقات»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2005-يىللىق 2-سان، 39-، 40-بەتلەر.

⑩ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى، 1990-يىلى 5-ئاي 1-باسمىسى، 159-بەت.

⑪ ئابې تاكېئو (ياپونىيە) : «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1985-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى، 1986-يىلى 2-ئاي 1-باسمىسى، 437-بەت.

⑫ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات»، جېڭجۇڭ نەشرىياتى، 173-بەت.

⑬ «جۇڭگو تۈركىيلوگىيىسى»، (تۈركچە) ناملىق كىتابنىڭ 28-بېتىدىن ئېلىندى.

⑭ ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم: «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى 2-ئاي نەشرى، 894-، 897-بەتلەر.

(ئاپتورى: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

گېڭ شىمىن

# فرانسىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق

تەرجىمان: ھەبىبۇللا خەلىلۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: فرانسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تاكى 16-ئەسىرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. 19-ئەسىردىن بۇيانقى تەتقىقات ساھەسىنى پۈتكۈل تۈركشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا چېتىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەردە جېئان دېنىي (J. Deny)، لوئىس بازىن (L. Bazin) ۋە جامىس خامىلتون (J. Hamilton) قاتارلىق ئۈچ فرانسىيىلىك ئالىمنىڭ تۈركشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇرناسلىق، دېنىي، بازىن، خامىلتون

فرانسىيەدىكى تۈركشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە. فرانسىيەدىكى ئەڭ دەسلەپكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تاكى 16-ئەسىرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن لۇئى XIV (1638-1715) تەختكە ئولتۇرغان ۋە «ياشلار تىلشۇناسلىق ئېقىمى» پەيدا بولغان مەزگىلدە، فرانسىيەدە ئاندىن تۇنجى تۈركۈمدىكى تۈركىي تىلىنى ھەقىقىي پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر بارلىققا كەلدى. 19-ئەسىردىن ئىلگىرىكى فرانسىيە تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسلىقى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىكى تۈركىي تىلى ۋە ئۇنى قوللىنىش قاتارلىق تەتقىقاتلار بىلەنلا چەكلىنەتتى. 1820-يىلى فرانسىيىلىك داڭلىق شەرقشۇناس رېمۇسات - (Abel Remusat) ئۆزىنىڭ «تاتار تىلى تەتقىقاتى - مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت تىللىرى گراماتىكىسى ۋە ۋەسىقىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (Recherches Sur langues tatars. Ou Memoires Sur differens points de la grammaire et la literature des Mandchous , des Mongols, des Ouigurs et Tibetains, I. paris) دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلدى. شۇ يىلى پارىژدا ئولتۇراقلاشقان ئالىم كلاپلون (K. Klaploth) ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى تەتقىقاتى» (Abhandlung ueber die sprache und der uiguren) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ كىتابىدا پارىژدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆت تەرجىمە مەھكىمىسىنىڭ «قوچو مەھكىمىسى تەرجىمە تىلى سۆزلىكى» ۋە «قوچو-ئىدىقۇت مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەكتۇپلار» قاتارلىق كىتابلىرىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلدى. بۇ كىتاب تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى (1985-يىلى پروفېسسور[1] W. sharlipp تەرىپىدىن كىرىش سۆزى يېزىلىپ، قايتا نەشر قىلىندى) نى يوقاتماي كەلمەكتە. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پائۇئېت دې كۇئۇر تېيللې (pauet de courteille) كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى فرانسىيەدە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىر كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يەنى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس. ئۇ ئەلشر

ناۋايى (Alisher Nawayi) قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شائىر، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

1890 - يىلى دۇترۇيلس دې رىنس (Dutruils de Rhins) بىلەن گرېنارد (F. Grenard) باشچىلىقىدىكى فرانسىيە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. كېيىن گرېنارد تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» (1 - توم: ئارخېئولوگىيە، 2 - توم: ئەدەبىيات [بىر قىسىم داڭلىق ئۇيغۇر خەلق ھېكايە - شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ]، 3 - توم: تارىخ) دېگەن كىتاب تا بۈگۈنگىچە پايدىلىنىش قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئالىملار ياراتقان غەربىي يۇرتنى تەتقىق قىلىش ئەنئەنىسىگە كېيىن فرانسىيىلىك داڭلىق خەنزۇشۇناس، موڭغۇلشۇناس، تۇرپانشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس پېللىئوت ( paul pelliot) ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ 1906 - 1909 يىللىرى شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ خەنزۇشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى (1931 - يىلى) ئۇ فرانسىيە ستروئېن (citroen) ئاپتوموبىل زاۋۇتى شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى قىلغان «ئېگىزلىكتىكى ئاسىيا» ( la Haute Asie شۇ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان) دېگەن دوكلاتىدا شىنجاڭنىڭ 2000 يىللىق تارىخىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەر تا بۈگۈنگىچە پايدىلىنىش قىممىتى (بۇ دوكلاتنى مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقاتلىرى ئورنى نەشر قىلدۇرغان «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلىرى توپلىمى، 6 - قىسىم، 1978 - يىلى» دېگەن كىتابتا خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدىم) نى يوقاتماي كەلمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ داڭلىق قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ۋەسىقىلىرىدىن بولغان «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ئوغۇزخان رىۋايىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلدى.

بۇ مەزگىلدىكى تۈركىي تىلشۇناسلىق ساھەسىدە، ھىندى - ياۋروپا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى ئۈلگە قىلغان تۈرك تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن جېئان دىنىي (Jean Deny) دەك تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان (ئۇ پېشۋا ئىلگىرى پارىژ شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن) لارنى مەيدانغا كەلتۈردى. گەرچە ئۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ نەشر قىلدۇرغان 1200 بەتتىن ئارتۇق «تۈرك تىلى گراماتىكىسى» دېگەن كىتابى تا بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ كەلدى.

دېنىي بىلەن پېللىئوت يېقىنقى زامان فرانسىيە تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىككى پېشۋا، شۇنداقلا بىلىمى مول ھەم ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان ئالىملاردۇر. ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن بولۇپ، فرانسىيە تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تىكلىنىشى بۇ ئىككى ئالىم بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشلىق. فرانسىيە ئىنىستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باش رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن پېللىئوت بىلەن پروفېسسور ھامبىس (L. Hambis) 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە باش بولۇپ تۈزگەن مەخسۇس

تېمىدىكى «غەربىي يۇرت» (فرانسۇزچە L'Asie Centrale دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر نەشر قىلىندى. ئۇلار كىتابىدا رەسىم ۋە يېزىق شەكلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىل - يېزىقى (ئەينى يىللاردا دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدىكى چاڭ شۇخوڭ ئەپەندى مەن بىلەن بۇ كىتابنى فرانسۇزچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا مۇنازىرلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى) قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بۇ ئەسەردە لېۋى (S. Levi)، پېللىئوسات (Felliosat)، پىنائولت (Pinault) قاتارلىق فرانسىيىلىك ئالىملارنىڭ «توخرى تىلى» (يەنى كىنگىت، كۇسەن تىلى) تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ۋاقتىنچە تىلغا ئېلىپ ئۆلتۈرمىدۇق.

بىز ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان فرانسىيە تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئورگانلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى.

فرانسىيىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى تۈرك تىلى ئوقۇتۇش مەركەزلىرىنىڭ بىرى پارىژ دۆلەتلىك ھازىرقى زامان شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتى ( Vivantes de paris L'Ecole (Nationale des Langues Orientales دىكى تۈرك تىلى ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئورنىدۇر. بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەسئۇلى پروفېسسور جېئان دېنىي بولۇپ، 1949-يىلىدىن كېيىن (يەنى دېنىي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن) پروفېسسور لۇئىس بازىن (Louis Bazin) مەسئۇل بولدى.

1950-يىلدىن باشلاپ فرانسىيە ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات ئىنىستىتۇتى (L'Ecole pratique des Haute Etudes) (سوربون Sorbonne دا، لېكىن ئەمەلىيەتتە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئايرىلغان) تۆتىنچى گۇرۇپپىسى تۈرك تارىخى ۋە تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقات تېمىسىنىڭ يېرىمى قەدىمكى تۈرك تىل-ئەدەبىياتى، مەسىلەن، موڭغۇلىيە ۋە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك، قەدىمكى ئۇيغۇر مەڭگۇ تاشلىرى، يازما ھۆججەتلەر (بولۇپمۇ تۇرپان-دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر) ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دۆلەتلىك پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىمۇ داڭلىق تۈركشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىدۇر. تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش كىتابلىرى 12000 جىلد بولۇپ، بۇ كىتابلار ئاساسلىقى جېئان دېنىينىڭ ۋەسىيەتنامىلىرىدۇر. مەزكۇر تەتقىقات ئورنى ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى (Centre National de la Recherche Scientifique) بىلەن باغلىنىشلىق بولغان تەتقىقات ئورگىنىدۇر.

پارىژدىكى تەتقىقات ئورگانلىرىدىن باشقا، يەنە تۈركشۇناسلىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەركەزدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىرى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئائېكس-ئېن-پروۋېنس (Aix-en-provence) ئۇنىۋېرسىتېتى، يەنە بىرى سىتىراسبۇرگ (Strass burg) ئۇنىۋېرسىتېتىدۇر.

تۈركشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بىز چوقۇم فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى (C. N. R. S) نى تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ ئورگانغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ تارىم ئويمانلىقىدا قېزىش خىزمىتى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن سىرت بۇ مەركەزگە قاراشلىق دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدىن پروفېسسور خاملتون (James

(Hamilton) قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە ۋەسىقىلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقات (تۆۋەندە ئۇقتىلىق چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمىز) بىلەن مەخسۇس شۇغۇللاندى. جېئان پائۇل روئۇكس (Jean - paul Roux) ئەپەندى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىن - تارىخىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس بولۇپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان مۇتەخەسسىس، پوراتاۋ (P. N. poratav) - تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس، بۇ ئەسەردە يەنە بازىن ئەپەندىنىڭ خانىمى سابىنا ترېبىنجاك (Trebinjac Sabine) نىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتىغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئومۇمەن، فرانسىيە تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە غايەت زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ساھەسى پۈتكۈل تۈركشۇناسلىققا چېتىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئىرېن مېلوكوف (Irene melokoff) خانىمنىڭ تەشەببۇسى ھەمدە سىچىراسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك پەن - تەتقىقات مەركىزىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، فرانسىيە 60 - يىللاردىن باشلاپ مەخسۇس تۈركشۇناسلىق نەشر ئەپكارى - «تۈركشۇناسلىق» (Turcica) دېگەن ژۇرنالنىڭ ھازىرغىچە 30 نەچچە تومى نەشر قىلىنىپ بۇلۇنغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. مەن 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ ژۇرنالدا ئۆزەمنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ئۇستىدىكى تەتقىقات» دېگەن ماقالەمنى ئېلان قىلدىم.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان فرانسىيىلىك كەسىپداشلىرىمدىن لۇئىس بازىن (L. Bazin)، ر. گەرائۇد (R. Ciraud) ۋە خامىلتون (J. Hamilton) قاتارلىق ئالىملارنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

پروفېسسور لۇئىس فرانسىيە تۈركشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاكادېمىكى، دۆلەتلىك شەرق تىللىرى مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى (يەنى يۇقىرىدا تىلغان ئالغان ھازىرقى زامان شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى) نىڭ نوپۇزلۇق پروفېسسورى فرانسىيە ئالىي دەرىجىلىك تەجرىبە ئىنستىتۇتى تۆتىنچى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى، فرانسىيە - جۇڭگو دوستلۇق ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1920 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى فرانسىيىنىڭ كائېن (Caen) دا تۇغۇلغان. ئۇ 1942 - 1945 يىللىرى فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق ھازىرقى زامان تىللىرى ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور دېنىيدىن قەدىمكى تۈرك تىلىنى ئۆگەندى. 1945 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن فرانسىيە دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرەگە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى، 1948 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق ھازىرقى زامان تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرك تىلى كەسپىنىڭ پروفېسسورلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇستازى دېنىي ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاكى 1990 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلدى.

لۇئىس بازىن ئەپەندىنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك كالىندارى تەتقىقاتى» (Les systemes chrono logiques dans le monde turc ancien) دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە، يېتەرلىك ۋە كەڭ دائىرلىك ماتېرىياللىرى (نۇرغۇنلىغان قەدىمكى تۈرك

يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئارقىلىق قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كالېنىدارى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ ماقالە 1972 ـ يىلى پارىژ ئۈچىنچى ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن بىر نەچچە نۇسخا بېسىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاساسلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئەۋەتىلدى. مەن 1981 ـ يىلى گېرمانىيە گۆتتىنگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان ۋاقتىمدا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئارىيەتكە ئېلىپ بىر نۇسخا كۆپەيتىۋالغان ئىدىم. 1991 ـ يىلى بۇ كىتاب مۇنگىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى، كېيىن بەت سانى يەتتە يۈز بەتكە يەتتى. ئۇ تۈرك ـ ئۇيغۇر كالېندارى ـ مۇزەككەر ـ مۇئەننەس كالېندارى بىلەن 12 مۆچەل كالېندارىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو كالېندارىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن دەپ قارىدى ھەمدە ئىلگىرىكى ئالىملار تەشەببۇس قىلغان 12 مۆچەل ئارقىلىق يىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى تۈركلەردىن كەلگەن دېگەن كۆز قاراشنى تەنقىد قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، 1989 ـ يىلى پروفېسسور خامىلتوننىڭ تەھرىرلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ «تۈركلەر، موتلار» ( Les Turcs, les mots, des hommes )دېگەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ كىتابقا ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇھىم ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تەخمىنەن 50 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن مەسىلەن 1) «جىننامە» دىكى ئىككى مىسرا ھۇنچە شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى، 2) دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رونىك يېزىقىدىكى پالنامە تەتقىقاتى، 3) قەدىمكى ئۇيغۇر ئاسترونومىيە تەتقىقاتى، 4) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يېزىلغان دەۋرى توغرىسىدا، (ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى) دىكى «سۇجى مەڭگۈ تېشى» نىڭ يەشمىسى قاتارلىق (ئەپسۇسكى بەزى مۇھىم ئىلمىي ماقالىلەر، مەسىلەن 50 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان «تۇغبات تىلى تەتقىقاتى»، «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرى كىرگۈزۈلمىدى. كېيىنكى بىر پارچە ماقالىسى ئاپتورنىڭ تەستىقى بىلەن «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى) ماقالىلىرى بار. مەن 1982 ـ يىلى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا بازىن ئەپەندىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم.

ئىككىنچى، فرانسىيىلىك يەنە بىر ئۇيغۇرشۇناس تەتقىقاتچى گىرائۇد ئەپەندى، ئۇ تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى تۇنيۇقۇقنىڭ مەڭگۈ تاش تېكىستىنى تەتقىق قىلغانلىقى ۋەجىدىن ئىلىم ساھەسىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇۋيالڭ شۈننىڭ «گۇيجەي توپلىمى، چى جەمەتى قىسسىسى» دا تونيۇقۇق ـ ئۇيغۇر چى فامىلىلىك جەمەتنىڭ ئەجدادى دەپ بايان قىلىنغاچقا، مەن بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرگۈزدۈم.

گىرائۇد 1906 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئالجىرىيىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ مولىلىقى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فرانسىيىنىڭ ناتسىستلارغا قارشى ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقتىن، 1944 ـ يىلى ئۇ فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەت ئەللەردىكى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنى تاللاشتا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەنقەرەگە بېرىشنى تاللىدى، چۈنكى مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە يېڭىلىققا كۆچكەن تۈركىيە ئۇنى ئۆزىگە ئاللىبۇرۇنلا جەلپ قىلغانىدى..

گىرائۇد ئەنقەرە تىل ئىنستىتۇتىنىڭ فرانسۇز تىلى ئوقۇتۇشىغا مەسئۇل بولۇپ،

كېيىن يەنە ئەنقەرە سىياسىي ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولدۇ، تۈركىيىدە 18 يىل (1962 ـ يىلغا قەدەر) تۇرمۇش كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى زامان تۈرك تىلىنى ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. بازىن 1945 ـ يىلى پارىژ دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرۈپ ئەنقەرەگە كېلىپ گرائۇد بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇققا ئاساس سېلىنغانىدى.

بۇ مەزگىلدە گرائۇد ھازىرقى زامان تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا بەكرەك قىزىقتى. ئۇ بۇ جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ فرانسىيە تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ پېشۋاسى جېئان دېنىي بىلەنمۇ باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇردى، ھەمدە پەن تەتقىقاتىدا كېيىنكىلەرنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشتى.

لاتىن تىللىرى مۇتەخەسسىسى ۋە فرانسۇز تىلى تىلشۇناسى گرائۇد تارىخ تىلشۇناسلىق ئىلمىنى چۈشەندى. ئۇمۇ تۈرك تارىخىغا زور ئىشتىياق باغلىدى. پروفېسسور بازىننىڭ تەسىرىدە، 1945 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گرائۇد موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن ئابىدىلىرىدىن بولغان بايىنچوكتۇ مەڭگۈ تېشى (يەنى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى) ئۈستىدە تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. تەخمىنەن مىلادىيە 725 ـ يىلغا تەۋە بولغان بۇ مەڭگۈ تاش ئويمىسىنىڭ ئىككى پارچە ئابىدىسىدە، شۇ يىلى 80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان تۈرك خانلىقى ۋەزىرىنىڭ ھاياتى، ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. تونيۇقۇق ـ ئىككىنچى تۈرك خانلىقى (680 ـ يىلىدىن باشلاپ) نىڭ قاغانلىرى ئېلتەرىش (Elterish) بىلەن قاپاغان (Qapaqan) نىڭ ھەربىي ئىشلار سەركەردىسى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد قاغان بىلگە قاغان (Bilga Qaghan) نىڭ قېيىنئاتىسى بولۇپ، ئىلگىرى جۇڭگودا ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ پاساھەتلىك تىللىرى ۋە ئابىدە ئىگىسى خانلىقنىڭ جەسۇر ئادىمى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، گرائۇدنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتتى.

گرائۇد 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ مەڭگۈ تاش ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئىلگىرى بۇ مەڭگۈ تاش توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا پەقەتلا تومسېن (W. Thomsen) بىلەن رادلوف (W. Radloff) نىڭ ئەسەرلىرىلا بار ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى ئۇستاز تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى تۈرك تىلىغا نىسبەتەن سىستېمىلىق بىلىمى يوق ئىدى. بولۇپمۇ قەدىمكى تۈركشۇناسلىق خەزىنىسى ـ 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەر ( Mahmud kashghari ) نىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» تېخى بايقالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گرائۇد ئۆزى كۆرگەن سۈرەتلەر ۋە چوڭايتىلغان نۇسخىلار ئاساسىدا بۇ مەڭگۈ تاش ئۈستىدە قايتىدىن يېشىپ ئوقۇش تەتقىقاتى ئېلىپ باردى ھەمدە 1958 ـ يىلدىكى دوكتورلۇق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. مەتبۇئات جەھەتتىكى سەۋەبتىن گرائۇدنىڭ ئىككى قىسىم كىتابى ئىككى ـ ئۈچ يىل كېچىكىپ نەشر قىلىندى. بۇ ئىككى قىسىم كىتاب: «كۆك تۈرك خانلىقى ـ ئىلتەرىش، قاپاغان ۋە بىلگە قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (734 ـ 680يىللىرى)» (پارىژ 1960 ـ يىللىق نەشرى) بىلەن «بايىنچوكتۇ مەڭگۈ تېشى ـ تەھقىق نۇسخىسى» (پارىژ 1961 ـ يىللىق نەشرى) دېگەن كىتابلاردۇر.

گرائۇد ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى قىسىم كىتابىدا قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى، ۋەسىقىلىرىگە دائىر كۆپلىگەن تارىخ ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە قايتىدىن تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەلۋەتتە گرائۇدنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئايرىم خاتالىقلار مەۋجۇت. بۇنىڭدىن سىرت، كۇتۇپخانا ماتېرىيالىنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن

تەتقىقات خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگىمۇ تەسىر يەتتى. لېكىن بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن كىم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قوللانماي قالمايدۇ. ئۇ بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مەلۇم سەۋىيىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. ئۇ مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ ئاپتورى قوللانغان ناھايىتى تەرتىپلىك بولغان يېزىش قانۇنىيىتىنى تۇنجى بولۇپ بايقىدى ۋە تەھلىل قىلدى. بۇ قانۇنىيەت بۈگۈنگىچە بېكىتىلمىگەن سۆز-جۈملىلەر ۋە ئىلگىرى يېشىپ ئوقۇش جەريانىدا ساقلانغان خاتالىقلار (بۇ نۇقتا تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغىمۇ ماس كېلىدۇ) نى تۈزىتىشكە ياردىمى بار.

1962-يىلى گرائۇد فرانسىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سچراسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركشۇناسلىق ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1964-يىلى ئۇ مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈركشۇناسلىق ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولدى ھەمدە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى تۈركشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

گرائۇد 1968-يىلى 5-ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۈچىنچى: فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس پروفېسسور خامىلتوندۇر. ئۇ 2003-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى پارىژدا 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. دۇنيا ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسى بىر داڭلىق ئالىمدىن ۋە كەسىپدىشىدىن ئايرىلدى. 2002-يىلى كۈزدە بېرلىندا ئېچىلغان «تۇرپانغا قايتا زىيارەت-يىپەك يولى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش» دېگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان بۇددىزىمغا ئائىت ياغاچ ئويما III تەتقىقاتى» دېگەن مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ مەدھىيىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. يىغىندىن كېيىن بېرلىنغا يېقىن خان جەمەتى باغچە شەھىرى بوستانىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ مەن بىلەن كەڭ-كۇشادە پاراڭلاشتى. مەن ئالدىنقى يىلى 6-ئايدا فرانسىيە ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىگە كېلىپ دوكلات بەرگەن ۋاقتىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەر ئاڭلىدىم. ئۇ بىر قېتىملىق يىقىلىپ چۈشۈشتە بىلەنلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ) نى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

خامىلتون 1921-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى ئامېرىكىنىڭ كانزاس شىتاتى توپېكا (Topaka) شەھىرىدىكى بىر ئاددىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرى 1929-1932 يىللاردىكى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى بۆھرانى يۈز بەرگەن دەۋرگە توغرا كەلگەچكە، نۇرغۇنلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

1939-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1939-يىلدىن 1941-يىلغىچە كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لاۋرېنس (Lawrence) تارماق مەكتىپىدە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى كەسپىدە ئوقۇغان. 1941-يىلىنىڭ ئاخىرى تېنچ ئوكيان ئۇرۇشى (پېئارل خاربور پورتى ۋەقەسى) پارتلىغاندىن كېيىن، ئوقۇشىنى تاشلاپ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1942-يىلدىن 1945-يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا خىزمەت قىلغان. قوشۇمچە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە تۈرك تىلى بىلەن رەسمىي ئۇچرىشىشقا باشلىغان.

ئۇ، 1945-يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى. 1946-يىلى ياپون تىلىنى ئۆگەندى ۋە كېيىن ياپونىيىگە بېرىپ تاكى 1947-

يىلىغا قەدەر شۇ يەردە خىزمەت قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارلامېنتىنىڭ (GI Bill of Rights) يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىشى سەۋەبلىك، زور تۈركۈمدىكى ئەسكەرلەر ئوقۇشقا كىرگەچكە ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپىيىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىنىڭ فرانسىيە مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە بىلىم ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى. 1947-يىلدىن 1949-يىلغىچە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدى. 1949-يىلدىن 1951-يىلغىچە پارىژ ھازىرقى زامان شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتىدا خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىلىنى ئۆگەندى. 1951-يىلى فرانسىيىدىكى داڭلىق خەنزۇشۇناس ۋە بۇددىزىمشۇناس پروفېسسور دېمىۋىل (P. Demieville) نىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا 1954-يىلى ئۆزىنىڭ «بەش سۇلالە دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى» (Les Cing Dynasties Ouigours Pepopue des d'apres les documents chinois) دېگەن دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى پۈتتۈرۈپ، 1955-يىلى (دۆلىتىمىزدە گېڭ شىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نەشر نۇسخىسى بار. 1988-يىلى بۇ كىتابنىڭ فرانسۇز تىلىدىكى تۈزىتىلگەن نەشرى نەشر قىلىندى) نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، 1971-يىلى يەنە ئۇنىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» (Le conte bouddhique du bon et du mauvais prince en version ouigoure) دېگەن ماقالىسى تۈرك تىل-ئەدەبىيات ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى (بۇ كىتاب ئىلگىرى ئىككى قېتىم تۈركچە نەشر قىلىنغان) غا ئېرىشتى. 1983-يىلى ئۇنىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 9-10 ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» (ئىككى توم) (Manuscrits Ouigours du ix°-x° siècle de Touen-houang) دېگەن ماقالىسى فرانسىيە دۆلەتلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1990-يىلى ئۇ ئەنگلىيىلىك سىمس-ۋىلليئامىس (N. Sims-Williams) بىلەن ھەمكارلىشىپ «دۇنخۇاڭ تۈرك-سوغد تىلى ھۆججەتلىرى» (Documents turco-Sogdiiens du ix°-x° siècle de Touen-Donhuang) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى.

پروفېسسور خاملتون 1955-يىلدىن باشلاپ فرانسىيە پەن-تەتقىقات مەركىزى (فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن باراۋەر) دە ياردەمچى تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. خاملتون بىر ئۆمۈر فرانسىيە مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيدى. فرانسۇز تىلىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى فرانسۇز تىلىدا يېزىلدى. ئۇ بىر ئۆمۈر توي قىلمىدى. ئۇ 1974-يىلى رەسمىي فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتتى. 1989-يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ قەلىمىنى توختاتمىدى. مەن 1981-يىلى ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پارىژدا زىيارەتتە بولدۇم ھەمدە پارىژ 3-ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگو تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردىم. 1981-يىلى مەن ئۇنىڭ بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى ئۈستىدىكى تەتقىقات» (L'inscription ouigoure de la stale commemorative des Idug qut de Qocho)، فرانسىيە «دۆلەتلىك تۈركشۇناسلىق ژۇرنىلى» (Turcica»، 13، 1981 غا كىرگۈزۈلدى) دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدىم. 1987-يىلى ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە بېيجىڭ ۋە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

خاملتوننىڭ ماقالە يېزىش ئۇسلۇبى فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى ۋە ئوتتۇرا

ئاسياشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى پېللىئوت (paul pelliot) نىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ماقاللىرىنىڭ ئىزاھاتى ماقالىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىدىن، ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئالغان كەڭ دائىرىدىكى ماتېرىياللاردىن ئېشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ھەربىر نۇقتىنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر يازغان مەخسۇس ئەسەرلىرىدىن سىرت، ئۇ يەنە ئون نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بولغىنى «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ئۈستىدىكى تەتقىقات» بۇ ماقالە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىللىق 2-سان، 2004-يىللىق 2-سانىدا بېرىلدى) دېگەن ماقالىسىدۇر. بۇ ماقالىدە، ئۇ تۈركشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئاتالمىش قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن Toquz Oghuz (توققۇز ئوغۇز) نىڭ ئەمەلىيەتتە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىكى «九姓» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى، «九姓» دېگەن سۆزنىڭ toquz oglush (توققۇز ئۇرۇق دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا oghush (فامىلە، ئۇرۇق) دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدىكى toquz (توققۇز) دېگەن سۆزدىكى z تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە oghuz دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەنلىكىنى، بۇ نۇقتا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە ماس (خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە پەقەتلا «九姓» ياكى «九姓铁勒» دەپ خاتىرىلەنگەن، «九[姓]乌古斯» دېگەن سۆز ئۇچرىمايدۇ) كېلىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش «九姓» (قەدىمكى تۈركچىدە «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە «九姓铁勒» ياكى «铁勒九姓» دېگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ پەقەتلا توققۇز تىلى «九姓铁勒» نىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتە ئۆزىنى ئون ئۇيغۇر (On Uighur) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ «تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىكى نامى K.C.N بولغان يەر نامى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي جەنۇب يۈزىدىكى K.C.N دېگەن سۆزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى يېشىلمىگەن Kacin 姑藏، يەنى 凉州، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي (武威) نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇنىڭ باشقا مۇھىم ئىلمىي ماقاللىرىدىن:

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سىتايول خالىستوي تويلىمى ھەققىدە مۇھاكىمە» (1958, Tong - bao46).

«تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەر توختامى ئۈستىدە مۇھاكىمە» (1969, Turcical).

«ۋاتىكاندا ساقلانغان سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان تۈرك تىلىدىكى نىستورىئان دىنىغا ئائىت تامغا ئۈستىدە مۇھاكىمە» (1972/ Journal Asiatique 260).

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە» (بىرلىشىپ يازغان) (1972, Turcica 4).

«قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى پال كىتابلىرىنىڭ تېكىستى ئۈستىدە مۇھاكىمە» (1975/Turcica 7).

«تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى khutukh-ula مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە تەتقىقات» (بىرلىشىپ يازغان) (1975/Journal Asiatique 263).

«(قەدىمكى شىنجاڭ) دىكى كىچىك ئائوكا ئۈستىدە مۇھاكىمە» (1977 / Journal Asiatique 265).

«پال كىتابلىرىدىكى پال يەشمىلىرى» (P.N. Boratav توپلاملىرى، 1978، پارىژ).

«851-1001 يىللاردىكى ئۇدۇن پادىشاھنىڭ شەجەرىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە» («دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» 111،

1984، پارىژ).

«تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى qyz qoduz دېگەن سۆزنىڭ يەشمىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (بېرلىنشپ يازغان) (1979/ Turcica II).

«دۇنخۇاڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ھۆججەتلىرى» (1981/ Journal Asiatique 269).

«9-10 ئەسىرلەردىكى ئۇدۇن يىلنامەشۇناسلىقى» («دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» 111، 1984، پارىژ).

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» (پارىژ poligac - singer فوندى جەمئىيىتى تەشكىللىگەن دۇنخۇاڭ تام سۈرەتلىرى ۋە ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، 1984 غا كىرگۈزۈلگەن).

«موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئۈچ خىل يېزىقتىكى قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە مۇھاكىمە» (فرانسىيە - ياپونىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، توكيو، 1990 غا كىرگۈزۈلگەن).

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تەرتىپ نومۇرى pelliot Ouigour 16 bis بولغان ھۆججەتنىڭ يېڭى يەشمىسى» (ئىتالىيىلىك پروفېسسور A. Cadonna ئاچقان «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، Firenze 1992, غا كىرگۈزۈلگەن).

«988، 989، 1003-يىللاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مانى دىنىدىكى تەقۋىمنامىنىڭ يەشمىسى» (پروفېسسور L. Bazin ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى 1992, Varia Turcica 9 غا كىرگۈزۈلگەن).

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ دەۋرى مەسىلىسى توغرىسىدا» (تۇرپان، ئۇدۇن ۋە دۇنخۇاڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، 1996، بېرلىن).

«تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا» (30 Turcica /1998)، قاتارلىقلار. ئاخىرىدا يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇكى، 2001-يىلى لوئىس بازىن Louis Bazin بىلەن peter zieme پېتىر تېسمې نىڭ تەھرىرلىشى بىلەن ئۇنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى «دۇنخۇاڭدىن ئىستانبۇلغىچە - خاملتوننىڭ توغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ( De Dunhuang A Istanbul - Hommage A James Russell Hamilton، بېلگىيە Brepols نەشرىياتى نەشر قىلغان ) دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتابقا ئۇنىڭ 21 پارچە ئىلمىي ماقالىسى (مېنىڭ «جۇڭگو تۈۋا تىلى تەتقىقاتى» دېگەن بىر پارچە ماقالەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرگۈزۈلگەن.

Uighur Studies France

Geng shimin

(central University for Nationalities, 100081 Beijing, china)

Abstract: In this article the author speaks about the Turcology, especially Uighur studies in France, Besides, the author mainly gires information on the contributions of three French scholars in these aspects , i.e. profs jean deny louis basin and james Hamilton.

Key words: uighur studies, j.deny, L.Bazin, J.Hamilton.

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 2006-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

غالىب بارات ئەرك

تارىم ئويمانلىقىغا دۇنياۋى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق، كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتر كۆلەمدىكى تەكلىماكان جايلاشقان، بۇندىن ئىلگىرى تەكلىماكان نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپ مۇلاھىزىلەر بولدى، مۇشۇ مۇلاھىزىلەر ئاساسىدا ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلار ۋە مۇلاھىزىلەر

1. «تەكلىك ماكان» (ئۈزۈملۈك ماكان)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈم تېلى ۋە باراڭ تەك دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر نىيا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن بايقالغان تەكلەر يەنى ئۈزۈم تاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، مۇشۇ قاراشنىڭ مۇناسىپ ئاساسى بار دەپ قارىغان.

2. «تەركى تۈركان» (تۈركلەر تاشلاپ كەتكەن ماكان)، بۇ قاراش تارىختا تەكلىماكان ئەتراپلىرىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىن قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بايقىلىشىنى زەنجىرسىمان مۇلاھىزە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشتىن ئىبارەت. بۇ قاراشتىكى «تەركى تۈركان»، «تەكلىماكان» نامىنىڭ مەنبەسى بولالمايدىغانلىقى تەلەپپۇزىدىن مەلۇمدۇر.

3. «تەكە ماكان» (تەكە-شاپتۇللۇق ماكان). تەكە تارىم ۋادىسىدا ئۆسىدىغان شاپتۇل تۈرىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. «تەكە ماكان» سۆزىنىڭ «تەكلىماكان» غا ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن باشقا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدا «تەكە» جەمەتىمۇ بار.

4. «تەكتى ماكان ~ تەھتىماكان» (ئەسلى، كونا، تېگى، تەكتى ماكان). بۇ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلگەن شەھەرلەرگە باغلاپ ئوتتۇرىغا چىققان قاراشتىن ئىبارەت.

5. «چېھىل ماكان». تەكلىماكان نامى بىلەن «چېھىل ماكان» تەلەپپۇز جەھەتتىن قەتئىي يېقىن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قاراش ھەققىدە سۆزلەش بىھاجەت.

6. «تاكلا ماكان». تۇخار قەبىلىسىنىڭ نامى تاكلا ئىدى، شۇنىڭدىن تاكلانىڭ ماكانى مەنىسىدە ياسالغان دېگەن قاراش.

7. بارسا كەلمەس يەر. خەنزۇچە لۇغەت ۋە ماتېرىياللاردا كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغان، تەكلىماكان نامى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قورقۇنچلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەشمە تەبىردىن ئىبارەت.

8. تەرك ماكان. تۆۋەندە بۇ قاراش مەخسۇس مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

9. تاكالماكان. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «تاقالغان ماكان» دېگەن مەنىدە.

10. تاكىلاماگەن. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ مەنىسى بارسا كەلمەس ماكان.

11. تېگىماكان. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، قۇم تېگىدە قالغان ماكان دېگەن مەنىدە.

مۇندىن ئىلگىرى «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ۋە مۇنازىرىلەر بولدى. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 1-سان، 4-سان ۋە 1986-يىللىق 1-سانلاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، «ئۈزۈم يۇرتى،

ئۇزۇم بولىدىغان يەر»، «ئەسلى ماكان، تەكتى ماكان، يەر ئاستىدىكى گۆھەر زېمىن، سىرلىق ماكان، تىلسىمات يەر»، «تاشلانغان ماكان» دېگەندەك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جاۋ شياگرۇ «تەكلىماكان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1987-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى سانى) ناملىق ماقالىسىدە مۇشۇ مۇلاھىزىلەرنى خۇلاسىلىدى ھەمدە «ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىللىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە جەددىيلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ توغرا مەنىسىنى قۇم ئاستىدا قالغان ‹تېگى ماكان› ياكى ‹ئەسلىدىكى يۇرت› دەپ شەرھىيلەش كېرەك. بۇ تەدبىر تىل پاكىتلىرىغا ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن»، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ق. ۋەلى « ‹تەكلىماكان›، ‹تارىم› دېگەن ناملار ھەققىدە مۇلاھىزە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987-يىلى 23-سېنتەبىر سانى) ناملىق ماقالىسىدە، «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ «تەرك ماكان» قارىشىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىغان. تارىخشۇناس خۇدابەردى سېلىم «تەكلىماكان - تەركلى ماكاندۇر» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1989-يىلى 10-سان) ناملىق ماقالىسىدە، تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەر ئاساسىدا «تەكلىماكان» نى «تەركلى ماكان» (تەرك ئېتىلگەن ماكان) دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. مۇندىن باشقا، « ‹تەكلىماكان› ۋە ‹تارىم› ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» (ئارسلان مامۇت، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1983-يىلى 5-سان)، « ‹تەكلىماكان› »، دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1983-يىلى 2-سان)، « ‹تەكلىماكان› نىڭ تەبىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» (ھەبىبۇللا رەقىپ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى)، « ‹تەكلىماكان› رىۋايىتىنىڭ ئىلمىيلىكى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1985-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى)، « ‹تەكلىماكان› ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» (ق ۋەلى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى 1989-يىلى 1-سان)، «تەكلىماكان ئەپسانىسى ۋە ‹تەكلىماكان› ئاتالغۇسى ھەققىدە تەھلىل» (ئابلاجان مەھمۇد، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997-يىلى 3-سان)، « ‹تەكلىماكان› نامى توغرىسىدا يېڭى بايقاش» (مەتتۇرسۇن مەتقاسىم، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1998-يىلى 3-سان)، « ‹تەكلىماكان› نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش» (پالتاخۇن ئەۋلاخۇن، گۈلنار ئىسمايىل، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2000-يىللىق 4-سان) ... قاتارلىق ماقالىلەردە خېلى كۆپ ئىزدىنىشلەر، ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا شەرھىيلىرى ھەم مەلۇم ئاساسلىرى بار. بۇلاردىن بىر قىسمى بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا رەت قىلىنغان، بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى «تاكلا ماكان» ۋە «تەرك ماكان» قاراشلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

## «تەكلىماكان» نامىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ترانسكرىپسىيلىرى

1966-يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى» دا «TAKLIMAKAN چۆلى» دەپ يېزىلغان. 2005-يىلى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» دا «تەكلىماكان قۇملۇقى» دەپ يېزىلغان.

دوكتور گۇننار ياررىڭنىڭ «مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي يەر ناملىرى (لوپنۇر ۋە تارىم رايونى)» دېگەن كىتابىدا taklamakan v. taqla makan دەپ يازغان ھەمدە taklamakan سۆزىنى taqla makan دىن كەلگەن، بۇنىڭدىكى taq سۆزى taq سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ يەر شەكلىنى

كۆرسىتىدۇ، «تاشلانغان ماكان، خارابىلىكلەر» دېگەن مەنىدە دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە taqlamakan سۆزىدىن تەكلىماكان سۆزى كېلىپ چىققان ئىكەن.

تاتار تىلشۇناسى ئەدھەم رېھىمووۋىچ تېنىشېۋنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى خەرىتىلەردە بۇ نام TAKЛAMAKAH (تاكلاماكان) دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ياۋرۇپالىق ساياھەتچىلەرمۇ takla-makan//taklamakan دەپ خاتىرىلىگەن ئىكەن. ئۇنىداقتا، مەيلى رۇس ياكى ياۋرۇپالىق باشقا ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يازمىلىرىدا بولسۇن «تاكلاماكان» دېگەن ئاتالغۇ نەدىن كەلگەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ئاتالغۇ تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئاھالىنىڭ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىشىدىن كەلگەن. ئۇنداقتا بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قاچان تارىم ۋادىسىغا كەلگەن؟ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا رۇسىيىلىك پېرژېۋالسكىي، روبروۋېسكىي، كوروپاتكىن، كوزلوۋلار، گېرمانىيىلىك لېكوك، فرانسىيىلىك بونۋالوت، شۋېتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن، ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ، ستەيىن...قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى پائالىيىتى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1930 - يىللىرىغىچە دەپ ھېسابلىساق، غەرب مەنبەلىرىدىكى «تاكلاماكان» نامى مانا مۇشۇ دەۋردە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن خاتىرىلەنگەنلىكى ئېنىق بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ نام زادى «تاكلاماكان» مۇ ياكى «تەكلىماكان» مۇ؟ بۇ دۇنياۋىي چوڭ قۇملۇق بويىدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى «تەكلىماكان» دەپ ئاتىغان. مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئەنە شۇنداق ئاتاپ كەلمەكتە، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئەينەن خاتىرىلەنگەن بولۇشى ناتايىن.

## «تەكلىماكان» قۇملۇقىنىڭ تارىخىي خاتىرىلەردىكى ناملىرى

راھىب فاشەن (337 - 422) نىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىلىرى» (ياكى «فاشيەنىڭ تەرجىمىھالى») دا، راھىبنىڭ 400 - يىلى دۇخاندىن چىقىپ چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسى ئارقىلىق قاراشەھەرگە بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەردە دۇخاندىن چىقىپ ئۆتكەن دەھشەتلىك قۇملۇق «قۇم دەرياسى» (沙河) دېيىلگەن.

راھىب شۈەنزاڭ (600 - 664) ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بېرىپ تەخمىنەن 644 - يىلى خوتەن - نىيا - چەرچەن - چاقىلىق - . دۇخان لىنىيىسى ئارقىلىق چاڭئەنگە قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن خاتىرىلەنگەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە (نىرانبالىقتىن چىققاندىن كېيىن) «بۇ يەردىن شەرققە يۈرسە چوڭ ئاقار قۇملۇققا (大流沙) كىرىدۇ. قۇم شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاقىدۇ، ئادەمنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتكەنلىكتىن ئېزىقىپ كېتىدۇ. تۆت ئەتراپقا قارىسىڭىز كۆز يەتكۈسىز بولۇپ ھېچ بىر تەرەپنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇرۇنقىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىلا بەلگە قىلىنىدۇ. سۇ، ئوت - چۆپ بەك ئاز، ئىسسىق شامال كۆپ چىقىدۇ. شامال چىقسىلا ئادەم ۋە ھايۋان ئاسانلا ئازغىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاسان كېسەل بولىدۇ. بەزىدە ناخشا ئېيتقان، يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ....400 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرسە قەدىمكى توخرى (都货逻故国 سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا Toxri دەپ تەرجىمە قىلغان) غا بارىدۇ، بۇ ئەل كۆچۈپ كېتىپ ئۇزۇندىن بېرى شەھىرى بوش قېلىپ، شەھىرى تاشلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردىن شەرققە 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرسە قەدىمكى سارمادان (ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسى - نەقىلچى) ئېلىدۇر...» ① دېيىلگەن.

982 - يىلى ئەرەبچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە «يەنە بىر چۆللۈك

شەرق تەرەپتە تىبەت، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە ماۋارەئۇننەھىر، شىمالدا قارلۇقلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ چۆللۈك ئىنتايىن قاقاس بولۇپ، ھەتتا سۇ، ئوت-چۆپمۇ يوق»② دېيىلگەن. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپلەردە بەزى مەسىلىلەر بولىسمۇ، بۇ چۆللۈك تەكلىماكان قۇملۇقىنى كۆرسىتىدىكەن.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك» كە كىرگۈزگەن خەرىتىدە تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قويۇلۇش ئورنىنى «سۇ سىڭىپ كېتىدىغان قۇملۇق دالا» ③ دەپ ئىزاھلىغان.

1276-يىلى تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتكەن ماركوپولو مۇنداق يازغان: «...قەشقەر، خوتەن، پېيىن ۋە لوپ چۆللۈكلىرى تۈركلەر زېمىنى ئىچىگە جايلاشقان....پېيىن ئۆلكىسى بىلەن چەرچەن ئۆلكىسىنىڭ ئارىلىقىغا چوڭ بىر چۆللۈك جايلاشقان...ئاھالە بىرەر لەشكەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا...دەرھال بىر-بىرىنى يېتىلەپ، مال-چارۋىلىرىنى ھەيدىگەن پېتى بۇ يەردىن ئارىلىقى ئىككى كۈنلۈك كېلىدىغان چۆللۈك (فېڭ چېڭجۈننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە قۇملۇق دېيىلگەن) نىڭ ئىچىگە قېچىپ.... چەرچەندىن چىقىپ شارائىتى بەكمۇ ناچار بىر چۆللۈكنى بەش كۈن يول مېڭىپ بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ... بەش كۈنلۈك يولنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ چېتىدىكى رابات (يۇقىرىقى خەنزۇچە نەشرىدە شەھەر دېيىلگەن) لوپقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. لوپ راباتى شەرقىي شىمال تەرەپتە، لوپ چۆللۈكىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان... بۇ قۇملۇق چۆلدىن ئۆتكەنلىكى كارۋانلار (خەنزۇچە نۇسخىدا قۇملۇقتا كىرىدىغانلار دېيىلگەن) ئومۇمەن مۇشۇ لوپ راباتىدا بىر مەزگىل يېتىپ دەم ئالىدۇ»④.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخي رەشىدي» دە «كاشغەر ۋە خوتەننىڭ كۈن توغۇش تەرىپىمۇ، جەنۇب تەرىپىمۇ سەھرا (ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تارىخي رەشىدي» دە يۇقىرىقى جۈملىلەر «كاشغەر ۋە خوتەننىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرى چۆللۈك (荒漠)، بۇ چۆللۈكتە چوڭ ئاقار قۇم بار...» دېيىلگەن) بولۇپ، ئۇ يەرلەردە قۇملۇق جاڭگال، شورلۇق ۋە دەشتى باياۋاندىن ئۆزگە ھېچنەرسە يوق. ... خوتەننىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى باياۋانلاردا (ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدا قۇملۇق دېيىلگەن)... تىبەتنىڭ شىمال- شەرق (شەرقىي شىمال) تەرىپى ياركەند، خوتەن، چەرچەن، لوپ، كىتىك ۋە سارىغ ئۇيغۇردۇر، قالغان قىسمىمۇ قۇملۇق بولۇپ، خىتاينىڭ قامجو، ساكجو دېگەن يۇرتلىرىغا تۇتىشىدۇ» ⑤ دېيىلگەن.

ئۇيغۇر ئالىمى ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن 1854-يىلى ئەتراپىدا، كونا ئۇيغۇر تىلى-يېزىقىدا يېزىلغان «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەردە «سۇلاتان ۋەزىرا - ئەمرا كەلكەرلارى بىلان پايى تەخت ياركەنددىن ئاتلانىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەرك مەكان (ئەسلى قوليازمىدا «ترك مكان» دەپ يېزىلغان) دەشتىگە شىكارغە يۈزلاندىلار»⑥، دەپ يېزىلغان.

1863-يىلى جوڭگو ۋۇچاڭ مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىسىدە تەكلىماكان قۇملۇقى tagobi دەپ يېزىلغان ⑦.

## مۇلاھىزە

يۇقىرىدا، «تەكلىماكان» ھەققىدىكى تەبىرلەر ۋە بۇ قۇملۇقنىڭ تارىخي يازمىلاردىكى خاتىرىلىنىشى قاتارلىقلار ھەققىدە تونۇشۇپ چىقتۇق. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ نامنىڭ ئىككى خىل يەشمىسىدە بىر ئورتاقلىق بار، ئۇ بولىسمۇ «تاكلا + ماكان» ۋە «تەرك + ماكان» دىن ئىبارەت.

ئەمدى «تاكلاماكان» دېگەن نامنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى: بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بويىچە بۇ نامنى

«تاكلا» ۋە «ماكان» غا پارچىلاپ كۆرسەك، «ماكان» سۆزى يۇقىرىقى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئوخشاش ئەرەبچە سۆزلۈكتۇر. دېمەك، «تەكلىماكان» نامىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى دەپ قارىلىۋاتقان «تاكلا + ماكان» مەنبەسى نامەلۇم بولغان «تاكلا» غا ئەرەبچە سۆزلۈك «ماكان» قوشۇلۇپ ياسالغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ ھالەتنى مۇلاھىزە قىلساق، «تاكلاماكان» نامى تارىم ۋادىسىغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن يەنى 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئاتالغۇ بولۇپ چىقىدۇ. تارىخ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئەرەبچە سۆزلۈك «ماكان» پەقەت ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاندىن قوللىنىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

تەكلىماكان ئېتىمولوگىيىسىنى «تاكلاماكان» دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر «تاكلا» توخرىلاردۇر، ئۇلار مۇشۇ قۇملۇق ئەتراپىدا ياشىغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قاراشنى كېيىن دېگەندىمۇ 1930 ـ يىلىدىن بۇرۇن، پروفېسسور جاڭ شىڭلياڭ (1881 ـ 1951) «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «شىنجاڭنىڭ مەركىزىدە چوڭ قۇملۇق بار، يەرلىكلەر ئۇنى تاكلاماكان دەپ ئاتايدۇ. بۇ قۇملۇقتىن بىر قەدىمكى شەھەر بايقالغان بولۇپ نامى ‹تاكلا› دۇر، ‹تاكلا› توخرى نامىنىڭ تەلەپپۇز خاتىرىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خوتەنگە يېقىن بىر مەھەللە بولۇپ نامى توخلا. Tochla قەدىمدە قۇملۇققا يېقىن شەھەر بولغاچقا، ئاھالىلىرى مۇشۇ كەنتكە كۆچۈپ كەلگەن. توخلا توخرى مىللىتىدىن قالغان نامدۇر»⑧ دەيدۇ. بۇ قاراش يېقىنقى سۇپىتىدە 1987 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قوبۇل قىلىندى. تۆۋەندە ئاتالمىش «تاكلا» ھەققىدە، تارىخي مەنبەلەردىكى بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇش زۆرۈرىيىتى توغۇلىدۇ.

توخرى نامى، ئەنەتكەكچە يازمىلاردا tukh ra, Tuha^ ra, Tuh!kha^ra, Tukha^ra دەپ؛ تىبەتچە يازمىلاردا Thod ـ dkar, Thod ـ kar, Thod ـ gar, Tho ـ kar دەپ؛ گىرېك مەنبەلەردە Tokharoi لاتىنچە مەنبەلەردە Tochari دەپ؛ خەنزۇچە يازمىلاردا 土豁罗，吐火罗，吐呼罗，兜沙罗，都货逻 دەپ؛ تۈرك رونىك يېزىقىدىكى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئابىدىلەردە toqar دەپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا twqry, twxry دەپ يېزىلغان. ئەمدى بىز يۇقىرىدا نەقىل ئالغان، راھىب شۈەنزاڭنىڭ بايانىدىكى 都货逻故国 نامىغا كەلسەك، ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ 10 ـ ئەسىردە بۇنى ئۇيغۇر تىلىغا «ئەسكى توخرى بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان. مۇشۇ ئۇچۇردىكى خەنزۇچە 故 خېتى «كونا، بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، شەخسكە نىسبەتەن قوللىنىلغاندا «ۋاپات بولدى، تۈگەپ كەتتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بولغان «ئەسكى» «كونا، قەدىمكى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، تەكلىماكان بويىغا جايلاشقان بۇ قەدىمكى ئەل مىلادىيە 644 ـ يىلىدىن خېلى بۇرۇنلار ۋەيران بولغان، ئادەمسىز قالغان. ئۇنداقتا، بۇ ئەل نامىنى شۇنداق چوڭ قۇملۇققا يالداما قىلىپ قويغۇدەك شۇنچە چوڭ، قۇدرەتلىكمىدى؟ تارىخچى بەن گۇ (32 ـ 92) تەرىپىدىن يېزىلغان «خەننامە» دە «ئەندىر (小宛) بەگلىكى، مەركىزى ئۇزۇن تات (扜零城) شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7210 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 150 تۈتۈن، 1050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 200 نەپەر. بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئوڭ ـ سول تۇتۇقبەگلىرى بار. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2558 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرق تەرىپى چاقىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ»،⑨ دېيىلگەن. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان «ئەسكى توخرى بالىق» مانا مۇشۇ ئەندىر بەگلىكىدۇر. يۇقىرىقى خاتىرىگە

ئاساسلانغاندا، بۇ بەگلىك 644-يىلىدىن بۇرۇن ۋەيران بولۇپ ئاھالىلىرى باشقا ياققا كۆچۈپ كەتكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلار تۇخرىلارنى توخرى، توقرى دېگەندەك ناملاردا ئاتىغانكى، ھەرگىزمۇ «تاكلا» دەپ ئاتىمىغان. قاراقاش ناھىيىسىدە «توخۇلا» دەيدىغان بىر يېزا بار، پروفېسسور جاڭ شىڭلياڭ «تۇخرىلار» كۆچۈپ مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، «توخۇلا» دەپ ئاتىغان دەپ يازغان. «توخۇلا» دا ياشايدىغان خەلق «بۇ يەرنىڭ بازىرىدا توخۇ كۆپ سېتىلغانلىقتىن، ‹توخۇلا بازىرى› دەپ ئاتالغان»[10] دەپ تەبىر بېرىدۇ. چاقىلىق ناھىيە ئۆتام يېزىسىدا ‹توخۇ مەھەللىسى› دەيدىغان بىر مەھەللە بار. بۈگۈر ناھىيىسىدە 托乎拉 دەيدىغان مەھەللە كومىتېتى ۋە مەھەللە؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىدە «توخۇلا» يېزىسى بار، بۇ يېزا ۋە مەھەللىلەرنىڭ نامىنى توخرىلارغا باغلاش، شەكسىزكى تەلەپپۇز يېقىنلىقىغا ئاساسەن زورۇقۇشتىن ئىبارەت خالاس. ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرى گېرمانىيىلىك ۋورنا ۋېتىنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىنىڭ بېشىدىلا توخرىلار بىلەن تۈرك- ئۇيغۇرلار تىبەتنىڭ شىمالىدا ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىقى مەنبەلەرنىڭ ھېچبىرىدە توخرىلارنى «تاكلا» دېگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. «تاكلا» دېگەن نامنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، «تەكلىماكان» نامى ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ، لېكىن 11-ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە قارايدىغان بولساق، تارىم ۋادىسىدا توخرى ياكى تاكلا دېيىلىدىغان ئىنسان تۈركۈمى بايقالمايدۇ. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ قۇملۇققا ئىسىم قويغاندا، قۇملۇقنى مەۋجۇد بولمىغان ئىنسان تۈركۈمىگە تەۋە يەر ئىدى دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي خەلق ئەزەلدىن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن، تىبەت ۋە باشقا تىل سىستېمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ زېمىنغا تۈركىيلەر (ماكانىغا) كېيىن كۆچۈپ كەلگەن دەپ قارىغان، مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندىمۇ، تەكلىماكاننى «توخرىلارنىڭ ماكانى» دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ، بۇ دەۋرلەردە ئاتالمىش «توخرى» لار تارىم ۋادىسىدا مەۋجۇت بولمىغان.

بىز يۇقىرىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى يازما ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تەكلىماكان قۇملۇقى يازمىلاردا، 400-يىلى («بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى») «قۇم دەرياسى» دېيىلگەنلىكى (مۇشۇ دەۋردە «توخرى بالىق» تا ئاھالە بولىشى مۇمكىن، قۇملۇق ئۇلارنىڭ نامىدا ئاتالمىغان)، 644-يىلى («بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى») «چوڭ ئاقار قۇملۇق» («توخرى بالىق» ۋەيران بولۇپ ئادەم قالمىغان، چۆللىشىپ كەتكەن، لېكىن قۇملۇق ئۇلارنىڭ نامىدا ئاتالمىغان)، 982-يىلى («ھۇدۇدۇل ئالەم») «قۇملۇق» ياكى «چۆللۈك»، 1076-يىللىرى («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك») «قۇملۇق»، 1276-يىلى («ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى») «قۇملۇق» (لوپ شەھىرىگە يېقىن جايلىرىلا «لوپ قۇملۇقى» دېيىلگەن). 1540-يىللىرى (مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي») «قۇملۇق»، 1854-يىلى («تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن») «تەرك مەكان»... دەپ يېزىلغان. يازما ئۇچۇرلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەكلىماكان قۇملۇقى، 17~18-ئەسىرلەرگىچە «قۇملۇق» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ مەخسۇس نامى بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىمۇ « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا بۇ ھەقتە مەخسۇس ئۇچۇر قالدۇرمىغان، پەقەت خەرىتىسىدە «قۇملۇق» دېيىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، تەكلىماكان نامى 17-18-ئەسىرلەردە كېلىپ چىققان. شۇ ۋاقىتلاردا قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن يۇرت-

ماكانلار بەلگە قىلىنىپ، «تەرك مەكان» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل ئاتاش تاكى 20 ـ ئەسىرلەرگىچە تازا ئومۇملىشىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، رۇسىيىلىك قازاق ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوۋ (1858 ـ يىلى تارىم ۋادىسىغا كەلگەن) «كاشغەر قۇملۇققا جايلاشقان.... نۇرغۇن دەريالار تاغ تىزملىرىدىن باشلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ» [1] دەپ يازغانلىقى بۇنىڭدىن بېشارەت بەرمەكتە. دوكتۇر سېۋېن ھېدىننىڭ «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ياشاۋاتقان لوپلۇقلار ئۇنىڭغا قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى بايلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. سېۋېن ھېدىن « ‹تاكلاماكان› ئاتالغان بۇ جاينىڭ ھېكايىلىرىنى شۇنداق ئۇچۇق بىلىدىكەن. باشقىلار قۇملۇقتا نېمىنىڭ ساقلانغانلىقىنى بىلمەيدۇ، پەقەت ئۇ يەرگە بارسا ئۆلىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. ئۇلار سىرلىق چۆللۈكنى پەقەت ‹ئاۋۇ قۇملۇق› دەپ ئاتايدۇ» [2] دەپ يازغانلىقى تەكلىماكان نامىنىڭ تازا ئومۇملىشىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، بۇ رىۋايەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سۈپىتىدە كۈنىمىزدىمۇ تارقالغاندىن باشقا، يەنە «تارىخى رەشىدىي»، «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا تەزكىرىسى»، «تەزكىرەتۇل ئىرشاد» قاتارلىق كۆپلىگەن تارىخى ـ تەزكىرە كىتابلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. تەكلىماكان ھەققىدىكى بۇ رىۋايەت شەھىرى كىتىك بىلەن ياكى تەكلىماكان شەھىرى نامى بىلەن باغلىنىدۇ. كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا ئاڭلىغان ھېكايەتلەردە، تەكلىمكان قۇملۇقى ئەسلىدە شەھەر بولۇپ، قۇم ياغقاندا ئاھالە موما ياغاچ قاداپ شۇنى ئايلىنىپ ھايات قالغان ۋە كۆچۈپ كەتكەن. شايار ناھىيىسىدىن تېپىلغان شەھىرى كىتىك ھەققىدىكى قولىيازمىدا، شەھىرى كىتىك قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن «جالالىدىن كىتىكنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېگىز چاقىلىق ئىككى يۈز ھارۋا بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە مال دۇنياسىنى ئېلىپ ئەردەۋىل (ئاقسۇ) گە يېتىپ كەپتۇ. بۇرۇن كىشىلەر ھارۋىنى ‹تۇخرى› دەيدىكەن. شۇڭا ھارۋىدا كەلگەن كىشىلەرنى ‹تۇخرىلار› دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ‹تۇخرىلار› دېگەن سۆز ‹توخۇلا› غا ئۆزگىرىپ شۇلار ماكانلاشقان يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ» [3] دېيىلگەن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، تەكلىماكان ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر ساقلانغان، بۇ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە قۇملۇق ئەسلىدە تارىملىقلارنىڭ يۇرت ماكانى بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن يۇرتى ۋەيران بولغاندا كۆچۈپ چىققان. 1850 ـ يىللىرىدىن باشلانغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا تەكلىماكان قۇملۇقى ياكى چەت ـ چۆرىلىرىدىن نۇرغۇن شەھەر خارابىلىرى بايقالدى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، خوتەن دەرياسى ئېقىنىنىڭ يېقىنقى 350 يىلدىن بۇيان 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۈرۈلگەنلىكىنى، تارىم دەرياسىنىڭ كۆپ قېتىم ئېقىن يۆتكىگەنلىكىنى، بەزى دەۋرلەردە ھەتتا ئېقىنىنىڭ قىسقىراپ بىر قىسىم يەرلەرنىڭ سۇسىز قالغانلىقىنى، بوستانلىقلاردىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ سۈرۈلگەنلىكىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. قۇرغاق رايون بولغان تارىم ۋادىسىدا سۇ دېمەك، ھاياتلىق دېمەكتۇر. دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ھاياتلىقنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەر خارابىلىرى بۇنىڭ ئىسپاتى، قۇملۇق ئىچىدىكى خارابىلەر تارىملىقلار «تەرك» ئەتكەن «ماكان» لاردۇر.

مەھمۇد كاشغەرى نېمىشقا شۇنچە چوڭ قۇملۇقنىڭ نامىنى خاتىرىلىمەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى تەكلىماكان نامى مەۋجۇت بولمىغان، ھەتتا باشقا نامىمۇ بولمىغان، پەقەت قۇملۇق دەپلا ئاتىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. تەكلىماكان بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، ئۇنداق قەدىمىي نام بولماستىن بەلكى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قويۇلغان ۋە تەدرىجىي ئومۇملاشقان. ئارخېئولوگ ق. ۋەلى ئىسمەتۇللاھ بىننى نېمىتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرچە قولىيازما «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن» دا «تەرك ماكان» دەپ خاتىرىلىگەنلىكىنى پاكىت قىلىپ تېپىشىۋغا ئوخشاش «تەرك» كە «لى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ھەمدە ماكان بىلەن باغلىنىپ، پۈتۈن بىر نامغا ـ تەكلىماكانغا ئۆزگەرگەن دېگەن يەكۈنگە ئېرىشكەن. «تەرك مەكان» قانداق قىلىپ «تەكلىماكان» غا ئۆزگىرىدۇ؟ تىل قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، «تەرك» كە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لى» قوشۇلغان، يەنى «تەرك+لى +مەكان» دىن، يەنى «تەركلىمەكان» دىن «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «تەكلىماكان ~ تەكلىماكان» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

«چاغاتاي تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «تەرك» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان:

تەرك I [تىرك] ئۇرۇشتا باشقا كىيىلىدىغان مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىلىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم.

تەرك II [تىرك] (ئەرەبچە) تاشلاش، تاشلىۋېتىش، ۋاز كېچىش؛ قارىماي قويۇش:

يوقۇ بارىن تەرك قىلماي بار تاپماق يوقدۇرۇر،

تۇرفەدۇركىم بۇ زەماندىن ئىزەدر ئەل خاھ ئۆزگەچە.

ـ ئەرشى

تەركى ئەدەب ـ ئەدەپ (ئەخلاق) قا زىت قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت.

تەركى خاب ـ ئۇيقۇنى تاشلىماق.

تەركى دۇنيا ـ دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يەككە ھالدا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش.

تەركى ھوش ئەتمەك ـ ھوشىدىن كەتمەك، ھوشىنى يوقاتماق[14].

تەرك سۆزلىمى پارس تىلىدىمۇ بار بولۇپ «تارك»، دەپ يېزىلىدۇ ھەمدە [ta:rek] تەلەپپۇز دەپ قىلىنىدۇ، مەنىسى «تاشلىغان، ئايرىلغان» دۇر.

«مەكان [مكان] (ئەرەبچە) (1) جاي، ئورۇن، يەر (2) تۇرار جاي» [15] دەپ ئىزاھلانغان.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «تەرك (ئىسىم [ئەرەبچە] ـ تەرك ئەتمەك. ۋاز كەچمەك، تاشلىۋەتمەك، قول ئۈزمەك» دەپ ئىزاھلانغان ۋە تەرك سۆزىدىن ياسالغان سۆزلەر تەرك قىلماق، تەركىجاھان، تەركىدۇنيا، تەركىدۇنيا بولماقنى كۆرسەتكەن [16].

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «ماكان (ماكانى)، ئىسىم [ئەرەبچە]. (1) تۇرار جاي، ئورۇنلاشقان يەر، يۇرت، ۋەتەن. (2) ئۆي، ئۇۋا» [17] دېيىلگەن. دوكتۇر لىتىپ توختى «ئەگەشمە كېلىش *li（伴随格） قەدىمكى تۈركىي تىلىدا ‹بىلەن، ھەم... ھەم» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تۈنلى كۈنلى (كېچە بىلەن كۈندۈز)، بەگلى بودۇنلى (بەگلەر بىلەن ئاۋام)، بۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە لىغ (لۇغ)، لىگ (لۈگ) شەكىللىرىدە، بار....نىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن، قاغانلىغ (قاغانى بار)....» [18]. «لى» قوشۇمچىسى قەدىمكى تۈركىي تىلىدىمۇ، كونا ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتاي تىلى (سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولغان) دىمۇ مەۋجۇد قوشۇمچە ئىكەنلىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇم. مۇشۇ پاكىتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «تەرك» ۋە «ماكان»، سۆزلۈكلىرى گەرچە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولسىمۇ، كونا ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ئىستېمال قىلىنغان سۆزلۈكتۇر. بۇ سۆزلۈكلەر ئىشلىتىلىپ، ئىسىم ياسىلىشى تامامەن مۇمكىن.

تەكلىماكان نامىنىڭ تەرك ماكاندىن ئۆزگىرىپ كېلىشى يازما ئىسپاتى ھەم تىلشۇناسلىق تەھلىلى، ئىجتىمائىي دەۋر تەھلىلى بولغان پاكىتلىق قاراشتۇر. تارىختا ئەجدادلىرىمىز قۇم تېگىدە قالغان يۇرت ماكانلىرىنى ئەسلەپ ھېكايە ـ رىۋايەت قىلغاندا، تەرك ئەتكەن ماكانلىرىنى «تەرك ماكان» دەپ ئاتىغان، بۇ ئىسىم تەدرىجىي تەكلىماكانغا ئۆزگەرگەن.

تاتار تىلشۇناسى ئەدھەم رىھمىۋىچ

تېنىشىۋ «تاۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەردىكى ئۇچۇردىن خەۋەرسىز هالدا (كىتاب ئۇ ۋاقىتتا نەشر قىلىنمىغان، قوليازمىسىنى كۆرگەن بولىشى ناتايىن) تىلشۇناسلىق تەھلىلى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەكلىماكان» نامىدا «ئە» تاۋۇشىنىڭ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىغا ئاساسەن، «ئە» تاۋۇشىنىڭ كەينىدە بىر ئۈزۈك تاۋۇش بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۆت~تۆرت، بۆك~بۆرك، تارتامدۇ~تاتامدۇ، ئوغاق~ئورغاق، ئاتامدۇ~ئارتامدۇ، تاقاق~تارقاق...مىساللىرى ئارقىلىق، «بىز شۇ ‹ر› تاۋۇشىنى ئەسلىگە قايتۇرىدىغان بولساق، ‹قالدۇرماق، تاشلىماق› دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە سۆز : tark كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ‹لى› بولسا ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت ۋە ياكى ئابستراكت ئىسمىنىڭ بەلگىسى بولغان ‹لىك› نىڭ قىسقارتىلغان گرامماتىكىلىق شەكلىدۇر. چۈنكى ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىش ئورنىدا تۇرغان ‹ك› يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تەلەپپۇزنى يېنىكلىتىش تەلىپىدىن چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. ... مەكان سۆزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش ‹ئا› قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ»[1] دەپ يازغان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تىلشۇناس تېنىشىۋ تىلشۇناسلىق تەھلىللىرى ئارقىلىق 1959 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «تەرك ماكان» ئېتىمولوگىيىسى، 1982 - يىلى قوليازما «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» نىڭ نەشرگە تەييارلىنىپ، فاكسىملى ئېلان قىلىنىشى بىلەن، تېنىشىۋ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ق. ۋەلى قوليازمىدىكى «ترك مكان» غا دىققەت قىلغان ھەمدە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ «تەكلىماكان» نامىنىڭ «تەرك مەكان» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

## خۇلاسە


ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، چەت ئەل تىللىرىدىكى ماتېرىياللاردا «تاكلاماكان» دەپ يېزىلغان بۇ نام ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەكلىماكان» نامىنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. تىللارنىڭ ئۆزىنىڭ فونېما پەرقلىرى ۋە بەزى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، بىر تىلدىكى نامنى ئىككىنچى بىر تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يارىتىلغان يېزىقتا ئەينەن خاتىرىلەش مۇمكىن ئەمەس، جۈملىدىن بەزى پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. تەكلىماكان نامىمۇ 19 - ئەسىردىكى غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن «تاكلاماكان» دەپ يېزىلغان، بۇ تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، تارىم ۋادىسىدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلىدىكى «تەكلىماكان» سۆزىدىن كەلگەن. تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان بۇ دۇنياۋى چوڭ قۇملۇق تاكى 18 - ئەسىرلەرگىچە مەخسۇس نامدا ئاتالماستىن «قۇملۇق» دەپلا ئاتالغان. 18 - ياكى 19 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، تۈرلۈك ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن قۇم بېسىپ كەتكەن، جۈملىدىن قۇم تېگىدە قالغان شەھەر - بوستانلىقلارنى بەلگە قىلىپ، «تاشلاپ چىققان ماكان» لىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «تەرك مەكان» دەپ ئاتىغان. «تەرك» سۆزىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ‹لى› نى قوشۇپ «تەركلىمەكان» دەپ ئاتىغان، كېيىنچە ‹ر› تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ‹تەكلىماكان› غا ئۆزگەرگەن، بۈگۈنكى كۈندە ‹ئە› تاۋۇشىنىڭ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئەنە شۇ ‹ر› تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدىن بولغان. تەكلىماكان قانداقتۇر «تاكلاماكان» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە «تۇخرى» لارنىڭ نامىنى مەنبە قىلغان بولماستىن، ئۇيغۇر خەلقى تاشلاپ چىققان، تەرك ئەتكەن، قۇم تېگىدە قالغان يۇرت - ماكانىنى بەلگە قىلغان «تەرك مەكان ~ تەرك - لى - مەكان ~ تەكلىمەكان ~ تەكلىماكان» دۇر. سۆزىمىزنىڭ گۇۋاھى سۈپىتىدە خوتەن ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق «خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن

بـۇرۇنقى 202 ـ يىلـــدىن مىلادىـــيە 220 ـ يىلىغىچە) دىن هازىرغىچە 30 نەچچە شەهەر قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن، بوستانلىق جەنۇبقا 200 نەچچە كىلومېتىر سۈرۈلگەن. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى: خوتەن بوستانلىقى كەلگۈســدە يەر شـارىدىن يوقۇلــدۇ، دەپ پەرەز قىلىـــشقان.... مۇتەخەســـسلەرنىڭ هېسابلىشىچە، تەكلىماكـان كـۆچمە قۇملـۇقى هەر يىلـــى بەش مېتـــردىن 10 مېتـــرغىچە جەنۇبقــا كېڭەيمەكـــتىكەن» ⑳. مانـــا بــۇ پاكىتلار تارىختىن بۇيان تارىملىقلارنىڭ يۇرت ماكـانىنى كـۆپ قېتىم «تەرك» قىلغانلىقىنى كۆرســتىپ بېرىــدۇ. مۇشـۇ خىـل سـەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۇنيا بويىچە 2 ـ چوڭ كـۆچمەن قۇملـۇق «تەرك مەكـان» ~«تەكلىماكـان» دەپ ئاتالغان.

***ئىزاهاتلار:***

① ماچىن ـ خوتەننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى.

② «هۇددۇدۇل ئالەم»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 68 ـ بەت.

③ مەهمۇد كاشغەرى: «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرگە كىرگۈزۈلگەن خەرىتىدىكى ئىزاهاتقا قاراڭ.

④ «ماركوپولونىڭ ساياهەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 90 ـ ، 91 ـ بەتلەر. ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 67 ـ بەت.

⑤ مىرزا مۇهەممەد هەيدەر: «تارىخىي رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 632 ـ ، 643 ـ ، 932 ـ بەتلەر.

⑥ ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 40 ـ بەت، فاكسىمىلىنىڭ 34 ـ بېتى.

⑦ سېۋىن هېدىن: «كۆچمەن كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 222 ـ بەت.

⑧ جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2003 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ بەت.

⑨ بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 859 ـ بەت.

⑩ ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار (10)» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 116 ـ بەت.

⑪ «چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن، 1975 ـ يىلىدىكى شافىگراپ باسما 99 ـ بەت.

⑫ سېۋىن هېدىن: «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە هاياتىم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 238 ـ بەت.

⑬ «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى (2)»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 74 ـ بەت.

⑭ «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 149 ـ ، 608 ـ بەت.

⑮ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 134 ـ بەت.

⑯ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 35 ـ بەت.

⑰ لېتىپ توختى «ئالتاي تىلشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»، شەنشى مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 409 ـ بەت.

⑱ ئە. تېنىشېۋ: «‹تاكلاماكان› سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 3 ـ سان، 22 ـ بەت.

⑳ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى، 2 ـ بەت.

**(ئاپتور چاقىلىق ناهىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى)**

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# خوجىلار جەمەتى ۋە خوجىلار دەۋرى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابلەت نۇردۇن

خوجىلار جەمەتى غايەت زور دىنىي - سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتا بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭقۇر سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي يىلتىزغا ۋە كەڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەردىن بولۇپ قالدى.

«خوجا» - پارسچە سۆز بولۇپ، ئادەتتە Khwaja تەلەپپۇزىدا يېزىلىدۇ. بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ شەھەر پۇقرالىرى ئارىسىدىكى كاتىپلارنى بىلدۈرۈشتىن، كېيىن ھەرەم ئاغىلىرىنى بىلدۈرىدىغان مەنىگە ئىگە بولغان، ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن Khuwaja ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە Khuwaja تەلەپپۇزىدا يېزىلىدىغان بولغان ۋە «جاناب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. تۈركىي تىللاردا Khoja تەلەپپۇزىدا يېزىلىدىغان ماۋارەئۇننەھر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ئەڭ دەسلەپ خەلىپە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى، شۇنداقلا ئەلىنىڭ فاتىمىدىن باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنى بىلدۈرگەن. بىراق 14-ئەسىردە بەزىلەر «خوجا» نى كىشى ئىسمىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىلياس خوجاخان، خىزىر-خوجاخان قاتارلىقلار، ئەمما «خوجا» نامى مەخدۇم ئەزەم جەمەتى يەنى مەزكۇر ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان خوجىلار جەمەتى دەۋرىگە كەلگەندە كونكرېتلاشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا كۆرسىتىلگەن تاشقى نەسەب (قانداشلىق نەسەبى) تىن قارىغاندا، بۇ سۆز يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە ۋە ئەلىدىن بولغان پەرزەنتلەرنى كۆرسەتكەن، يەنى «سەئىد» بىلەن مەنىداش ھالدا ئىشلىتىلگەن.

جاھالەتپەرەس خوجا- ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» نىڭ شىنجاڭ زېمىنىدا مەيدانغا كېلىشى، ھەرگىز تاساددىپىي ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بىر مەسىلىدۇر.

10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدىمۇ ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. قاراخىتاي (غەربىي لياۋ) ئىمپېرىيىسى بىلەن چاغاتاي خانلىقى ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىدىن، ئىسلام دىنى باشقا دىنلار بىلەن بولغان رىقابەتتە تېخىمۇ روناق تاپتى ۋە كېڭەيدى. بولۇپمۇ ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېخىمۇ تېز ئەۋج ئالدى. 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە «شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى»، ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىشى

«تارىخىي مۇقەررەرلىك» كە ئايلاندى. ئوخشاشلا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئىسلاملىشىشىمۇ «تارىخىي مۇقەررەرلىك» بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ جەريان خېلىلا مۇرەككەپ ۋە ئۇزاق ۋاقىتتا تاماملاندى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى قورچاق بولۇشنى خالىمىغان تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدىغان دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر بىردەك ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلام دىنىدىن مەدەت تىلەشتى، ئۇلار دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن كەڭ ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 1353-يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا دىنىي زاتلارنىڭ تەرغىباتى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق، ئەينى يىللاردىكى بۇددا دىنى مەركىزى بولغان تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىدىكى بارلىق پۇقرالار ئاساسەن ئىسلام دىنىغا كىردى. بۇ دەۋردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. مەۋلانە ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى بۇخارانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇجتەھىدى (دەلىللەشكە ئىشتىراك قىلمايلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان فىقھە، شەرىئەتنى شەرھىلىگۈچى) خوجا ھەفىسدىنىنىڭ ئىنىسى شۇ جائىدىن مەھمۇد ئىدى. شۇ جائىدىن چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، تېخى يېڭى خان تەختكە ئولتۇرمىغان چاغدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ جەمەتى شۇ يەردە دىن تارقىتىشقا باشلىغان.

14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گورۇھى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتكۈل خانلىققا كېڭەيدى.

15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇۋەيسخان ماۋارەئۇننەھردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا نەقشىبەندى مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەزھەپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىردى. يۇنۇسخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن نەقشىبەندى مەزھىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا سۈرۈپ چىقىرىلدى، ھەتتا خوجا تاجىدىنمۇ نەقشىبەندى مەزھىپىگە كىردى. شۇنداق قىلىپ 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەقشىبەندى مەزھىپى ئاتاقتا پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا كېڭەيدى.

نەقشىبەندىيە مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىدىكى بىر كىچىك مەزھەپ بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى نەقشىبەندى (1317- 1389-يىللار) دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. بۇ مەزھەپ بىلەن ئادەتتىكى سوپى مەزھىپىنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا توپلىشىپ تىلاۋەت قىلغاندا زىكىر (**dhikr** - ساما ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىلاھ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى) كەلسە-كەلمەس ۋارقىراپ ئوقۇلماستىن، بەلكى پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. سوپى مەزھىپى، 8-11-ئەسىرلەردە ئىراندا پەيدا بولغان. بۇ سىرلىق، يېرىم راھىبلىق مەزھەب. سوپى (**sufi**) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يىرىك يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇم»، «خام توقۇلما» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ نامرات، تەركىدۇنيا

تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن سوپى مەزھىپى مۇرىتلىرى دەرۋىش بولۇپ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەشكىللەپ، بىر خىل زور ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچكە ئايلانغان ۋە ھۆكۈمران سىنىپلار دائىم «غازات» قىلىشتا تايىنىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالغان.

11 - ئەسىردە سوپى مەزھىپى خۇراسان ۋە ماۋارەئۇننەھردە كەڭ تارقالدى ۋە تەدرىجىي بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىمامى ئەھرارخان تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىنىڭ خانى ھۇسەيىننىڭ مەنىۋى ئۇستازى، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ماۋارە ئۇننەھردىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانغا ئايلانغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بارتولد: 1451 - يىلى «ھۇسەيىننىڭ غەلىبىسى ئوخشاشلا خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى بولغان» دەپ يازىدۇ. غاپپاروف: «خوجا ئەھرار - ھەقىقىي فېئودال، ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مىقداردىكى بايلىق ۋە ناھايىتى كەڭ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. خوجا ئەھرارخان ئىمام بولغان چاغدا نەقشبەندىچىلىك مەزھىپى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندى. مەھمۇدخان بولسا خوجا ئەھرارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇرىتى مۇھەممەد داموللىنىڭ مۇرىتى ئىدى. بۇنىڭدىن نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشىنى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، سىياسىي جەھەتتە فېئودallارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئەھرارنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كەلدى. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان «خوجىغا مۇرىت بولغان»، ئۇنى كۈتۈش ئارقىلىق دەرۋىش بولۇپ، «مۇرادىغا يېتىش» نى ئارزۇلىغان. ئەمما ئۇ خوجا ئۇنىڭغا «تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، دەرۋىشلەردەك پەرھىز تۇتىسىڭىز، ئاندىن تىلىكىڭىزگە يېتىسىز» دەپ پەندى-نەسىھەت قىلغان. خوجا يەنە «راستىنى ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ‹ئاللاھ› غا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە يولى، لېكىن خانلار ئۆز ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. خانلارنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى دەرۋىشلەر (مەيلى ئۇ قانداق تەرىقەت قىلسۇن) نىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان شاپائىتىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك ھوقۇقتۇر»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان بىر مەھەل دىنىي ئەسەبىيلىكتىن پەسكويغا چۈشىدۇ. دەرۋىشلەر گۇرۇھىنىڭ سەردارى دىنغا بېرىلگەن نۇرغۇن مۇرىتلارغا مۇھتاج بولۇپلا قالماي، ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا تېخىمۇ مۇھتاج ئىدى. شۇڭا خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەم سەئىدخاننىڭ مۇرت قىلىشى، ھەم ئۇنى داۋاملىق خان قىلىپ، ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئۆز مەزھىپىگە تېخىمۇ كۆپرەك «ئىلتىپات» ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئاكىسى خوجا نۇرى، ئەرشىدىننىڭ پۇشتى خوجا تاجىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەكەنگە كېلىپ دىنىي سەردارلىق ھوقۇقىنى تالاشتى ھەمدە ئۇلار يەكەن خانلىقىدىكى بىر مەزھەپكە يار-يۆلەك بولدى. كۈرەش نەتىجىسىدە خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئاۋۋال ئېرىشكەن خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئاكىسى خوجا نۇرىنى سىقىپ چىقاردى. ئەمما دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا

مۇيەسسەر بولغان خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ جەمئىيەتتە يەنىلا ناھايىتى چوڭ تەسىرى بار ئىدى، خوجا مۇھەممەد شىرىپنىڭ پائالىيىتى بولسا پەقەت ئوردا بىلەن يۇقىرى قاتلام تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۈچىنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ دىنىي تەسىرىگە زەربە بەردى. ئۇ خوجا مۇھەممەد شىرىپنى پائال قوللاپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى؛ بۇ خوجىمۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي چوڭ ئىشلىرىغا پائال ئىشتىراك قىلىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈش قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولدى.

سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ماۋارەئۇننەھر رايونىدىكى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5-ئەۋلاد سەردارى مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلى يەكەن خانلىقىغا كەلدى، ئۇلار نەچچە ئەۋلاد دىن تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن تەدرىجىي دەھرىي ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىگۈچىلەرگە ئايلاندى.

مەختۇم ئەزەم ئۇلۇغ ئىگەم. دېگەن مەنىدە، ئەھمەد كاساننىڭ لەقەبى (laqab - شەرەپ نام دېگەن مەنىدە) ئىدى. «تەزكىرەئىي ئەزىزان» («خوجىلار تەزكىرىسى») دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ تۇنجى ئاتا-بوۋىسى ئەرەبىستاندىكى مەدىنىلىك بولۇپ، بوۋىسى پەرغانە رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. مەختۇم ئەزەم ھىجرىيە 866-يىلى (1461-، 1462-يىلى) پەرغانىدىكى كاسان دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ تاشكەنت مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان چېغىدا، نەقشبەندىيە مەزھىپىگە كىرگەن ھەمدە خوجا ئەھرارنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد غازىنىڭ مۇرىتى بولغان. مۇھەممەد غازى ھىجرىيە 921-يىلى (1515-، 1516-يىلى)قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ بۇ مەزھەپنىڭ سەردارى بولۇپ، ھىجرىيە 949-يىلى (1542-، 1543-يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن.

خوجىلار مەزھىپىدىكى مۇرىتلار ئارىسىدا ئۇ نەقشبەندىيە مەزھىپىدىكى ئەڭ كاتتا ئابرويلۇق خۇداگۇي (ئىلاھىيەتچى) ۋە نەزەرىيىچى دەپ تونۇلغان. مەختۇم ئەزەم سۈننىي مەزھىپىدە بولۇپ، نۇقتىئىينەزىرى پاناھچىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سوپىلار دائىم خانىقالاردا تۇرۇپ تەرىقەت قىلىشى، دىن تارقاتقاندىلا ئۇزاق مۇددەت سىرتتا تۇرۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىپ قىلاتتى. ئۇ شەخسنىڭ زاھىد تەركىدۇنيا بولۇشىنى ئىنكار قىلاتتى. نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەردە مۇرىتلار مەزھەپ ئىچىدىكى رەسمىي پائالىيەتلەردە «پەس ئاۋازلىق زىكىر» ئۈچۈن خىراج تۆلىسە، ئۇلارنىڭ «يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىشى» ۋە ساما ئوينىشىغا ئىلتىجا بەردى ھەمدە ساز ساما ئۇسسۇلى ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلدى. سىياسىي جەھەتتە مەختۇم ئەزەم ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قانچە ئەۋلاد دىنىي شەيخۇلئىسلاملارغا ئوخشاشلا شەيبانىلار خانىدانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە يۇرتداچىلىق ئىشلىرى ھەمدە ئىچكى كۈرەشلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلدى. مەختۇم ئەزەم ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ماۋارەئۇننەھردە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەشقەرلىك بىر خوتۇنىنىڭ بارلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ قەشقەرگىمۇ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، (ئەمما ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغان مۇئەللىپ شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى

زەيلى» ، «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») ناملىق ئەسىردە ئىمكانىيەت بولسىلا خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالاھىدە ماختاشنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان.

مەختۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدىلا ئوغۇللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىننى («ئىشان كالان» نامى بىلەن مەشھۇر) نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش پىرلىقىغا، قالغان ئوغۇللىرىنى مەزكۇر مەزھەپنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلىقىغا بەلگىلىدى. ئەمما مەختۇم ئەزەم ئۆلۈشى بىلەنلا ئوغۇللىرى مەزھەپنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن كۆرەشلەرنى قوزغىدى، ئەمما بۇ مەيدان كۆرەشتە چوڭ ئوغۇل مۇھەممەد ئىمىن باشقىلارغا قارىغاندا نامى ئۇلۇغ، سۆزى يوللۇق بولغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەمما ئىسھاق ۋەلى مەختۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ھەمدە بۇ خوتۇن سەئىد جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىكى «ئوغۇل ئانىسى نەسەبىدىن ئەتىۋارلىق» دېگەن ئەنئەنە بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ «خوجائى قەشقەرى» دەپ ئاتالدى. يەنە كېلىپ بۇ قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ئۇمۇ مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئايلاندى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تولىمۇ كەسكىن بولدى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىمۇ تەدرىجىي ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى. مانا بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاقتاغلىق، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ مەنبەسى ئىدى. «بۇ كۆرەش ماۋارەئۇننەھر رايونىدىن ھالقىپ، موغۇل دۆلىتى (يەنى يەركەن خانلىقى)، قازاقلار ۋە قىرغىزلار تېررىتورىيىلىرىگىچە يامرىدى» ، بۇ قارىمۇ قارشى ئىككى مەزھەپ بۇ رايونلاردا كۆپلەپ مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى زورايتتى ۋە ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىلار غەربىي يۇرتقا كىرىپ كەلدى.

15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىش، تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە يۇقىرىسى ھوقۇقدار كاتتىلاردىن تۆۋىنى ئاۋام پۇقرالارغىچە، غايەت زور تەسىرگە ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. ئۇ يەردىكى دەھرىي ھاكىمىيەت ئارىسىدىكى كۆرەشلەر سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىركىشىپ تۇرۇشى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى كۆرەشلەر، سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتەتتى.

خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ يەركەن خانلىقىغا كىرىشىدىكى تۈنجى ئۆتەك ئانىسىنىڭ يۇرتى قەشقەر بولدى. ئىسھاق ۋەلى ئۆزىنىڭ شانۇ-شاۋكەتلىك خوجىلىق سالاھىيىتى، مەرتىۋىلىك شەجەرىسى ۋە يۈكسەك ئابرۇيى، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە پائالىيەتچانلىقى بىلەن قەشقەردە زور ئۇتۇق قازاندى. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ خاتىرىلىشىچە، شۇ جايدىكى دىنىي زاتلاردىن موللا قاسىم خەلىپە ئۆز مۇرتلىرىنى ۋە يېقىن-يورۇقلىرىنى باشلاپ كېلىپ خوجا ئىسھاققا قول بەردى. موللا ئىبىن يۈسۈپ خەلىپىمۇ خوتەندىن كېلىپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ بۇنداق باش ئېگىشلىرى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نىسبەتەن شەكسىزكى،

غايەت زور تەسىرگە ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ سەپكە قېتىلىپ كەتتى.

قىسقىسى، خوجا ئىسھاقنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرى مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مۇھەممەد سۇلتانغا ئوخشاش بەگ-سىپاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، زور ساندىكى مۇرىتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما تەۋرەنمەس ۋە مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشقا قادىر بولالمىدى.

ھىجرىيە 1000-يىلى (1591-1592) سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا بەشىنچى ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. گەرچە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قاراتاغلىق خوجىلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئەمەلىيەتتە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زور غەلىبىسى بولدى. ئۇلار مۇھەممەدخاننىڭ قوللىشى بىلەن باشقا مەزھەپلەرگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار خانلىقنىڭ قوللىشى بىلەن كۆپلەپ مۇرىت-تالىپ قوبۇل قىلىپلا قالماي يەنە ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەچكە، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەزھەپلەر قارشىلىشىشقا پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيدى.

قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇھەممەدخاننىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان خوجا ئىسھاققا يازغان مەكتۇبىدا، ئۆزىنى «ئەڭ پەس قۇل» دەپ ئاتىدى ھەمدە «ئەرزىمەس بېشىنى سوۋغا ئورنىدا خوجا ئىسھاققا ئاتا قىلىش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا بولغان بىۋاسىتە كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىسھاق خوجا 1596-يىلى ئەمدىلا يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەد يەھيا (خوجا شادى نامى بىلەن مەشھۇر) نى يەركەنگە ئەۋەتتى. مۇھەممەدخان بۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىۋار بىلەن قاراپ، شەخسەن ئۆزى قىزغىن ۋە سەلتەنەتلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق يازىدۇ: «خوجا مۇھەممەد يەھيا ئىبنى خوجا ئىسھاق بىنى مەخدۇم ئەزەم (ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولغان ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) ماۋارائۇننەھردىن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر، مۇھەممەدخان قوش قەمبەرگە كۈتىۋېلىشقا كەلدى ۋە ئەڭ ئالىي ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قاراقۇم يېزىسىغا كەلدى. ئاندىن مۇھەممەدخان ئاتتىن چۈشۈپ مۇھەممەد يەھيا مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆز بويىنىغا سالغىنىچە ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇدا ئۈچ كۈن ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن مەقبۇل كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا مۇھەممەد يەھياغا مەخسۇس خانا تەييارلاپ شۇ يەردە جايلىشىشقا تەكلىپ بەردى»، شۇندىن ئېتىبارەن قاراتاغلىق خوجىلار يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا قەدەم باستى. مۇھەممەدخان، مۇھەممەد يەھيا خوجا (يەنى خوجا شادى) نى مەنىۋى ئۇستاز تۇتۇپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىمارەت سالدۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، يەنە فەيزىباد ۋە سانقاش يېزىلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، كېيىنچە يەنە ئۈزلۈكسىز ھالدا كەنت-يېزىلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەردى، ھەمدە قاشتېشى

قىزىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئۇنىڭ خىراجىتىگە تاپشۇردى. 1610-يىلى مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، خوجا شادى 21 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە غەيرەت-جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى تىزگىنلەپ ئۆز قولىدا تۇتتى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سىياسىغا قول تىقىپ ئۆز تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەركەن خانلىقىدىكى يۇقىرى لەشكىرىي - سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئىشلاردىن تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغىچە بولغان ھەممە ئىشلار خوجىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى.

ھىجرىيە 1018-يىلى (1069- 1610) مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئوردىدا پائال ھەرىكەتلىنىۋاتقان خوجا شادى، ۋەزىر خوجا لېتىپ، قوشبېگى (ئەڭ ئالىي لەشكىرىي قوماندان) مىرزا غىياس، ئىشىكئاغا (ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى) مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار دەرھال خاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەر نائىبى شۇجائىددىن ئەھمەد سۇلتانغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەركەنگە كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. خوجا شادىنىڭ تەسىر كۈچى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ مۇرتلىرى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ ئەسەبىيلەشكەن ھەم قاراملىقتا چېكىگە يەتكەن زور كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خان ئارقا-ئارقىدىن تارتۇق قىلغان زېمىن، ئۆي-جاي ۋە پۇل-ماللار بىلەن «باي ۋە قۇدرەتلىك فېئوداللارغا ئايلانغانىدى»، خوجىلار جەمەتى ۋە مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىنىڭ ئەكسىچە، خانلىق ھوقۇقى كۈنسېرى ئاجىزلاشتى.

خوجا شادىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچەيدى، خوجا شادى مەزھەپتىكى مۇتلەق نوپۇز ئىگىسى ۋە ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىردىنبىر داھىيغا ئايلاندى، ئۇ يەنە خانلىقتا تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ھوقۇقلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجىلار يەركەن خانلىقىدىكى خانلىقنى قوللىغۇچىلاردىن خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگۈچىلەرگە ئايلاندى.

ھازىرقى مەۋجۇت بولغان مەنبەلەردىن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئۇستازى ئىشان كالان (يەنى مۇھەممەد ئىمىن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ شەخسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلگەنلىكىگە ئائىت بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ماۋارەئۇننەھردە ئۆتكەن، مەزكۇر مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا كېلىشى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپتىن باشلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ يەركەن خانلىقىغا كەلگەندە ئابدۇلېتىپخان تەختتە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خوجا شادى باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپى غايەت زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار يۇقىرى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي تۇرمۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرىۋاتاتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پۇت تىرەپ تۇرمىقى قىيىن ئىدى. ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشتىن سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايتتى. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ۋەز-تەبلىغ قىلىپ يۈرۈپ يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلدى. بۇ جاي قاراتاغلىقلارنىڭ مەركىزى بولغان يەركەندىن

يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراتاغلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغانىدى، يەنە كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نىسپىي مۇستەقىللىقنى ئىگە بولغاچقا، يەركەن خانىنىڭ قىلىچە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك دىنىي فېئودالىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، نىكاھ ۋاستىسى ئارقىلىق يەرلىك دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ مۇشۇ مەزگىللىك (تەخمىنەن 12 ـ ، 13 ـ يىل) دىنىي تەرغىبات پائالىيەتلىرى قومۇل رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بىراق ئۇنىڭ غەربكە قاراپ زورىيىش ئارزۇسى تۇرپان رايونىدا قاراتاغلىقلارنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلمىدى.

ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (1638 ـ 1639) ئابدۇللاخان ئاخىرقى ھېساباتا تەختكە ئولتۇرۇپ، پۈتكۈل يەركەن خانلىقىنىڭ خانى بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد يۈسۈپ 11 ـ 12 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلدى، بىراق ئەھۋال مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولماي قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرنى بازا قىلىپ، ئۆزلىرى كونترول قىلىۋالغان مەركىزىي ياكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ كۈرىشىنى ئىككى سىياسىي گورۇھنىڭ كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتتى. قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ جىددىيلىشىشى نەتىجىسىدە قاراتاغلىقلار ۋە ئاقتاغلىقلار ھاكىمىيەتكە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن خانلىقتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت، يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، بۇ ئەھۋالدا رەقىب بولۇشۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي كۈچلەر كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن دىنىي كۈچلەرگە تېخىمۇ بەكرەك تاياندى، بۇ ئەھۋال ئايلىنىپ كېلىپ مەزھەپ سەردارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىۋەتتى.

يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەركەن خانلىقىدا قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى كۈچەيگەن. يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل قاراتاغلىقلارنى قوللاپ، ئاقتاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقاردى. 1670 ـ يىلى ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. كېيىن تىبەتكە بېرىپ دالاي لامادىن مەدەت تىلىدى. دالاي لاما ئاپپاق خوجىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن شۇ چاغدىكى جۇڭغار خانى غالدانغا ئاپپاق خوجىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا مەكتۇپ يازدى. ئاپپاق خوجا تىبەتتىن قايتىشىدا چىڭخەي، گەنسۇدىن ئۆتتى. گەنسۇنىڭ سۇجۇ رايونىدىكى بۇددا راھىبمۇ ئاپپاق خوجىنى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يېزىپ بەردى.

ئاپپاق خوجا بۇ خەتلەرنى ئېلىپ 1676 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىغا

بارىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭغار خانلىقى خېلى قۇدرەت تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى يىلى ياز ئايلىرىدا قومۇل بىلەن تۇرپاننى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. ئاپپاق خوجا غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا قەشقەر، يەركەنلەردە مۇرتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ياردەمگە ئېرىشسىلا ئاسانلا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچى كامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى ئاللىبۇرۇنلا پىلانىغا كىرگۈزگەن ۋە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانىدى. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، غالدان ياش ۋاقتىدا دالاي لاماغا ئېتىقاد قىلىپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. تىبەتتە چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغان. دالاي ئۇنىڭغا «بوش خوتۇغتۇ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شۇڭا ئۇ دالاي لامانىڭ خېتى بويىچە ئاپپاق خوجىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بىر يىل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلىنىدۇ.

ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقنى تالان-تاراج قىلىشنى كۈچەيتىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ياخشىچاق بولىدۇ. غالدان ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئالدىدا، ئاپپاق خوجا ئۇلارغا نۇرغۇن مال-دۇنيا سوۋغا قىلىدۇ. يالغۇز غالداننىڭ ئۆزىگە تۆت مىڭ سەر تەڭگە ھەدىيە قىلىدۇ ۋە ھەر ئايدا شۇنچىلىك تەڭگە ئەۋەتىپ تۇرماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە 100 مىڭ سەر تەڭگە، 15 مىڭ چارەك بۇغداي ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنى تاپشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. ئاپپاق خوجا تىبەتتىكى دالاي لامانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لاسا (لىخاسا) غىمۇ تارتۇق يوللاپ تۇرىدۇ. غالدان ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، قىزىنى ئاپپاق خوجىغا ياتلىق قىلىدۇ.

خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت ئېغىر كەسكىنلەشتى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى، فېئودال خوجىلارنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەستىدىن خەلقنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتتى. مەزھەپلەر ۋە تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ كۈرىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. 1692-يىلى قاراتاغلىقلار جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسيان تېزلىكتە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. يەركەندىن باشقا جايلار ئاپپاق خوجىغا بويسۇنمايدىغان بولىۋالدى. بۇ چاغدا غالدانغا بەيئەت قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئامما ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئىناۋىتى چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئاپپاق خوجا جۇڭغارلار كونترول قىلىپ تۇرغان قومۇل ۋە تۇرپانغا قېچىپ كەتتى. لېكىن مۇھەممەد ئىمىن ئاقتاغلىقلار بىلەن غالدان قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن مەغلۇپ بولدى. ئاپپاق خوجا يەنە تەختكە چىقىپ قاراتاغلىقلاردىن شادى خوجا يەركەندە رەھىمسىزلىك بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، ئاپپاق غوجىنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالدى. ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنى خانىم پادىشاھ ئىسيانچىلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ شادى خوجىنى قەتلى قىلدى. ئۇ يەركەندە، ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا قەشقەردە تۇرۇپ ھاكىمىيەت سورىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي خانىم پادىشاھ بىلەن يەھيا خوجا توقۇنۇشۇپ قالدى. خانىم پادىشاھ

جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەھيا خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگۈزدى.

1696 - يىلى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئاقباشخان ئاقتاغلىقلارنىڭ يېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ يەكەنگە بېسىپ كىرىپ، خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈردى ۋە ئاقتاغلىقلاردىن قىساس ئالدى. 1697 - يىلى قەشقەردىكى ئەخمەت خوجا قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ يەركەندىكى ئاقباشخاننى مەغلۇپ قىلدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي دانىيال خوجا قازاقلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەركەندە تەختكە چىقىدۇ.

1713 - يىلى جۇڭغار خانى سېۋان ئارابتان قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدۇ. يەركەندىكى دانىيال خوجا جۇڭغار قوشۇنىغا تەسلىم بولىدۇ ۋە جۇڭغار قوشۇنىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا يول باشلاپ بېرىدۇ. قەشقەردىكى ئەخمەت خوجىنىڭ قوشۇنى بىر نەچچە كۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەخمەت خوجا ئەسىر ئېلىنىپ تۇرمىگە تاشلىنىدۇ. دانىيال خوجا ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 1720 - يىلغىچە مەختۇم ئەززەمنىڭ ئەۋلادى ئىلىك خوجا ھاكىمىيەت باشقۇرىدۇ. 1720 - يىلى جۇڭغارلار دانىيال خوجىنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ جۇڭغارلارغا ھەريىلى 100 مىڭ تەڭگە يوللاپ تۇردى. 1735 - يىلى دانىيال خوجا كېسەل بىلەن ئۆلدى.

دانىيال ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانى غالدان سېرىن دانىيالنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھاننى يەركەن ھاكىمى، ئۈچىنچى ئوغلى خوجا يۈسۈپنى قەشقەر ھاكىمى، تۆتىنچى ئوغلى خوجا خامۇشنى ئاقسۇ ھاكىمى، كىچىك ئوغلى خوجا ئابدۇللانى خوتەن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي غالدان سېرىن ئۇلارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ باشقىلارنى مەنسەپكە قويىدۇ، كېيىن خوجا يۈسۈپ كۈچ توپلاپ جۇڭغارلارغا قارشى چىققان بولسىمۇ، خانلىق تەختىگە چىقىش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بەزى جايلار جۇڭغار خانلىقىغا بەيئەت قىلسا، بەزى جايلار چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. يەركەن، خوتەنلەردە بولسا، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سۈردى. شۇنداق قىلىپ خوجىلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

خوجىلارنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئاسارىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ زور توسقۇن بولىدى. يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەن-مەدەنىيىتى خېلى روناق تاپقان. قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا «خانلىق مەدرىسى» گە ئوخشاش ئىلىم-پەن يۇرتلىرى، دىن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنى تەھسىل قىلىش مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئىستانبول (كونستانتىنوپول)، ئىراق، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. قەشقەردىكى تۆشۈكتاغ رەسەتخانىسى (ئاسترونومىيە كۆزىتىش ئورنى) مۇ خېلى داڭ چىقارغانىدى. ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ رەسەتخانىنى بۇزدۇرۇۋەتكەن، ئىلىم-پەن يۇرتلىرىنى سوفىزمچىلارنىڭ ئىستىقامەت سورۇنىغا ئايلاندۇرغان. «خانلىق مەدرىسى» دە ساقلىنىۋاتقان نەچچە 10 مىڭ پارچە كىتاب ۋە قولىيازمىلارغا ئوت يېقىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز كۆيدۈرگەن. نۇرغۇن ئالىملار، مەشھۇر زاتلار باشقا يۇرتقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر «مىللەتلەر

تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 5 - سانىغا بېسىلغان «ئاپپاق خوجا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقاندەك: شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بىزىدا توختاپ قالغان.»

1678 - يىلى ئاپپاق خوجىدىن باشلانغان «خوجىلار دەۋرى» 82 يىلچە داۋاملىشىپ، 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدىمۇ خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئۈزۈلمىدى. مەسىلەن، 1757 - يىلدىن 1857 - يىلغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە بۇرھانىدىن خوجا، سامساق خوجا، جاھانگىر خوجا (1790 - 1820)، بۇزرۇكخان خوجا (1824 - 1869)، ئەۋلىيا خوجا (1816 - 1869)، ۋەلىخان تۆرە (1821 - 1865) قاتارلىق مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوجىلارنىڭ قوقەن خانلىقىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى بىلەن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىرىپ قوزغىغان توپىلاڭلىرى، ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. ھەتتا «خوجىلار دەۋرى» دىن يۈز يىل كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ياقۇپبەگمۇ خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قوقەندىن ئاپپاق خوجىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بۇزۇرۇك خوجا (نەسەبىسى: ئاپپاق خوجا - يەھيا خوجا - مەھمۇت خوجا بۇرھانىدىن خوجا - سامساق خوجا - جاھانگىر خوجا - بۇزرۇك خوجا) قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلانغان.

قىسقىسى، شىنجاڭدىكى «خوجىلار دەۋرى» بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق، پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرى بولسۇن، باشتىن - ئاخىر ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، 1 - نەشرى.

② ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل 5 - ئاي، 1 - نەشرى.

③ ليۇ زېشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (2 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 5 - ئاي، 1 - نەشرى.

④ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 11 - ئاي، 1 - نەشرى.

⑤ شاھ مەھمۇت جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل 9 - ئاي، 1 - نەشرى.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 2 - سان، 2003 - يىللىق 2 - سان.

⑦ ۋېي لياڭتاۋ: «قارا خانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي، 1 - نەشرى.


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئاخپارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ، ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

2009第一期，维吾尔文

（总第十九期）

## 编 委 会

**主任：**

阿布拉·卡斯木

**副主任：**

阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼牙孜

**主编：**

阿布力木·克尤木

**副主编：**

**特邀编审：**

艾尔肯·伊明尼牙孜

**编辑：**

阿布都古力·阿不利主提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲业·买买提，吾尔尔·阿布都哈地尔

**封一和封四：**

吐鲁番洋海古墓群出土的高车人文物

## 目录

### 文 物 研 究

德国柏林《吐鲁番收藏品》中的古代印本……………………阿布都克尤木·米吉提（1）
关于维吾尔历法与《天文丛书—艾吉麦图里艾合卡姆》……………………艾尔肯·伊明尼牙孜（7）
洋海古墓群出土的高车人纪念品所反映的的物质文明轮廓…………阿布力孜·穆罕默德（14）

### 吐 鲁 番 学 研 究

被劫掠的洞窟……………………唐同（33）
维吾尔民间信仰文化的简史备忘录……………………海来提江·乌斯曼（54）
吐鲁番……………………艾马力·阿森（87）

### 丝 绸 之 路 与 探 险 队

论开辟草原丝绸之路的历史……………………马依努尔·吾甫尔（96）
灯光线对挖掘坎儿井和隧道的作用……………………阿布力木·克尤木（103）

### 高 昌 回 鹘 文 化 研 究

高昌回鹘文化的特点……………………艾西热甫·阿布都拉（106）
西域佛教时期的图书馆学……………………米娜娃尔·阿布都热合曼（113）

### 高 昌 回 鹘 研 究

高昌回鹘王家谱比较研究……………………吐尔逊·吾守尔（117）
法国的维吾尔学………耿世民（艾比布力·海力吾 译）（127）

### 地 名 研 究

探讨和卓家族与和卓时期……………………阿布来提·努尔东（137）
论《塔克拉玛干》一名的语源……………………阿力甫·艾热克（147）



ياغاچ سىزغەكلىك لاي نىقاپ M2063:2



ياغاچ سوغا M2040:1



ياغاچ سوغا M2040:1



مس پىچاق M286:4



مس ئېغىزدۇرۇق M214:1



لايدىن ياسالغان شامال پۈركەش نەيچىسى M2210:3

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق











ئايال جەسەت M376

بىر قۇلاقلىق كومزەك M353: 2

قۇلاقسىز كومزەك M329: 1

جوغىلىق ئۇرىق M330: 2

جوغىلىق ئۇرىق M330: 2

ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىچكى ماتېرىيال


# 吐鲁番学研究

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

主办单位：新疆吐鲁番学学会　吐鲁番学研究院

编辑：《吐鲁番学研究》编辑部

地址：乌鲁木齐市延安路711号（新疆伊斯兰教经文学院）

3号楼2单元502房

印刷时间：2009年6月

印刷：乌鲁木齐大金马印务有限责任公司

邮政编码：830000 电话：0991-2566833

新疆内部资料（刊形）准印证：00153W

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى،

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى

نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711 - نومۇر «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قورۇسى

3 - بىنا 2 - ئىشىك 502 - ئۆي

بېسىلغان ۋاقتى: 2009 - يىل 6 - ئاي

باسقان ئورۇن: شىنجاڭ جىنما باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى

پوچتا نومۇرى: 830000　تېلېفون: 0991-2566833

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W